كرشان چاندر (هندستان)



# سەرگەردان ئاشىق-مەشۇقلار

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com



45

ISBN 7-228-05776-7
9 787228 057764 >

ISBN 7-228-05776-7
I·2152(民文)定价 :11.70元

15
1351. 45
2

كرىشان چاندر ( ھىندىستان)

# سەرگەردان ئاشىق مەشۇقلار

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەخمەت ئىمىن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据
流浪恋人/(印)钱达尔著;艾合买提·伊敏译.
乌鲁木齐:新疆人民出版社,2000.6
ISBN 7-228-05776-7

Ⅰ.流… Ⅱ.① 钱… ② 艾… Ⅲ.长篇小说-印度-现代 Ⅳ.I351.45

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2000)第 29643 号

责任编辑:帕提古丽·米吉提
封面设计:艾克拜尔·萨里

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码:830001)
新疆新华书店发行
新疆司法印刷厂印刷
787×1092 毫米 32 开本 8.375 印张 2 插页
2000 年 7 月第 1 版 2000 年 7 月第 1 次印刷
印数:1—3060

ISBN7-228-05776-7/I·2152 定价:11.70 元

بۇ كىتاب خۇنەن خەلق نەشرىياتىنىڭ 1986 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1986 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据湖南人民出版社 1986 年 4 月第 1 版 1986 年 4 月第 1 次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: پاتىگۈل مىجىت
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# سەرگەردان ئاشىق ـ مەشۇقلار

ئاپتورى: كرىشان چاندر (ھىندىستان)
تەرجىمە قىلغۇچى: ئەخمەت ئىمىن

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ ئەدلىيە باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 787×1092 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 8.375 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2000 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2000 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 1—3060
ISBN7—228—05776—7/I. 2152
باھاسى: 11.70 يۈەن

www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى قىسىم

# ئېغىر كۈنلەردە تونۇشۇش

نەي ئۇلارغا بۇ دۇنيادا يەتكىلى بولمايدىغان ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى، تەل-پۈنۈشلىرىنى، ئەلەملىك ئۈمىد ـ تىلەكلىد-رىنى ئەسلىتەتتى. دېمىسىمۇ، ئۇلار شۇ غايىبانە ئىستەكلىرىگە يېتىش يولىدا قان-چىلىك ئازاب ـ ئوقۇبەت، دەرد ـ ئە-لەملەرنى چەكمىگەن دەيسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىتىكلى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# 1

ئۆزى تىنىمسىز، گەپلىرى پوك - پوك، ھېچكىمدىن ھېيىقماي، ئۈدۈل كەلگەنگە چاقچاق قىلىپ يۈرىۋېرىدىغان بۇ بەستلىك يىگىتنى خەقلەرنىڭ ھەممىسى جاڭگىلى①، دەپ چاقىراتتى. دادىسى ئۇنىڭ تىزگىنىنى ھەرقانچە تارتىپ تۇرسىمۇ، كىچىكىدىنلا ئانىسىز قالغان بۇ يىگىتنى ئۆيگە باغلاپ قويالايدۇ، دەمسىز. ئۇ خۇددى ئىچىدە يادا تاش باردەك بىر يەردە جىم ئولتۇرالمايتتى. دېھقان دادىسىغا ئوخشاش ساپاننىڭ قۇلى بولۇپ ئۆتۈشنى خالىمىغاچقا، ھەدېسە بىر باھانە تېپىپ دادىسىدىن قېچىپ يۈرەتتى.

ئۇنىڭ كەنتى جايلاشقان تاغ باغرىنىڭ ئۈستىدە قويۇق ئورمانلىق، ئاستىدا ئۇزۇن بىر تاشيول بار ئىدى. جاڭگىلىنىڭ شۇ ئورمانغىمۇ، تاشيولغىمۇ مېھرى كۆچلۈك ئىدى. كۈندۈزلىرى ئورماندا يۈرەتتى، ئورماننىڭ ھەممە يېرىنى خۇددى شەھەرلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ كوچا، رەستىلىرىنى بىلگەندەك پىششىق بىلەتتى. ئۇ ھەرقانداق توشقاننىڭ ئۇۋىسىنى تاپالايتتى، بۆكەننىڭ ئىزىنىمۇ ئىلغا قىلالايتتى، ھەتتا چۈشلەردە بۇلاق بېشىغا يولۋاس كېلىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى؛ پۈتۈن ئەتراپ يېشىل كىمخابقا چۈمكەلگەن، رۇخسىگۈللەر تارتىن-

① جاڭگىلى — جاڭگاللىق، ياۋايى دېگەن مەنىدە.

غان هالدا كۆزىنى ئېچىپ ئەتراپقا ناز بىلەن كۆز تىكىۋاتقان
چاغلاردا، ئېيىقلارنىڭ ئۆڭكۈردىن چىقىپ، قارىغايلارغا يامى-
شىپ ئۆسكەن شۇڭلاردىن مارجاندەك ساڭگىلاپ تۇرغان شىر-
نىلىك ئۈزۈملەرنى، يەنە ياڭاقلارنى، بال - ھەسەللەرنى يېگى-
لى كېلىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى.
ئايدىڭ كېچىلەردە، بۇغا - ماراللار چىمەنزار تاغ باغرى-
دىكى كائىو دەرىخىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئۆزىدىكى ئىپارنىڭ
خۇش پۇرىقىدىن مەست بولغان ھالدا خۇددى ئۇسسۇلغا چۈشۈ-
كەندەك ئويناقشىپ كېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا، جاڭگىلى قان-
داقتۇر بىر غەشلىككە چۆمۈپ ئىختىيارسىز ھالدا نەي چې-
لىشقا باشلايتتى. ئۇ كەنت بويىچە ئۇستا نەيچى ئىدى. ئاي-
دىڭ كېچىلەردە ئورماندا تۇرۇپ نېيىنى ياڭراتقاندا، بەزىلەر
ئۇيقۇسىدىن ئاستا ئويغانسا، بەزىلەر پاراڭلىرىنى توختىتىپ
ياكى غىزالىنىشتىن توختاپ نەي ئاۋازىغا قۇلاق سالاتتى. چۈن-
كى، نەي ئاۋازى ئۇلارغا بىرى كۆڭۈل كۈيىنى ئىزھار قىلىۋات-
قاندەك بىلىنەتتى، ئۇلارغا بۇ دۇنيادا يەتكىلى بولمايدىغان ئار-
زۇ - ئارمانلىرىنى، تەلپۈنۈشلىرىنى، ئەلەملىك ئۈمىد - تى-
لەكلىرىنى ئەسلىتەتتى. دېمىسىمۇ، ئۇلار شۇ غايىبانە ئىس-
تەكلىرىگە يېتىش يولىدا قانچىلىك ئازاب - ئوقۇبەت، دەرد-
ئەلەملەرنى چەكمىگەن دەيسىز.
ئادەتتە ئۇنىڭ دادىسىغا، بالاڭنى ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى-
غا سالالمايسەن، دەپ تاپا قىلىدىغان كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ نېيىنى
ئاڭلىغاندا ئۇنى دەررۇ كەچۈرۈۋېتەتتى. ئەلۋەتتە، جاڭگىلى
ئۈنچىلىك يارامسىز يىگىتمۇ ئەمەس، دادىسى ئاغرىپ قالغان
چاغلاردا ئېتىزنىڭ پۈتۈن ئىشىنى ئالدىغا تارتىپ ئىشلەۋېرەت-
تى، يەنە ئورماندىن ئوتۇن ئەكېلەتتى، ئۆكۈزلىرى ئۈچۈن

خەتەرلىك جايلارغا چىقىشتىنمۇ قورقماي، ئوت ـ چۆپنىڭ ئوبدان، يۇمرانلىرىدىن ئوزۇپ كېلەتتى. ئورماندىن مەسىلەن، ياۋا ياڭاق، چېقىر ئۈزۈملەرنى يىغىپ كېلىدىغىنىمۇ يەنە شۇ ئىدى. كۆز كۈنلىرى شاخ ـ شۇمبىلارنى ئەكېلىپ ئۆگزىگە ياپاتتى، ئۈستىدىن لاي سالاتتى، شۇڭا ئۆيدىن ھەرگىز تامچە ئۆتمەيتتى.

قىش كېلىشى بىلەنلا ئىدىر، داللار قار بىلەن قاپلىناتتى. قىش تۇمانلىرى ئىتىز ـ ئېرىقلاردىن تارتىپ، يىراق ـ يىراقلارغا سوزۇلغان دەرەخلەرنىڭ يالىڭاچ شاخلىرىغىچە مۇز ـ قىرودىن ئىزىنى سېلىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. مۇشۇنداق چاغلاردا، جاڭگىلى كەنتتىن چىقىپ بىر قىيا تاشنىڭ ئۈستىگە كېلىپ ئولتۇراتتى ـ دە، لىنتىدەك سوزۇلۇپ ياتقان تاشيولغا كۆز تىكەتتى. بۇ تاشيولنى ئاق قار بىلەن قاپلانغان داللاردىن ئۆتۈپ، يىلبويى قار كۆرمەيدىغان ئاللىقانداق بىر شەھەرگە تۇتىشىدىغاندەك ئالدىغا كەلتۈرەتتى. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا، ئۇ شەھەر كۈندۈزلىرى ئالتۇندەك قۇياش نۇرىدا جىلۋىلەنسە، كېچىلىرى كۈمۈش رەڭ چىراغلارنىڭ نۇرىغا بۆلىنىپ ياتاتتى. جاڭگىلىنىڭ كەنتىدە تۆت ئەدىيال يېپىنمىسا ئادەم ئۆزىنى ئىسسىتالمايدىغان قاتتىق سوغۇق بولاتتى. ھالبۇكى، ئۇ بىرلا ئەدىيالنى يېپىنىپ كېچىچە جاقىلداپ تىترەپ چىقاتتى. لېكىن، ئۇ شەھەردە ئادەمنى تاتلىق ئۇخلىتىدىغان ئىسسىق، يۇمشاق يوتقان ـ كۆرپىلەر بار ئىدى.

جاڭگىلى ناھايىتى ساغلام يىگىت، ئۇنى قەھرىتان سوغۇقمۇ قورقۇتالمايتتى. لېكىن، دادىسى سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. بەزىدە دادىسىنىڭ سوغۇقتىن چىشلىرى كاسىلداپ، پۇت ـ قوللىرىنىڭ ئۈيۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەندە

ئۇ ناھايىتى ئازابلىناتتى، دەرھال ئاشۇ شەھەرگە بېرىپ بىر
يىپەك يوتقاننى كۆتۈرۈپ كېلىپلا مازلىرى چۈۋۈلۈپ كەتكەن
ئەسكى كۆرپىنىڭ ئۈستىدە ياتقان دادىسىنى بېشىدىن ئايىغىغى-
چە چۈمكەپ قويغۇسى كېپكېتەتتى. لېكىن، جاڭگىلىمۇ
كەنتتىكى نۇرغۇن كىشىلەرگە ئوخشاش، جازانىخورغا قەرزگە
بوغۇلۇپ نامراتچىلىقتا ئۆتۈۋاتقاچقا، ئۇ ئارزۇسى تاتلىق خى-
يال پېتى قالىۋېرەتتى.

راستىنى ئېيتقاندا، بۇ جاڭگىلىنىڭ تاتلىق خىيال سۈرى-
دىغان ۋاقىتلىرى ئىدى. بۇنداق چاغلاردا، ئادەمگە ھەرقانداق
ئازاب - ئوقۇبەتمۇ تەسىر قىلالمايدۇ. ئەسلىدىمۇ ھېچكىمدىن
ھېيىقمايدىغان بۇ تۆرگۈن يىگىت دادىسىدىنمۇ قورقمايتتى،
بايلاردىنمۇ قورقمايتتى، ھەر كۈنى ئۆيگە كېلىپ ئۆزلىرىگە
تاماق ئېتىپ بېرىدىغان ھامما ئاچىسىدىنمۇ قورقمايتتى. ئالدى-
يىپ قاراپ سالسا، دەررۇ بالا - قازاغا ئۇچرايمىز، دەپ ھەممە
ئادەم بۇ خوتۇندىن قورقۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن جاڭگىلى قورق-
مايتتى. دەرۋەقە، يىرتقۇچ ھايۋانلاردىنمۇ قورقمايدىغان يى-
گىت ئادەمدىن قورقىدۇ دەمسىز!؟

ئۇنى ھېچكىمدىن قورقمايدۇ دېدۇق. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ
قورقىدىغانلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇ كەنتتىكى چىرايلىق قىزلاردىن
قورقاتتى. راست، شۇ قىزلارنىڭ بۇلاقتەك ئويناق كۆزلىرى
ئۇنىڭغا نېمىلەرنى دەيدىغاندۇ - ھە؟ باشلىرىدىكى سۇ كومزى-
كىنىڭ سالمىقىدىن تولغىنىپ كېتىۋاتقان ئەۋرىشىم بەللەر
ئۇنىڭغا نېمىلەرنى ئىما قىلىدىغاندۇ؟ بۇلاق بېشىغا سەپ تار-
تىپ كېتىۋاتقان قىزلار ئۇنى كۆرگەندە نېمىشقا كۈلۈمسىرى-
شىدىغاندۇ؟ تېخى بىر - بىرىنىڭ قۇلاقلىرىغا كۇسۇرلىشىپ،
پاراقلاپ كۈلۈپ كېتىشلىرىچۇ! بۇنداق چاغلاردا، پۈتۈن جا-

هان ھەرە ئۇۋىسىغا ئايلىنىپ قالغاندەك، جاڭگىلىنىڭ قۇلىقى غۇڭۇلداپ كېتەتتى، نېمە قىلىشىنى، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇرۇپ قالاتتى. شۇ تۇرقى ئۇ ئادەم ئەمەس، خۇددى قېقىپ قويغان قوزۇقنىڭ ئۆزى ئىدى. قىزلارنىڭ مازاق كۈلكىسى بارغانسېرى ئەدىگىلى تۇرغاندا، ئۇ خۇددى ئۆزگە سان ـ ساناقسىز ساداق ئوقى ئۇچۇپ كېلىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپ ئورمانلىققا قېچىپ كىرىپ كېتەتتى.

— جاڭگىلى. . .

قىزلار ئۇنىڭ كەينىدىن قىقاس سېلىپ قالاتتى.

— ھەي ياۋايى، ياۋايى! . . .

ھىندى كالىندارى بويىچە 1 ـ ئاي. ئىللىق قۇياش زېمىنغا سېخىيلىق بىلەن نۇرىنى سېپەتتى. ھاۋا شۇنداق يېقىملىق. جىلغىدىكى قار ـ مۇزلار ئېرىپ تۈگەپ، ئۇنىڭ ئورنىنى يېشىل ئوت ـ چۆپلەر قاپلىغان، سۇۋادان تېرەكلەر سان ـ ساناقسىز يوپۇرماقلار بىلەن بېزەلگەن، ئامۇتلارنىڭ شاخلىرى ئاقۇچ رەڭ چېچەكلىرىنىڭ جىقلىقىدىن ئېگىلىپ كەتكەن، ئەتراپ خۇش پۇراققا چۆمكەلگەن مەزگىل ئىدى. جاڭگىلى كۈندىكى ئادىتى بويىچە پالتىسىنى ئېلىپ ئوتۇن كەسلىگىلى ماڭدى.

تاغ باغرىدىكى تاشيولنىڭ بويىدا گەنگونىڭ چايخانىسى بار ئىدى. بۇ چايخانا قوۋزاقلىرى چالا ئاقلانغان قارىغاي ياغىچىدىن ياسالغانىدى. چايخانىنىڭ ئىچىدىن نەم تۇپراقنىڭ ھىدى ۋە دۇۋرقاينىڭ خۇش پۇرىقى كېلەتتى. بۇ يەردىن ئۆتىدىغان شوپۇرلار ۋە ھامماللار بۇ چايخانىغا بەك ئامراق ئىدى.

گەنگو — بۇ تاغلىق ئادەم بەك ئوچۇق ـ يورۇق ئىدى.



www.uyghurkitap.com

چايخانىسىغا سۈتنىڭ يېڭىسىنى، چاينىڭ ئوبدىنىنى ئىشلىتەتتى. يېمەكلىكلىرىمۇ تاتلىق، سۆزىمۇ تاتلىق ئىدى. باھادا ئادىل، ئۆزى سەمىمىي، قاراتوغرا بولغاچقا، شوپۇرلار ئۇنى شەھەردىكى ھارامزادە دۇكاندارلارغا قارىغاندا ئەۋلىيا بىلەتتى.

جاڭگىلى بۇ چايخانىغا ھەر كۈنى بىر باغلام ئوتۇن ئەكېلىپ بېرەتتى، ھەر باغلىمىغا يازدا ئۈچ ئەننا، قىشتا تۆت ئەننا پۇل ئالاتتى، يەنە بىر پىيالە سۈت چاينى ھەقسىز ئىچەتتى. گەنگو ئۇنىڭغا بەزىدە پۇرچاق ئۇنىدىن قىلىنغان چەلپەك، بەزىدە تاتلىق - تۇرۇملاردىن بېرەتتى. جاڭگىلى بولسا، بۇنىڭ ھېسابىغا ئوتۇننى جىق - جىق باغلاپ ئەكېلەتتى. باشقىلارنىڭ بۇنداق يوغان باغلام ئوتۇنغا ھېچبولمىغاندا ئالتە ئەننا بەرمىسە ئۇنىمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدىغان گەنگو ئۇنىڭدىن بەك رازى بولۇپ كېتەتتى. ئىككىلا تەرەپ بىر - بىرىدىن رازى بولغاچقا، بۇ سودىنى باشقا ئوتۇنچىلار ھەرگىز تارتىۋالالمايتتى.

ئادەمنى ئىختىيارسىز ناخشىغا ئۈندەيدىغان بىر گۈزەل سەھەردە جاڭگىلى ئورمانغا ماڭدى. يەردىكى شەبنەم باسقان ئوت - چۆپلەر ئۇنىڭ تاپىنىنى يەڭگىل غىدىقلايتتى. ئۇ كېتىۋېتىپ پالتىسىنى ئۆشنىسىگە تاشلىدى - دە، نەي چېلىشقا باشلىدى. بۇلاق بېشىدا سۇ ئېلىۋاتقان قىزلار نەپەسلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ جىممىدە بولۇشتى. توۋا، بۇ نەي ئاۋازى قىزلارنىڭ يۈرىكىگە نېمانچە تېگىدىغاندۇ؟ نەي ئاۋازى شۇ تاپتا ئۆزلىرىنىڭ جاھاندا مەۋجۇتلۇقىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغان ئۇ ناتىۋان قىزلارنى سۇدىن ئېلىپ ئوتقا تاشلىدى. كۆكلەم بىخلىرى خۇددى ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى يېرىپ چىقىپ، باھار چېچەكلىرى ئۇلارنىڭ كۆكسىدە بەرق ئۇرغاندەك بىر ھال يۈز بەردى. ئاھ،

بۇ گۈزەل كۈينى ئاڭلىغان قىزلارنىڭ كومزەكلىرىنى كۆتۈ- رۈشكە قانداقمۇ ھەپسىلىسى قالسۇن؟ !

— جاڭگىلى، بۇياقتا كېلىپ كومزەكنى بېشىمغا ئېلىپ قويغىنا!

جاڭگىلى نېيىنى چېلىشنى توختاتتى. ئۇنى تولۇغان كەنت باشلىقىنىڭ قىزى ئىدى. ئالتۇندەك سېرىق چاچلىق، يوغان كۆزلۈك، لالەرەڭ لەۋلىرى نېپىز كەلگەن بۇ قىز ئەۋرە- شىم بېلىنى يادەك ئەگكىنىچە، بىر قولىدا كومزەكنى تۇتۇپ تۇرۇپ، يەنە بىر قولىنى جاڭگىلىغا ئۇلاڭلاتتى. جاڭگىلى ئۇنىڭغا ھاڭۋاقىنىچە قاراپ تۇرۇپ قالدى.

— بېرى كەلسەڭچۇ! — ئۇ قىز ئۇنى ناز بىلەن چاقىردى، لېكىن جاڭگىلى قوزغالمىدى.

— مەيەرگە كېلىپ كومزەكنى بېشىمغا ئېلىپ بەرگىنە، جاڭگىلى!

جاڭگىلى كەينىگە بۇرۇلۇپلا ھەش - پەش دېگۈچە كۆزدىن غايىب بولدى.

قىزنىڭ ئېگىلگەن قەددى خۇددى بىر يانى ھاسىل قىلغان، ھالبۇكى ئۇ يادىن ئېتىلغان ئوق نىشانغا تەگمىگەنىدى. ئۇ كېرىلىپ بېلىنى رۇسلىغاندا، ئۇ يادىن قارسىلدىغان ئاۋاز چى- قىپ كەتكەندەك بولدى. قىز بارلىق ئەلەمىنى بۇلاقتىن ئالدى، خۇددى يېنىدىكى قىزلارنىڭ شوخ كۈلكىلىرىنىڭ بىلىگە تەپ- كەندەك، سۇنى تېپىپ چاچرىتىۋەتتى.

— ۋۇ بېشىڭنى يەيدىغان جاڭگىلى، شۇنداقمۇ ياۋايى بولامدىغان! — قىز شۇنداق دېدى - دە، كومزەكنى بېشىغا ئېلىپ قىزلار بىلەن كەتتكە قاراپ ماڭدى.

چېكىلىرىگە ئالما چېچىكى قىستۇرۇۋالغان بۇ قىزلارنىڭ



www.uyghurkitap.com

پۈتلىرىغا ھېلىدىن ـ ھېلى سوقۇلۇۋاتقان شېغىل تاشلار خۇد-
دى يۇرەكلىرىگە تەگكەندەكلا بىلىنەتتى. ھەممىسىلا ئاجايىپ
ھېس ـ تۇيغۇلارغا چۆمۈپ خىياللىرىنى يىغالماي قالاتتى ۋە
ئەتراپقا ئۈمىدسىز نەزەر بىلەن تىكىلگىنىچە، كۆڭلىدە: «ئە-
جەبا، بۇ نەس ئەتىياز بىزنى قىيناش ئۈچۈنلا كەلگەن بولغىيمى-
دى» دەپ ئىندا قىلاتتى.

## 2

كۈن قىيىلغان چاغ بولدى. جاڭگىلى يەنىلا كائو دەرىخى-
نى كېسىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ساپان سۇنۇپ كەتكەچكە،
دادىسى ئۇنى ساپان ياساشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان قاتتىق ياغاچ-
تىن ئەكېلىشكە بۇيرۇغانىدى. ئۇ يىلتىزىنى قىزىل چۈمۈلىلەر
يەۋەتكەن بىر كائو دەرىخىنى تاللىۋالدى. بۇ دەرەخ بەك قاتتىق
ئىدى. جاڭگىلى ئۇنى كەسكۈچە چىلىق ـ چىلىق تەرلەپ
كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىدە ھارغىنلىق سەزمىدى. قاتتىق
ئىشلەش ئۇنىڭغا كۆڭۈللۈك بىلىنەتتى. ئۇنىڭدىن يىراق-
راق، بەزلىشەڭگۇ قارىغاي ياغىچىنى كېسىشكە خۇشى يوق
ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قارىغاي ساپان ياساشقا يارىمايتتى.
جاڭگىلى پالتىسىنى پۇلاڭلىتىپ بىر ئۇرۇۋىدى، پالتا دە-
رەخنىڭ بىر ئاچىمىقىغا سانجىلىپ قالدى. ئۇ پالتىنى چىقى-
رىش ئۈچۈن كۈچەۋاتقاندا كەينىدىن بىر قول ئۇنىڭ يەلكىسى-
نى تۇتتى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ ھامما ئاچىسىنى كۆردى.
— نېمە؟
— داداڭنى يىلان چېقىۋاپتۇ! — دېدى ھامما ئاچىسى ۋە

يەرگە موكلا ئۇلتۇرۇپ يىغلاپ كەتتى. جاڭگىلى بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرۇپلا قالدى، كېيىن دەررۇ ئېسىنى تاپتى ـ دە، پالتىسى بىلەنمۇ كارى بولماي، ئۇدۇل كەنتكە قاراپ يۈگۈر- دى. ھامما ئاچىسى بولسا، پوتلا- يېشىنى ئاققۇزۇپ قالدى.

— دادا! دادا! — ئۇ ۋارقىرىغىنىچە كەنتكە كىرگەندە چىرايىنى قايغۇ باسقان يۇرتداشلىرى ئۇنىڭغا يول بېرىشتى. ئۇ غەمكىن ھالدا سورىدى:

— دادام قەيەردە؟

— بىداچىنىڭ ئۆيى ئالدىدىكى ئاموت دەرىخىنىڭ تۈۋىدە، — دېدى بىر كەنتدىشى.

جاڭگىلى قۇچىقىنى ئاچقىنىچە:

— دادا، مەن كەلدىم، دادا! — دەپ ۋارقىراپ بىداچىنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. ئۇنىڭ ئاۋازى بوراندەك ياڭ- رايتتى، ۋاھالەنكى بۇ ئاۋاز ئەزرائىلنى چۆچۈتەلمەيتتى.

جاڭگىلى ئاموت دەرىخىنىڭ ئاستىدىكى تۆپىلىككە يىقىل- زۇپ قويۇلغان، كۆكىرىپ، ئىششىپ كەتكەن جەسەتنى كۆ- رۇپ، ئېتىلىپ بارغىنىچە ئۆزىنى ئۇستىگە تاشلىدى.

— دادا! ۋاي، بۇ نېمە قىسمەت، دادا!

جاڭگىلى ئۆزىگە ئاتىلىقنىمۇ، ئانىلىقنىمۇ يەتكۈزگەن بۇ دادىنىڭ قەدرىگە تازا يېتەلمىگىنىگە ئۆكۈندى. ئۇ دادىسىنى مەڭگۈ ئۆلمەيدىغاندەك، مەڭگۈ تىرىكچىلىق قىلىپ ئۆزىگە ئاش ـ نان تېپىپ بېرىدىغاندەك ئويلىغان، ھالا بۈگۈنگە كەل- گەندە مانا ئۇ ئۆلۈپ تۈگىگەندى.

— مەن باشقا كەنتكە كېتىپ قاپتىمەن، — دېدى مۇشىر ئۇنىڭغا كۆڭۈل ئېيتىپ، — ئەگەر ئۇلگۇرۇپ كېلەلىگەن بولسام، ئەپسۇن ئوقۇپ، ھۆرۈپ بولسىمۇ داداڭنى قۇتۇلدۇ-

رۇۋالغان بولاتتىم. لېكىن، باشقا كەنتكە كېتىپ قاپتىمەن. ئەگەر ۋاقتىدا. . . ئەگەر ۋاقتىدا. . .

ئەگەر؟ ئەگەر مۇشىر ۋاقتىدا ئۆلگۈرۈپ كېلەلىگەن بولسا. . . ئەگەر يامغۇر ياغمىغان بولسا. . . ئەگەر قەھەتچىلىك يۈز بەرمىگەن بولسا. . . ئەگەر جازانىخورغا قەرزگە بوغۇلمىغان بولسا. . . ئەگەر ئوغۇل ئۆيلەيدىغان ئىش بولمىغان بولسا. . . ئەگەر؟ ئەگەر؟ كەمبەغەللىنىڭ هاياتى مۇشۇنداق «ئەگەر، ئەگەر» دەپلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. «ئەگەر» بولمىسا، پەقەت «شۇكۇر» دەپ ئۆتىدۇ، خالاس.

جاڭگىلى دادىسىنى ئۆيىگە يۈدۈپ ئەكېتىۋېتىپ چوڭقۇر خىيال قاينىمىغا كىرىپ كەتتى.

راست، بىر چاغلاردا دادىسىمۇ ئۇنى مۇشۇنداق يۈدىگەن، يۈدۈپ بازارغا ئاپارغان، ئۇ يەردە ئۇنىڭغا چىرايلىق بىر پىچاق ئېلىپ بەرگەن. پىچاقنى ئۆزلۈكىدىن ئېلىپ بەرمىگىنىمۇ راست، ئۇ ئەپىبىرىسەن دەپ تۇرۇۋالغان. ئۇ پىچاقنى ئۇ هازىر-غىچە يېنىدىن ئايرىماي كېلىۋاتىدۇ. بازار دېگەنمۇ كۆڭۈللۈك بولىدىكەن. تاغ قىزلىرى ساددا ياسىنىۋالغان، شەهەردىن كەل-گەنلەر بولسا پۈزۈر كىيىنىۋالغان. هېلىقى گۈلەڭگۈچىنىڭ پەيزىلىكچۇ، تېخى. . .

ئۇ كۈنى دادىسىنىڭ ئاغىنىلىرى بىر يەردە هاراق ئىچىشى-ۋاتقانىكەن. ئۇلار جاڭگىلىنىڭ دادىسىنى هاراققا زورلىدى، لېكىن مۇشۇ دادا: «مەن ئوغلۇمنى ئەكەلدىم. ئۇنى يەنە كۆتۈ-رۈپ ئۆيگە ساق- سالامەت ئەكەتمىسەم بولمايدۇ، شۇڭا هاراق ئىچمەيمەن» دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇ كىشىلەر خېلى مەست بولۇ-شۇپ قاپتىكەن. شۇ گەپ بىلەنلا قىزىرىشىپ، جاڭگىلىنىڭ

www.uyghurkitap.com

دادىسى بىلەن ئادا ـ جۇدا بولۇشۇپ كەتتى.

بازار تارقىغاندىن كېيىن مۇشۇ دادا يەنە بالىسىنى يۇدۇپ كېتىۋېتىپ: «مەن ئوغلۇمنى ھەرگىز يارامسىز قىلىپ قويمايمەن، ھەرگىز ساپاننىڭ قۇلى قىلىپ قويمايمەن. ئوغلۇم چوڭ بولغاندا كاتتا ئادەم بولىدۇ، شەھەرگە بېرىپ ئوقۇپ، مەلۇماتلىق بولۇپ، ئەپەندى بولىدۇ. راست، ئوغلۇم چوقۇم ئەپەندى بولىدۇ» دەپ يول بويى ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەپ كەتكەن ئەمەسمىدى. بازاردىن ئۆيگە قايتقۇچە دادىسى ئۇنى يۇدۇپ، تاغقىرلاردىن ئېشىپ مانا مۇشۇنداق نىيەت قىلغان، ۋاھالەنكى بۈگۈنكى كۈندە قاراتۇرك ئوغلى شۇ دادىنى يۇدۇگىنىچە دەپنە گۈلخانىغا ئەكېتىۋاتىدۇ.

«ئاھ، دادا! شۇ چاغدا ھاراق ئىچكەن بولساڭ نېمە بولۇپ كېتەتتى. ھامىنى بىتەلەيىنىڭ بالىسى بىتەلەي بولىدىكەنغۇ. شۇ كۈنى سەنمۇ ئىچىپ قويغان بولساڭ، ئاغىنىلىرىڭدىنمۇ ئايرىلىپ قالمىغان بولاتتىڭ، كۆڭلىرىڭمۇ غېرىبلىقتا ئۆتمەيتتى. كەمبەغەللەرگە خۇدامۇ يار بولالمايدىكەن، بىز ھامان شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن نېرى بولالمايدىكەنمىزغۇ»...

جاڭگىلى ئۆيگە كېلىپ دادىسىنى پاخالغا ياتقۇزدى. شۇ ئەسنادا ھاما ئاچىسىمۇ كېلىپ، يىغلامسىرىغىنىچە ئۇنىڭغا غەم تاشلىغىلى تۇردى:

— ئۆيدە ھېچنېمە يوق. گۈلخان ياقىدىغان ياغاچلارغا سۇرتىدىغان كالا مېيىنى نەدىن تاپارمىز؟ گانگبىنىڭ مۇقەددەس سۈيىنى بىزگە كىم ئەكېلىپ بېرەر؟ يەنە كامفورىنى نەدىن تاپقۇلۇق؟

— ۋايتاڭ، مەنمۇ بىلمىدىم، — دېدى جاڭگىلى بېشىنى چايقاپ.

— ھەرنېمە بولسا، داداڭنىڭ ئەدىيالى بولسىمۇ بار ئىد-
كەن، كاھىنغا بەرگەنىدىم، ئۇ بىر ئامال قىلىپ بېرىدىغان
بولدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ جاڭگىلى زىممىسىدىكى ئېغىر بىر
يۈكتىن قۇتۇلغاندەك بولدى.

— ناھايىتى ئوبدان ئىش قىپسەن، ھامما ئاچا.

— لېكىن، كېپەنلىك ماتانىڭ يولىنى قىلمىساق بولمايدۇ.

— ئۇنى قانداق قىلارمىز؟

ھامما ئاچىسى ئېچىۋېتىلگەن قۇلۇپى ساڭگىلاپ تۇرغان
ئەسكى ساندۇقنى كۆرسىتىپ:

— ئىچىدە ئاپاڭدىن قالغان بىر تال كۆمۈش بىلەزۈك بار
ئىدى. داداڭ ئۇنى بەك ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كېلىۋاتقان. كېپەن-
لىكنى شۇنىڭغا تېگىشىدىغان بولدۇق.

— ئوبدان بوپتۇ، ھامما ئاچا.

— گۈلخان ياقىدىغان ئوتۇنچۇ؟

جاڭگىلى بايام ئالدىراشچىلىقتا ئورماندا كەسكەن ياغاچنى
ھەم پالتىسىنىمۇ تاشلاپ كەلگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى ـ دە،
دەررۇ ئورمانغا يۈگۈردى. ھامما ئاچىسى ئۇنىڭ نەگە يۈگۈر-
گەنلىكىنى تۇيۇپ تۇرسىمۇ كەينىدىن ۋارقىرىدى:

— تېزرەك قايتىپ كەل. كۈن پاتقان ھامان جەسەت كۆي-
دۈرۈلىدۇ!

كۈن پاتقۇچە جاڭگىلى بىرمۇنچە ئوتۇن يۈدۈپ كەلدى.
ساپان ياساشقا ئىشلىتىدىغان بۇ ئېسىل ياغاچنىڭ ئاخىر بېرىپ
دادىسىنىڭ دەپنە گۈلخانىغا تۇتروۇق بولىدىغانلىقىنى ئۇ نەدىن-
مۇ ئويلىغان دەيسىز.

— ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ ئالدىغا نېمىمۇ قويارمىز؟ —

دەپ ئەزمىلىك بىلەن يەنە غەم تاشلىغىلى تۇردى هامما ئاچە-
سى، — تۆت نەزىرنى قانداق قىلارمىز؟ كاھىنغا بېرىدىغان
پۇلچۇ؟ جىمى غەمنى بىزگە تاشلاپ دادائ ئۇ دۇنياغا كېتىۋال-
دى، مانا.

— راست، سەنمۇ ئويلاپ باقساڭ بولمامدۇ، — دېدى
جاڭگىلى دادىسىنىڭ جەسىتىگە قاراپ پىچىرلاپ، — سەنغۇ
ئۆلۈپ قۇتۇلدۇڭ، پۈتۈن غەم - قايغۇنىڭ ھەممىسى بىزگە
قالدى، ئەمەسمۇ. ئىسقات، نەزىر، كاھىنىنىڭ ھەققى، ئو-
تۇن. . . ھېلىمۇ ئوتۇننى ئۆزۈم ئەكەلدىم، بولمىسا بۇنىڭغى-
مۇ پۇل كېتەتتى.

جازانىخور بىر چەتتە سۆزگە ئارىلاشتى:

— غەم قىلماڭ، هامما، دەپنە، نەزىر - چىراغ ئىشلىرىنى
مەن قىلىپ بېرىمەن. خاتىرجەم بولۇڭ، كاھىنىنىمۇ مەن رازى
قىلىمەن. ھەممە پۇل مانا مەندىن.

— سىز بەكمۇ ياخشى ئادەم، — دېدى هامما ئالىقانلىرىنى
جۈپلەپ تەسىرلەنگەن هالدا.

— بۇ كىشى ئەمدى ئۇ دۇنيالىق بولۇپ كەتتى. ئاخىرەت-
لىكىنى ئوبدان قىلىپ بەرمىسەك، دوزاخنىڭ ئازابىنى تارتى-
دۇ، — دېدى جازانىخور ياخشىچاقلىق قىلىپ، — مەن ئىككى
ئۆكۈزۈڭلارنىلا ئالسام بولىدۇ، — ئۇ يەنە جاڭگىلىغا
دېدى، — داداڭ تويي قىلغان چاغدا مەندىن ئىككى يۈز ئەللىك
رۇپىيە قەرز ئالغان، هازىرغىچە دىرى تۇرماق، ئۆسۈمىدىنىمۇ
بىر تىيىن قايتۇرغىنى يوق. تويي قىلىپ ئۆيگە خوتۇن ئەكىرى-
ۋالدى، باللىق بولدى، خوتۇنىمۇ ئۆلدى، باللىسىمۇ چوڭ
بولدى، لېكىن قەرز يەنە شۇ پېتى.

دېھقان هاياتىدا قەرز ياشىنىڭ ئۆلگىنىشىغا ئەگىشىپ ئۆل-

غىيدۇكى، كېمەيمەيدۇ. يېزا تۇرمۇشىدىكى ئۆزگەرمەس قا-
ئىدىنىڭ بىرىنچىسى مانا مۇشۇ.

— ئەمىسە، مەن ئۆكۈزلەرنى ئەكېتەي.

جاڭگىلى لام - جىم دېمەي ئۆينىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ئىك-
كى ئۆكۈزنى يېتىلەپ كەلدى. جازانىخور چۇلۇۋۇرنى قولىغا
ئېلىپ:

— جاڭگىلى، داداڭنى يىلان چېقىپ ئۆلتۈرۈپ قويغىنىغا
مەن بەك ئېچىنىدىم، — دەپ قويدى. جاڭگىلى يەرگە قارىغىنى-
چە بېشىنى تاتىلىدى. بىرەر ئىش كاللىسىدىن تازا ئۆتمىگەن-
دە، ئۇنىڭ مۇشۇنداق قىلىدىغان ئادىتى بار ئىدى.

دادىسى ئۆلسە يىغلىمىغان ئادەم ئۆكۈزلىرىدىن ئايرىلىپ
قالسا يىغلايدۇ، دەمسىز. ئۆيىدىكى پالاستىن، جابدۇقلاردىن،
ئانىسىنىڭ بىلەزۈكىدىن ئايرىلىپ قېلىشمۇ ئۇنىڭغا تەسىر
قىلالمىغانىدى، لېكىن جەسەت كۆيدۈرۈلۈشتىن ئاۋۋال هامما
ئاچىسى ئۇنىڭ چېچىنى كېسىپ خالتىغا سالغاندا ئۇ ئۆزىنى
تۇتالماي ھۆڭگىرەپ يىغلىۋەتتى. چۈنكى، ئۇ دادىسىنىڭ
راستىنلا ئۆلگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا تىكەندەك يال-
غۇز قالغانلىقىنى پەقەت شۇ چاغدىلا ھەقىقىي ھېس
قىلىپ يەتكەنىدى.

دادىسىنىڭ تۆت نەزىرىمۇ تۈگىدى، ئون ئۈچ نەزىرىمۇ
تۈگىدى، ئەمدى هامما ئاچىسىنىڭ ئاغزى ئېچىلغىلى تۇردى:

— نەزىر - چىراغلارمۇ تۈگىدى. ئېتىزغا چىقماي ئولتۇ-
رىۋېرەمسەن، يا مەن سېنى باقىمەنمۇ؟

— ئۆكۈزلەرنى جازانىخور ئەكەتكەن تۇرسا، هامما
ئاچا، — دېدى جاڭگىلى دۇدۇقلاپ.

— ئەكەتكەن بولسا، ئىككى ئىغىز ياخشى گەپ قىلىپ ئالامسەن، يالۋۇر!

— مەن ھەرگىز خەققە يالۋۇرمايمەن.

— ئەمىسە، ئاچ ئولتۇرۇپ ئۆل، — ھامما ئاچىسى چالۋاقىغىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

جاڭگىلى ئۆيدە خېلى ئولتۇرغان بولسىمۇ، ھامما ئاچىسى قايتىپ كىرمىگەچكە، ئاخىر بولماي ئورنىدىن تۇرۇپ جازانىخورنىڭ ئۆيىگە ماڭدى.

جازانىخور ئۇنىڭغا ئۆكۈزلەرنى بېرىپ تۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، تېخى ئاللىقانداق بىر پۇلنى تۆلەيسەن، دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، جاڭگىلىنىڭ دادىسى ۋوكىياغا كېپىل بولۇپ، جازانىخوردىن ئىككى يۈز رۇپىيە قەرز ئېلىپ بەرگەن. ۋوكىيا ھېلىغىچە ئۇ پۇلنى قايتۇرمىغان، ھەتتا ئۆزىمۇ كەنتتىن يوقىلىپ كەتكەنىكەن.

— بۇ قانداق بولغىنى، — دېدى جاڭگىلى، — ئۇ ئۆزى بولمىسا، ئۇنىڭ قەرزى مېنىڭ بويىنۇمدا بولامدىكەن؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ جازانىخورنىڭ جۇدۇنى ئۆرلىدى:

— نەچچە يىلدىن بۇيان ئادەمگەرچىلىك قىلىپ بۇ ئىشنى يۈزۈڭگە سېلىشمىسام، ئەجەب ئۆزۈڭنى بىلىشمەي قاپسەن. ئەمدى سەن خەقتىن چوقۇم بۇ پۇلنى قىستۇرىمەن.

جازانىخور ھېسابات دەپتىرىنى ئېچىپ، جاڭگىلىنىڭ دادىسى بىلەن ۋوكىيا قول قويغان بىر ھۆججەتنى كۆرسەتتى.

— مانا كۆردۈڭمۇ، ئىككى يۈز رۇپىيە، ئۆسۈمىنى قوشقاندا تۆت يۈز ئەللىك رۇپىيە بولدى، مانا.

— بۇنى ۋوكىيا تۆلىمەمدۇ؟

— ۋوكىيا بولمىسا، روھى تۆلەمدۇ؟! ئۇ يوقاپ كەتكىلى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

نەچچە يىل بولدى. سەن داداڭ چىچىپ قويغان پوقنى ئادالىماي-
مەن، دەمسەن!؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ جاڭگىلىنىڭ سەپرايى ئۆرلىدى.

— مېنى دادام ئوغۇل بالا دەپ تاپقان، بولدى، مەن گەدى-
نىمگە ئالاي. ئەگەر تۆلىيەلمىسەم، ئورنىغا يېرىمنى بولسىمۇ
بېرىمەن. ئاۋۋال ماڭا دەپ بېرىڭ، ۋوكىيا نەدىكەن هازىر؟

جازانىخور بىرمۇنچە خەت - چەكلەرنى ئاختۇرۇپ، ئارى-
سىدىن كونا بىر خەتنى ئالدى - دە، جاڭگىلىغا بېرىپ:

— ئىككى يىل بۇرۇن ۋوكىيا بومبايدىن بۇ خەتنى ئەۋەتىپ-
تىكەن، ئۈستىدە ئادرېسى بار. مۇشۇ خەتتىن كېيىن سۇغا
چۈشكەن تاشتەك يوقاپ كەتتى. مۇشۇ ئادرېسقا قارىتىپ بىر-
نەچچە پارچە خەت يازدىم، پەقەت جاۋاب قايتۇرمىدى، —
دېدى.

جاڭگىلى خەتنىڭ ئالدى - كەينىگە نەچچە قېتىم قارىۋې-
تىپ، پەم بىلەن قاتلاپ يانچۇقىغا سالدى - دە، جازانىخورنىڭ
ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى.

## 3

بىر كۈنى كەچتە جاڭگىلى تاغدىن چۈشۈپ گەنگونىڭ
چايخانىسىغا كەلدى. هاۋا ناهايىتى سوغۇق، جاڭگىلى بىر لا
ئەديال يېپىنىۋالغانىدى. گەنگو ئۇنىڭغا سۈتلۈك چاي قويۇپ
بەردى.

چايخانىنىڭ ئىچى شۇنداق ئىسسىق ئىدى. ۋاراقشىپ
قايناۋاتقان سۇدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان هور ئادەمگە يېقىملىق تۇي-

غۇ بېغىشلايتتى. كۆيۈۋاتقان ئوچاقنىڭ شولىسىدا يۈز- كۆز-
لىرى قىزارغان گەنگو جاڭگىلىغا خۇددى ئەۋلىيادەك كۆرۈنۈپ
كەتتى.

گەنگو ھەر كۈنى شەھەردىن كەلگەن شوپۇر، ھامماللار
بىلەن ئالاقە قىلىپ يۈرگەچكە، تاغلىقلار ئۇنى جىق نەرسە
بىلىدۇ، دەپ قارايتتى، ھېچكىممۇ ئۇنىڭ ئەقىللىقلىقىغا
گۇمان قىلمايتتى. جاڭگىلى بولسا تېخىمۇ شۇنداق، ئۇنىڭغا
بەك ئىشىنەتتى.

— ئەمدى قاچان ئېتىزغا چىقىپ ئىشلەيسەن؟ — سورىدى
گەنگو جاڭگىلىدىن.

— ئۆكۈزىمىز يوق تۇرسا، گەنگو، — دېدى جاڭگىلى
ئۇھ تارتىپ قويۇپ. گەنگو بىر لىگەن بوغۇرساقنى ئوچاقنىڭ
ئۈستىگە قويۇپ ئىسسىتقاچ ئويغا چۆمگەن ھالدا:

— ئوبدان بىر جۈپ ئۆكۈز ئىككى يۈز رۇپىيىگە
كېلەتتى، - دېدى.

— ئىككى يۈز رۇپىيە دېگىنىڭ قانچىلىك؟ — جاڭگىلى
ساناقنى يىگىرمىگىچىلا بىلگەچكە، چۈشەنمەي سورىدى.

— يىگىرمىدىن ئون، دېگەنلىك. ئەنە شۇنچە پۇل.

ئىككىلىسى جىممىدە بولۇپ كېتىپ بىرپەستىن كېيىن
جاڭگىلى سۆز ئاچتى:

— گەنگو، ھەر كۈنى سەن بېرىدىغان ئۈچ ئەننادىن بىر
ئەننانى تېجەپ قالسام، بىر يىلدا قانچىلىك پۇل يىغالارمەن؟

بۇ خېلى قىيىن ماتېماتىكىلىق سوئال ئىدى.

گەنگو بىر ئوچۇم چاينى ئېلىپ ئارىسىدىن بۇزۇلغان چاي
يوپۇرماقلىرىنى ئىلغىۋېتىپ، چاينى قايناۋاتقان قازانغا سالدى-
دە، ئۈستىگە تۇۋاقنى ياپتى، ئاندىن ئوچاقنى چۇقچىلىۋېتىپ،

پەس ئاۋازدا:

— يىگىرمە رۇپىيەچە يىغالارسەن، — دېدى.

— ئۇنداقتا، بىر جۇپ ئۆكۈزنى سېتىۋېلىشىم ئۈچۈن قانچىلىك ۋاقىت كېتىدۇ؟

— سەككىز يىل! — دېدى گەنگو خورسىنىپ.

جاڭگىلىنىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. گەنگو ئىچى يېرىمداپ قالغان شېكەر قۇتىسىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ كەتتى ۋە بىرھازادىن كېيىن بېشىنى چايقىغان هالدا:

— بۇگۈن بۇ يەردىن ئاران ئۈچ ماشىنا ئۆتتى. كېچىچە كېلىپ قالار، ئۇخلىماي ئولتۇراي، ئازراق تاپاۋەت بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دېدى.

جاڭگىلى كېكەچلىگەن هالدا گەنگودىن سورىدى:

— بومباي شەهىرى قەيەردىرەك؟

گەنگو بىر پىيالىنى بەشىنچى قېتىم سۈرتۈپ تۇرۇپ سۆزلىدى:

— شوپۇر ئاغىنىلەردىن ئاڭلىشىمچە، بومباي شەهىرى بۇ يەردىن بەك يىراق ئىكەن، مىڭ نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان ئوخشايدۇ. بومباينى بەك چوڭ شەهەر، دەيدۇ. دەرياسىنىڭ بۇ چېتىدە تۇرۇپ ئۇ چېتىنى كۆرگىلى بولمايدىكەن. ئادەملىرى ئاسماندا ماڭىدۇ، دېيىشىدۇ. ئۆيلىرىمۇ توك سىمىدا ماڭارمىش. سۇلىرىنى مۇزغا ئايلاندۇرۇپ يەيدىكەن. توخۇمنى ماشىنىغا سېلىپ بىردەمدىلا چۈجىگە ئايلاندۇرارمىش.

— راستىما؟ — جاڭگىلىنىڭ كۆزلىرى يوغىناپ كەتتى.

— شوپۇر ئاغىنىلەر ماڭا ئەزەلدىن يالغان گەپ قىلىپ باققان ئەمەس، — دېدى گەنگو مەغرۇرلانغان هالدا، ئاندىن پىيالىنى هورغا تۇتۇپ بىرئاز تۇرغۇزۇپ يەنە دەسمال بىلەن

سۆرىتتى.

— بومبايدا بىزنىڭ تېغىمىزدەك كېلىدىغان ئىمارەتلەر بار ئىكەن.

— ئۇنچىۋالا ئېگىز ئىمارەتكە ئۇلار قانداق چىقىدىكەن؟

— ئاسما سېۋەت بىلەن بولامدۇ. بىر سېۋەت بار ئىكەن، ئادەم ئۈستىگە چىقىپلا بىر مونەكنى باسسا، سېۋەت ئورلا كۆتۈرۈلۈپ ئۇنى ئىمارەتكە ئاچىقىپ قويىدىكەن.

— ۋاھ، قالتىسكەنغۇ، — دەۋەتتى جاڭگىلى، ئارقىدىنلا دۇدۇقلاپ سورىدى، — بومبايدا خىزمەت تاپقىلى بولامدىكەن؟ سىرتتىن كەلگەنلەرگە ئىش چىقامدىكەن؟

— شوپۇر ئاغىنىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، — دەپ زوق ـ شوخ بىلەن سۆزلىگىلى تۇردى گەنگو، — بومبايدا بىر ئادەم ئۈچ خىزمەت ئىشلەيدىكەن. ھەممە ئادەم پۇزۇر كىيىنىدىكەن، كۈنىگە بەش ۋاخ تاماق يەيدىكەن.

— بەش ۋاخ تاماق؟ — جاڭگىلى ھەيران قالدى، — بەش ۋاخ ناماز، دەپقۇ ئاڭلىغان، لېكىن بەش ۋاخ تاماق دېگەن گەپنى ئاڭلىشىم بۈگۈن تۇنجى قېتىم. ئۇلارنىڭ پۇلى جىق ئوخشىمامدۇ؟

گەنگو گەپ قىلماي بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ئوچاق ئالدىدا تاشيولغا قاراپ ئولتۇرغان ھالىتى خۇددى پۈتۈن دۇنيادىكى ئىشسىز ياشلارغا بومبايدىكى جەننەتنى كۆرسىتىۋاتقان تىبەت لاماسىغا ئوخشايتتى.

— بومبايغا قايسى يول بىلەن بارىدۇ؟

گەنگو قۇتىدىن بىر نەچچە قوشۇق شېكەر ئېلىپ قازانغا سېلىۋېتىپ، قوشۇقنى سىلكىپ تۇرۇپ سۆزلىدى:

— ئاۋۋال پاتانكوتقا بارىدىغان گەپ، ئاندىن جاروندالغا،

دېھلىگە، دېھلىدىن بومبايغا بارىدۇ. . .

— پىيادە ماڭسا قانچە كۈن كېتەر؟

— بىر يىل كېتەرمىكىن.

— بىر يىل!؟ — جاڭگىلىنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى.

— ھەئە! ئەگەر ماشىنىدا ئولتۇرسا، ئون نەچچە كۈندە بارىدۇ.

— لېكىن، شوپۇر جىق پۇل ئالىدۇ - دە.

— ئەمىسە، بىكارغا ئاپارسا بولامتى؟ — گەنگو ئۇنىڭ نادانلىقىنى مەسخىرە قىلغاندەك كۈلۈپ قويدى.

جاڭگىلىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئاجايىپ مەنزىرىلەر كۆز ئالدىغا كېلىشكە باشلىدى: تاغدەك - تاغدەك ئېگىز ئىمارەتلەر، ئاسما سېۋەتتە يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈۋاتقان، قانات ياساپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ھەر خىل ئادەملەر، ئەپچىل يۆتكىلىپ كېتىۋاتقان ئۆيلەر، تېخى دېرىزىلىرىدىن چاي ئە-چىپ ئولتۇرغان ھالىتىمۇ كۆرۈنۈۋاتىدۇ، تېخى جاڭگىلىنىمۇ قول ئىشارىتى بىلەن چاقىرىۋاتىدۇ. . .

جاڭگىلى تاتلىق خىيال ئىچىدە ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى.

## 4

جاڭگىلى پاتانكوت تاشيولىدا كېتىۋاتاتتى، قولىدا تاياق، ئۈشىنىسىدە ئەدىيال، ئەدىيالنىڭ ئۈستىدە بىر تۇگۇنچەك. تۇ-گۇنچەكنىڭ ئىچىدە دادىسىدىن قالغان كۆڭلەك، تامبال، مىس چەينەك ھەم ئۇنچە باسقان بىر دوپپا بار ئىدى. بۇ قارا دوپپىنى

دادىسى هال ـ ئەھۋالى سەل ياخشىلانغان بىر چاغدا سېتىۋالغان بولۇپ، ئادەتتە يىلدا بىر قېتىم بازارغا بارغاندىلا كىيەتتى.

پېشىن مەزگىلىدە جاڭگىلى يولدا توختاپ قالغان بىر يۈك ماشىنىسىنى كۆردى، ئۈچ هاممال ھەدەپ ماشىنىنى ئىتتىرىۋاتاتتى.

كۆڭلىكى مايلىشىپ كەتكەن، ياقىسى يىرتىق بىر پاكار هامال جاڭگىلىنى كۆرۈپ:

— هاي، تاغلىق، نەگە بارىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— پاتانكوتقا، — جاڭگىلى ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ قاتتىقلىقىغا قاراپ ئەيمىنىپرەك جاۋاب بەردى.

— پاتانكوتقا بۇ ماشىنىغا چۈشۈپ بارغۇڭ يوقمۇ؟

— سېلىۋالغان بولساڭلارغۇ بەك خۇشال بولاتتىم، — بۇ گەپ ھېرىپ جېنى قالمىغان جاڭگىلىنىڭ چىن يۈرىكىدىن چىققانىدى.

— ئەمىسە كېلىپ ئىتتەر. بىز سېنى پاتانكوتقا ئاپىرىپ قويايلى.

— لېكىن، پۇلۇم يوق.

— بىكارغا ئاپىرىپ قويىمىز. مەيەرگە كەل، ماشىنىنى ئىتتىرىشىپ بەر، كۈچەپ!

ماشىنا ناھايىتى ئېغىر، لېكىن جاڭگىلىنىڭ كۈچىمۇ خېلى بار ئىدى. ئۇ ماشىنىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىتتىردى، ھېلىقى ئۈچىمۇ خېلى كۈچىدى، ماتور سەل ئاۋاز چىقىرىپ يەنە توختاپ قالدى. ئىككى يۈز قەدەمچە ئىتتىرگەندىن كېيىن گۈرۈلدەپ ئوت ئالدى. ئۈچ هامال چاققانلىق بىلەن ماشىنىغا ئېسىلىپ چىقىپ ئولتۇرۇۋالدى. جاڭگىلىمۇ ماشىنىغا ئېسىلمۇىدى، ھېلىقى پاكار هامال ئۇنى ئىتتىرىپ چۈشۈرۈۋې-

تىپ:

— ھۆ، ئاناڭنى، پاتانكوتقا تېخى ماشىنىدا بارارمىش! — دەپ زاڭلىق قىلدى. يولغا ئوڭدىسىغا چۈشكەن جاڭگىلى غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ مۈشتىنى تۈگكىنىچە يۈگۈرۈۋىدى، ماشىنا تېزلەپ ھەش - پەش دېگۈچە كۆزدىن غايىب بولدى. يىراقتىن ھامماللارنىڭ مەسخىرە قىلىپ كۈلگەن ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. جاڭگىلى ئامالسىز توختاپ بېشىنى قاشلىغىنىچە تۇرۇپ قالدى ۋە بىرئازدىن كېيىن ئېگىز بىر سۇۋادانىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇردى. ئەتىگەندىن كەچكىچە ھېچنېمە يېمىگەچكە، قورسىقى كۈركىراپ كېتىۋاتاتتى.

ماڭا - ماڭا، ئاخىر قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى. ئۆپۆق ئېتىكىدىكى ئەڭ ئاخىرقى يورۇقلۇقمۇ قاراڭغۇلۇق قوينىدا غايىب بولدى. يوغان - يوغان سايىۋەندەك دەرەخلەرمۇ قارا كۆلەڭگە ئىچىدە كۆرۈنمەي قالدى. يىراقتىكى ئورماندىن چىلبۆرىلەرنىڭ ھۇۋلىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. جاڭگىلى ھارغىن پۇتلىرىنى سۆرەپ تاشيولدا كېتىۋاتاتتى، تۇيۇقسىز ئالدىغا قاراپ توختاپ قالدى.

تاشيولدىن نەچچە قەدەم تۆۋەن يەردە بىر دەرۋىش گۈلخان يېقىپ ئولتۇراتتى، ئوتنىڭ شولىسىدا دەرۋىشنىڭ ئۆسكەلەڭ، چۇۋۇق چاچلىرى، كۈل سۈرتۈۋالغان يۈزى[1] كۆرۈنۈپ تۇراتتى. جاڭگىلى تاشيولدىن تۆۋەنگە چۈشتى - دە، دەرۋىشنىڭ ئالدىغا كېلىپ يۈكۈنۈپ، بېشىنى يەرگە تەگكۈزۈپ تەزىم قىلدى. دەرۋىش قىزىل كۆزلىرىنى قىسىپ ئۇنىڭغا قا-

---

① ھىندى دىنى دەرۋىشلىرىنىڭ يۈز - كۆزىگە كۈل سۈرتۈۋالىدىغان ئادىتى بار.

www.uyghurkitap.com

راپ، بوغۇق ئاۋازى بىلەن سورىدى:
— نەگە كېتىۋاتىسەن، بالام؟
— بومبايغا.
— بومبايغا نېمىگە بارىسەن؟
— ئۆكۈزلىرىم يوقتى، تەقسىر.
دەرۋىش ھەيرانلىقتىن كۆزلىرى يوغىناپ ئۇنىڭغا باش-
تىن-ئاياغ قارىۋەتكەندىن كېيىن خاتىرجەم بولدى بولغاي:
— بومباي بىلەن ئۆكۈزلىرىڭنىڭ نېمە ئالاقىسى بار؟ —
دەپ سورىدى. جاڭگىلى ئۇنىڭغا بېشىغا كەلگەن كۈنلەرنى
سۆزلەپ بەردى. دەرۋىش پەرۋاسىز ھالدا ئۇنىڭ سۆزلىرىنى
تىڭشاپ بولغاندىن كېيىن:
— ئوغلۇم، — دېدى، — قورسىقىڭ ئاچقاندۇ - ھە؟
— بۇنى نەدىن بىلدىڭىز، تەقسىر؟ — جاڭگىلى ھەيران-
لىق بىلەن سورىدى.
— دەرۋىش دېگەن سەزگۈر كېلىدۇ، ھەممىنى بىلىپ
تۇرالايدۇ، — دەرۋىش ئۇستاتلىق بىلەن شۇنداق دەپ قويۇپ
خالتىسىدىن قوتۇرماچ بىلەن بىر تال لازىنى چىقىرىپ، — مە،
بالام، يېگىن، — دېدى. جاڭگىلى تىترىگەن قوللىرى بىلەن
قوتۇرماچنى ئېلىپ چىڭ سىقىمدىدى - دە، دەرۋىشكە باش
ئۇرۇپ بولۇپ، ئۇنى قاساپ - قاساپ يېگىلى تۇردى.
— كومزەكتە سۇ بار، ئېلىپ ئىچكىن، — دېدى دەرۋىش
ئۇنىڭغا. جاڭگىلى تۈگۈنچىكىدىن مىس چەينىكىنى ئېلىپ
كومزەكتىن ئازراق سۇ قۇيۇپ ئىچتى، ئاندىن دەرۋىشنىڭ
ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. دەرۋىش ئىككى سائەتچە ئىبادەت
قىلدى. جاڭگىلى ھېرىپ كەتكەچكە مۈگدەپ ئاخىر خورەك-
كە چۈشتى.

— بالام! — جاڭگىلى دەرۋىشنىڭ گۈلدۈرمامىدەك چىق-
قان بۇ ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.
دەرۋىش ئۇنىڭغا ئولتۇر، دېگەن مەنىدە قول ئىشارىتى قىلدى.
جاڭگىلى جايىدا ئولتۇردى.
— ئۇيقۇڭ كەلدىمۇ، بالام؟
— كەلدى، تەقسىر.
— ئەمىسە ئۇخلا.
— سىلىچۇ، تەقسىر؟
— مەن ئۇخلىمايمەن. ئىش كۆرگەن دەرۋىش ئۇخلىماي-
دۇ، گەرچە بۇ كونا قائىدە بولسىمۇ، مەنمۇ ئەلۋەتتە شۇنداق.
ئۇيقۇڭ كەپتۇ، سەن ئۇخلاۋەر. مەن ئويغاق ئولتۇراي.
جاڭگىلى ئەتراپىغا قورقۇمسىراپ قاراپ قويۇپ ئۇنىڭ-
دىن سورىدى:
— تەقسىر، بۇ ئەتراپتا يىرتقۇچ هايۋانلار يوقتۇ - هە؟
— قورقما، بالام، — دېدى دەرۋىش دەرهال ئۇنىڭ سۆزى-
نى بۆلۈپ، — گۈلخاننىڭ يېنىدا خاتىرجەم ئۇخلاۋەر. ناۋادا،
يىرتقۇچ هايۋانلار كېلىپ قالسىمۇ، بىرلا ئالىيىپ قويسام
بەدەر قاچىدۇ. ئاتاڭنىڭ قوينىدا ياتقاندەك بەهۇزۇر ئۇخلاۋەر،
بالام. زاهىتۇدەرۋىشنىڭ ماكانى بۇ، سېنىڭ - مېنىڭ دېيەل-
مەس هېچكىم.
جاڭگىلى بۇ گەپتىن كۆڭلى ئورنىغا چۈشۈپ دەرۋىشكە
يەنە بىر باش قويدى - دە، تۇگۇنچىكىنى تاياقچا چىگدى،
ئاندىن ئەدىيالنى يېپىنىپ ئۇيقۇغا كەتتى.
ئەتىسى دەرەخ ئارىسىدىن چۈشكەن ئاپتاپ كۆزىنى چې-
قىپ ئۇنى ئويغىتىۋەتتى. ئۇ دەرهال ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپقا
قارىدى. كۆن نەيزە بويى ئۆرلەپ كەتكەنىدى. گۈلخانمۇ ئۆچ-

www.uyghurkitap.com

كەن، دەرۋىشنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى، ئۇلا ئەمەس، تۇ-
گۈنچەكمۇ، چەينىكى، ھەتتا ئۇستىگە يېپىنغان ئەدىيالمۇ
يوق. دەرھەقىقەت، «زاھىتۇدەرۋىشنىڭ ماكانى بۇ، سىبنىڭ -
مىنىڭ دىيەلمەس ھېچكىم» دېگەندەك ئىش بوپتۇ - دە!

تاشيول تۈز، پاكىز ھەم چىڭ. تاغ يولى بولسا ئەگرى-
توقاي، بىردەم قارىساڭ ئالدىڭدا ئېگىز چوققا، نەدىن چىقىپ
نەگە بېرىشنى بىلمەي قالىسەن؛ بىردەم قارىساڭ ئاستىڭدا
چوڭقۇر ھاڭ، بېشىڭ قېيىپ تىترەپ كېتىسەن. لېكىن، بۇ
تۈز تاشيول ئادەمنى بەكمۇ ھاردۇرىدىكەن، ماڭساڭ - ماڭساڭ
تۈگىمىگەن، قارىساڭ يا ئايىغى كۆرۈنمىگەن. تاغ يولى نىمە-
دېگەن ئوبدان - ھە! بىردەم ئۇستىگە يامىشىسەن، بىردەم
پەسكە سىيرىلىسەن؛ بەزىدە شارقىراتمىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرى-
سەن، بەزىدە ئۆڭكۈرگە كىرىپ ياتىسەن، بەزەن بىر جىلغى-
لارنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتسەڭ، سېنى ئادەمزاتمۇ كۆرمەي-
دۇ. لېكىن، بۇ تاشيولنىڭ ئادەملەرنىڭ قايغۇ - ئەلىمىدەكلا
چېكى يوق ئىكەن. جاڭگىلى تاغ يولىدا يۈرۈپ ئۆزىنىڭ ھار-
غىنىنى ھېس قىلىپ باققان ئەمەس، لېكىن بۇ يول، بۇ تۈپتۈز
يول ئۇنى بەكمۇ ھاردۇردى، قىينىدى.
نەرسە - كېرەكلىرىنى دەرۋىشنىڭ ئوغرىلاپ كەتكىنىگە
جاڭگىلى قايغۇرۇپ كەتكىنىمۇ يوق، پەقەت نېيىنى ئەكەتمى-
گەنلىكىگىلا خۇش. ھېلىمۇ نېيىنى بېلىگە قىستۇرۇۋاپتى-
كەن، پىچىقى بىلەن تەڭ ئامان قاپتۇ. بولمىسا، بۇنىڭدىنمۇ
قۇرۇق قالاتتىكەن. لېكىن، دەرۋىش نەيىنى نىمە قىلاتتى دەي-
سىز، ئۇنىڭغا كېرىكى ئەدىيال، چەينەك، كىيىم- كېچەك!
بۇ نەرسىلەردىن ئايرىلىپ قالغىنىغا جاڭگىلى ئاپلا دېمەيمۇ

قالمىدى، لېكىن تېزلا ئۆنتۆدى، بىرنەچچە سائەتكە قالمايلا ئۆنتۆدى، خۇددى بىر يۇكتىن قۇتۇلغاندەك يەڭگىللىشىپ قال-دى، يالغۇز بىر تاياقنى پۇلاڭلىتىپ ماڭسا تېخى ئەركىن بولىدىكەن. مانا هاۋا شۇنداق ئىللىق ھەم ساپ. جازانىخور بولسا يىراقتىكى كەنتتە قالدى، جاڭگىلى بولسا ئەركىن.

راست، دادىسىنىڭ تۇگەپ كەتكىنى يامان بولدى، جاڭگىلى غېرىب بولۇپ قالدى، لېكىن ئۇ ياش، كۈچ - قۇۋۋىتى بار. ئۇنداق ئىكەن، بۇ دۇنيا ئەمدى ئۇنىڭغا تەئەللۇق ئەمەسمۇ!

جاڭگىلى كۆككە قارىدى، كۆكتىكى ئاپئاق ماموق بۇلۇت-لارغا قارىدى، تېنى جۇغۇلدىدى، ۋۇجۇدى غايىبانە بىر كۈي-دىن لەرزىگە كەلدى. نېيىنى قولىغا ئېلىپ چاك - توپىلارنى پۈۋلىۋېتىپ سۈيدى، ئاندىن لېۋىگە ئاپاردى. نەي تۆشۈكچىلى-رىدىن ئاجايىپ بىر كۈي خۇددى تاش يېرىقلىرىدىن ئوخچىغان بۇلاق سۈيىدەك چىقىشقا باشلىدى.

ئۇ نېيىنى چالغىنىچە يولنى داۋاملاشتۇرىۋەردى. بۇ لەر-زان كۈينى ئاڭلاپ دېھقانلار ئىشىدىن توختىدى، باشلىرى كۈي رىتىمى بىلەن تەڭ لىڭشىدى؛ چوپان قىز كۆزىنى قوي پادىلىرىدىن يۆتكەپ ئۇنىڭغا مېھىر بىلەن تەلمۈردى؛ شوپۇر ماشىنىسىنى كۈينىڭ ئاستا رىتىمىغا سالدى، ئاخىر بېرىپ ھەتتا جاڭگىلىنىڭ كەينىدىمۇ قالدى، كېيىن بىردىنلا ئېسىنى تاپتى - دە، سۈرئەتنى تېزلىتىپ جاڭگىلىغا يېتىشىۋالدى ھەم ئۇنىڭ بىلەن قاتارلىشىپ ماڭدى، كېيىن بىر ئەنىالىق تەڭگى-دىن بىرنى جاڭگىلىغا تاشلاپ بېرىپ:

— ئەجەب ياخشى چالدىڭ، تاغلىق، ئېزىۋەتتىڭغۇ مېنى! — دېدى - دە، ماينى بولۇشىغا دەسسەپ، ماشىنىسى بىلەن بىردەمدىلا كۆزدىن يوقالدى. جاڭگىلى تەڭگىنى بىر

تېپىۋىدى، تەڭگە يول ياقىسىدىكى بىر تاشقا تېگىپ قىرىق غۇلاچ چوڭقۇرلۇقتىكى ھاڭغا چۈشۈپ كەتتى.

ئېھتىمال بەش مىڭ يىلدىن كېيىن بىر ئارخېئولوگ بۇ يەردىن بۇ تەڭگىنى تېپىۋېلىپ پۈتۈن ئۆمرىنى ئۇنىڭ يىلىنى، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئورنىنى ئېنىقلاشقا سەرپ قىلىۋېتەر. ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ مۇشۇنداق بىر باھار كۈنى نەي چېلىپ كېتىۋاتقان بىر پەرۋاسىز يىگىت تەرىپىدىن تېپىپ چۈشۈرۈۋېتىلگەن تەڭگە ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەس، بەلكىم.

جاڭگىلى ئۆزىنىڭ نېيىگە ئۆزى تەڭكەش قىلىپ مېڭىپ پۈتلىرى خېلى يەڭگىللەشكەندەك بولۇپ قالغانىدى، لېكىن تۈپتۈز تاشيول بىردىنلا ئېگىزلەپ قالغىلى تۇردى، ھەر ئايلانمىدىن ئۆتكەندە بىر دۆڭ. بۇنداق يولدا ئادەم بەك ھاسىراپ كېتىدۇ، ئەگەر نەي چالىمەن دېسە، دېمى كېسىلىپ قېلىشى تۇرغان گەپ. شۇڭا، نەينى يىغىشتۇرغۇلۇق، بەلگە قىستۇرۇپ ئېگىزگە قاراپ ئۆرلىگۈلۈك.

جاڭگىلى كېتىۋېتىپ بۇ يولنىڭ تاغ چوققىسىغا چىقىدىغان ئايلانما يول ئىكەنلىكىنى بايقىدى ۋە ئۈستىگە سوزۇلغان چىغىر يوللارغا قاراپ، بۇ يول بىلەن ماڭسا تاشيولدا ماڭغاندىن تېزرەك چىققىلى بولىدىغانلىقىنى سېزىپ دەرھال شۇ يولغا چىقىۋالدى. چىغىر يولنىڭ ياقىسىدا تېخى مېۋىگە كىرمىگەن نىرو دەرەخلىرى[①] بار ئىدى. جاڭگىلى ئۇنىڭ يۇمران يوپۇرماقلىرىنى يەپ ماڭدى. ئۇنىڭ تەمى ئاچچىق - چۈچۈك بولۇپ ماڭگو مۇراببانىڭ تەمىگىلا ئوخشايتتى. قورسىقى

① كەشمىرنىڭ تاغلىق رايونلىرىدا ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ نامى.

ئىچىپ كۆرۈلداپ كەتكەن بۇ يىگىتكە نانسىز ئاشۇنداق مۇراب-
با يەپ ماڭماقتىن باشقا نېمە ئامال بار دەيسىز!

تاغ ئۈستىگە ئاز قالغاندا، جاڭگىلى بىر پاگرا دەرىخە-
نىڭ[①] تۈۋىدە ئۆزى ئورۇق، قۇلاقلىرىغا يوغان مىس ھالقا ئې-
سىۋالغان، ئات يۈزلۈك، كۆزلىرى ھارامزادىلىك بىلەن پىل-
دىرلاپ تۇرىدىغان بىر ئوتتۇرا ياشلىق ئادەمنى كۆردى. چاچ-
لىرى چۇۋۇق، چىرايىدا ساختا كۈلكە ئويناپ تۇرىدىغان بۇ
ئادەم خۇددى بىرنېمىنى ساناۋاتقاندەك تاغ باغرىغا ئالاق -
جالاق قاراپ ئولتۇراتتى. جاڭگىلى ئازراق ھاردۇق ئېلىۋېلىش-
نى ئويلاپ ئاشۇ دەرەخنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ ئادەم
ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلىۋالماقچى بولغاندەك باشتىن - ئاياغ بىر
قارىۋېتىپ، كۈلۈمسىرىگىنىچە:

— نەگە بارىسەن، يىگىت؟ — دەپ سورىدى.

— پاتانكوتقا.

— پىيادە بارامسەن؟

— ھەئە.

— پىيادە ماڭساڭ يەتتە كۈن كېتىدۇ.

جاڭگىلى ئۈندىمىدى.

— نېمىشقا ماشىنىدا ئولتۇرمىدىڭ؟

جاڭگىلى يەنىلا ئۈنچىقمىدى.

— سىلەر تاغلىقلارزە تازا ئەخمەق، ئېشەكتەك مېڭىپلا
يۈرىسىلەر، يا ماشىنىغا ئېسىلىپ چىقىۋېلىشنى بىلمەيسىلەر.
مەنچۇ، ماشىنىغا ئېسىلىپ چىقىۋېلىپ ھەتتا بومبايغىمۇ بې-
رىپ كەلگەن.

---

① كەشمىرنىڭ تاغلىق رايونىدا ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ نامى.

www.uyghurkitap.com

— بومبايغىمۇ بارغانما؟ — جاڭگىلى ھەيرانلىق بىلەن سورىدى.

— ھەممە يەرگە بارغان، بىر تېيىنىمۇ خەجلىمەي.

— بومباي قانداقراق جاي ئىكەن؟

— ئىشلەيدىغان جاي. جاھاننىڭ قەيىرىگە بارساڭمۇ ئىشلەيسەن، ئەخمەق.

ئۇ ئادەم خالتىسىدىن قوناق چەلپەكلىدىن ئىككىنى چىقىرىپ ئۇشتۇپ يېگەچ:

— بومبايغا بارساڭمۇ ئىشلەيسەن، بۇ يەردىمۇ ئوخشاش. بومبايغا بېرىپ نېمە قىلىدۇ ئادەم، — دەپ قويدى. ئۇنىڭ يەۋاتقان چەلپىكىگە قاراپ جاڭگىلىنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كېلىپ كەتتى. قورسىقى بەك ئېچىپ كەتكەچكە ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى.

— مە، يېگىن، — دەپ، ئۇ ئادەم چەلپەكتىن كىچىككىنە ئۇشتۇپ ئۇنىڭغا بەردى - دە، بىر چەلپەكنىڭ قالغىنىنى پۇتۇنلەي ئۆزى يەۋېتىپ، قالغان بىر چەلپەكنى خالتىسىغا سېلىۋالدى، — ھە، چەلپىكىمنىمۇ يېدىڭ. ئەمدى ماڭا ئىش قىلىشىپ بەر.

— نېمە ئىش؟

— نېمە ئىشلىقىنى پەستىكى سىدانپورغا بارغاندىن كېيىن دەيمەن.

سىدانپور جىلغىدىكى بىر كەنت ئىدى. كەنتنى ئوتتۇرىسىدىن بىر ئېقىن بۆلۈپ تۇراتتى، كەڭ كەتكەن ئېتىزلارنىڭ ئەتراپى پۈتۈنلەي تاغ بىلەن قورشالغانىدى، كەنتنىڭ ئەتراپىدا ئورمانلىقمۇ بار ئىدى. ئىككى قارا ماشىنا تاغ باغرىدىن خۇد-

دى ئويۇنچۇق ماشىنىدەك ئاستا چۇشۇۋاتاتتى. ماشىنىنىڭ گۈ-
رۈلدىگەن ئاۋازى تاشيولنىڭ ئايلانمىسىدا بىر يوقاپ كېتىپ،
يېقىنلاشقاندا يەنە ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

— بۇ ماشىنىلار تاغنى ۋەيران قىلىۋەتتىغۇ، — دېدى
ھېلىقى ئوتتۇرا ياشلىق ئادەم چىشىنى غۇچۇرلىتىپ، —
تاغلىقلارمۇ هارامزادىلىشىپ، ساختىلىشىپ كەتتۇق. بۇ يەر-
گە تاشيولمۇ چۇشتى، دېھقانلارنىڭ سەمىمىي، ساددىلىقىمۇ
تۈگىدى.

— سەن نېمە ئىش قىلىسەن؟ — سورىدى جاڭگىلى.

— تىلەمچىلىك قىلىمەن. بۇمۇ ئوڭاي ئىش ئەمەس.
سىدانپورغا كەلگەندىن كېيىن تىلەمچى جاڭگىلىنى بىر
ئېتىزلىققا باشلاپ كەلدى. نېرىدىكى دەرەخلىكنىڭ ئارىسى-
دىن يوغانراق بىر، يەنە كىچىكرەك ئىككى كەپە كۆرۈندى.

— ئۇ يەردە بىر موماي بار، بەكمۇ پىخسىق، تىلەمچىگە
بىر ئوچۇم كېپەكمۇ بەرمەيدۇ. بۈگۈن ئۇنىڭ ئەدىبىنى بىر
بېرىپ قوياي.

— قانداق قىلىپ؟

— سېمىز - سېمىز توخۇلىرى بار. مۇنداق قىلىمىز:
سەن ئۇنىڭ ئالدىغا ئۇسسۇلۇق سوراپ بارىسەن، باشقىنى
بەرمىسىمۇ سۇنى بېرىدۇ ئۇ. ئۇ سۇ ئالغىلى ئۆيگە كىرىپ
كەتكەندە، مەن كاتەككە بېرىپ ئىككى توخۇسىنى ئوغرىلىۋا-
لىمەن. موماي تۇيماي قالىدۇ. سۇنى ئىچىپ بولۇپ ئاۋۇ دە-
رەخنىڭ تۈۋىگە كەل. بىرىنى ساڭا بېرىمەن.

— بۇ ئوغرىلىق بولامدۇ؟!

— چەلپەكمىنى يەپ، ئىشىمنى قىلمايمەن دەمسەن؟ ئوغ-
رىلىق قىلسام مەن قىلىمەن، سەن ئەمەس!

جاڭگىلى ياق دېمەكچى بولدىيۇ، لېكىن چەلپەكنى يېگەچكە تىلى قىسىلىپ، ئامالسىز بېشىنى ساڭگىلىتىپ كەيندىن ماڭدى.

ئىككىسى ھايال ئۆتمەيلا موماينىڭ قورۇسىغا يېقىن بىر چاتقاللىقتا يوشۇرۇندى. قورۇدا موماي چاقتا يىپ ئىگىرىپ ئولتۇراتتى. تىلەمچى ياتقاندىن يېرىدىن قوپۇپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، جاڭگىلغا:

— سەن ئۇدۇل مېڭىۋەر، مەن كەينى تەرەپتىن بارىمەن. ئاۋۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان كاتەك. سۈنى ئالدىرىماي ئىچ، ئۇقتۇڭمۇ؟ ئەمىسە سېنى ھېلىقى دەرەخنىڭ تۈۋىدە كۈتۈپ تۇرىمەن، — دېدى-دە، ئېگىلگىنىچە مېڭىپ ئۆينىڭ كەينى تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى. جاڭگىلمۇ ئېگىلىپ مېڭىپ بىر تۈپ ئۆرۈكنىڭ يېنىغا كەلگەندە قەددىنى رۇسلىدى-دە، گەز باغلىغان كالپۇكلىرىنى يالاپ قويۇپ، دادىللىق بىلەن قورۇغا قاراپ ماڭدى. قەدەم تىۋىشىنى ئاڭلاپ موماي چۆچۈپ كەتتى، چۆرگىلەۋاتقان چاقمۇ شاپپىدە توختىدى.

— نېمە ئىشىڭ بار؟ — سورىدى موماي توڭلۇق بىلەن.

جاڭگىلى يېقىن كېلىپ، مومايغا:

— شۇ تاپتا كاتەكتىكە ئوغرى چۈشتى، — دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ موماي ۋارقىراپ تىللاپ جاھاننى بېشىغا كىيگىنىچە كاتەككە قاراپ يۈگۈردى. جاڭگىلى بولسا غىپپىدە قورۇدىن چىقىپ، ئېتىزدىن ئۆتۈپ تاشيولغا چىقىۋالدى. يىراقتا بىر چايخانا، يېنىدىكى دەرەخلىكنىڭ يېنىدا ئىككى قارا ماشىنا تۇراتتى.

موماي توخۇ ئوغرىسىغا ئېسىلىپ تېخىمۇ ۋارقىراشقا باشلىۋىدى، شۇ ئارىدا ئىككى دېھقان كېلىپ ئۇ ئوغرىنى



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كانسيدىن بوغدى.

جاڭگىلىنىڭ يۇرىكى دۇپۇلدەپ سوقۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئەتراپقا سىنچىلاپ قاراپ بىرەرىنىڭ بايقىمىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن ماشىنىنىڭ كەينىدىكى بىرىزىنتنى ئېچىپ ئىچىگە كىرىۋالدى.

ماشىنىنىڭ ئۈچتىن بىر يېرى قۇرۇق، قالغان يېرىدە تاي-تاي پاختا، بەزى تايلىرى چۇۋۇق ئىدى.

سىرتتىن ھېلىقى ئوغرىنىڭ ۋاي - دادلىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇرغاچقا، جاڭگىلى تايلارنى يۆتكەپ ئۆزى ئىچكىرىرەك كىرىۋالماقچى بولدى، تۆت - بەش تاينى يۆتكەپ تۇرۇشىغا ئىچى تەرەپتىن بىر شەپە ئاڭلانغاندەك قىلدى، دەرھال ئۇ تاينى يۆتكىدى، يۆتكىدىيۇ، ئۇ يەرگە قاراپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ يەردە كۆك چېكىم كۆڭلەكلىك بىر قىز بىر بىلىكى بىلەن كۆكسىنى ، بىر بىلىكى بىلەن يۈزىنى توسقىنىچە تۈگۈلۈپ يېتىۋالغانىدى.

## 5

شۇ تاپتىمۇ تالادىن: «ئوغرى! ئوغرى!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قىز قورققان ھالدا جاڭگىلىغا قارىدى، ئاندىن ياتقان يېرىدىن شاققىدە قوپۇپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا:

— سەن ئوغرىمۇ؟ — دېدى.

— ياق، مەن ئوغرى ئەمەس، — دېدى جاڭگىلى ئۆزىنى ئاقلاپ، — ئوغرىلىق قىلغان باشقا ئادەم.

— ئەمىسە، ئەجەب چۆچۈپ تۇرىسەنغۇ؟

جاڭگىلى خېلىغىچە جىمىپ كېتىپ ئالىقانلىرىغا قارىدى-دە، ئاندىن بارماقلىرىنى ئېگىپ تۇرۇپ:

— مەن ئۇنىڭ چەلپىكىنى يېگەن، شۇڭا ئامالسىز كەينىدىن باردىم، لېكىن ئوغرىلىق قىلمىدىم، — دېدى. ئۇنىڭ ياش ئويناپ، يېلىنىش چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ ئىشەنگەن بولسا كېرەك، قىز ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

«ئوغرى! ئوغرى!» دېگەن ئاۋازلار بارغانسېرى يېقىنلىشىشقا باشلىدى.

— خەقلەر سېنى تۇتقىلى كېلىۋاتىدۇ، — دېدى قىز جاڭگىلىنىڭ كۆزىگە قاراپ. جاڭگىلى ماشىنىدىن چۈشۈپ قاچماقچى بولغاندەك ھودۇقۇپ بىر ئىشلارنى قىلغىلى تۇرۇۋىدى، قىز ئۇنىڭ يېڭىگە ئېسىلىپ، — گۇمۇشلۇق قىلماي ئاۋۇ پاختىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋال، — دېدى.

جاڭگىلى قىزغا چەكسىز مىننەتدارلىق بىلەن قارىدى. ئىككىسى بىرلىشىپ چەتتىكى بىرنەچچە تاي پاختىنى يۆتكەپ ئۆزلىرىگە جاي راسلىغاندىن كېيىن، پاختىنى يەنە قاتار قىلىپ تىكلىۋەتتى. ئۇلار كىرىۋالغان ئورۇن قاپقاراڭغۇ بولۇپ كەتتى، لېكىن كوزۇپ ياغاچلىرىنىڭ ئارىسىدىن تالا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىرمۇنچە دېھقان دەرەخلىكنىڭ تۆۋىگە ئولىشىۋالغان، ئىككىسى ھېلىقى تىلەمچىنى تۇتۇپ تۇرغانىدى. ئۇنى بەزىلەر شاپىلاقلىسا، بەزىلەر تېپەتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرمەي ماڭاتتى.

— ئۇلار بۇياققا كېلىۋاتىدۇ، — دېدى جاڭگىلى تەشۋىشلىنىپ.

— قورقما، — دېدى قىز ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، — بۇ

يەر بىخەتەر، ھېچكىم كۆرمەيدۇ.

گېلى قۇرۇپ كەتكەن جاڭگىلى تۇكرۇكىنى ئىچىگە يۇ-تۇپ تالاغا چەكچىيىپ قاراپ تۇردى. ئادەملەر ماشىنىنىڭ يېنىدىكى كائو دەرىخىنىڭ يېنىغا كەلدى. ھېلىقى تىلەمچى غال - غال تىترىگەن ھالدا ئۇلارغا يالۋۇرغىلى تۇردى:

— مەن ئوغرى ئەمەس، ھېلىقى قېچىپ كەتكەن شۇ!

— ئۇ يالغان دەۋاتىدۇ، — دېدى موماي ئورۇق، ئىنچىكە قوللىرىنى شىلتىپ تۇرۇپ، — ئاشۇ يىگىت دەپ قويغاچقا، مەن بۇ ئوغرىنى كاتەكتە تۇتۇۋالغان.

— ھە، ئەمىسە ئۇ ئوغرى بولمىسا، نېمىشقا قېچىپ كېتىدۇ؟ — دېدى تىلەمچى دېھقانلارغا، — بۇ موماي ماڭا بەك ئۆچلۈك قىلىدۇ، ئالدىغا تىلەمچىلىك قىلىپ كەلسەم تىللاي-دۇ. ئۇنىڭغا ئىشەنمەڭلار، مەن بىچارىگە ئۇۋال قىلماڭلار، مەن ئۇچۇن ئىككى ئېغىز لىللا سۆزلەپ قويۇڭلار.

— بولدى، بولدى، ئاۋۋال كەنت باشلىقىنىڭ ئالدىغا ئاپى-رىڭلار. شۇ ئادىل سوراپ قويسۇن. توۋا، ھېلىقى ئادەم نەگە كەتكەندۇ؟

بۇ گەپنى قىلغۇچى مەيدە يانچۇقى ئاللىقانداق ھۆججەتلەر بىلەن پومپىيىپ تۇرغان، قوڭۇر رەڭ كۆڭلەك ۋە سارغۇچ بۇرۇلكا كىيىۋالغان، ئوتتۇرا بويلۇق، تەمبەل بىر يىگىت ئى-دى. قىز جاڭگىلىغا ئۇنى كۆرسىتىپ:

— مۇشۇ ماشىنىنىڭ شوپۇرى، — دېدى. شۇ ئارىدا بىر دېھقان شوپۇرغا سۆزلىدى:

— ھېلىقى لەنتى قېچىپتۇ. بولمىسا، كىمنىڭ راست، كىمنىڭ يالغان ئىكەنلىكى بىردەمدىلا مەلۇم بولاتتى.

— ماڭا قاراڭلار، — دېدى موماي، — ئۇ ئوبدان يىگىت-

www.uyghurkitap.com

كەن. شۇ دەپ قويغاچقا، مەن بۇ ئەبلەخنى تۇتۇۋالدىم.
شوپۇر بىرنەچچە كۈنگىچە ئېلىنمىغان كىرپىنىك تىكىنـ
ـدەك يىرىك بۇرۇتلىرىنى سىلاپ قويدى، قاپقارا كىرپىكلىرىـ
ـنىڭ ئاستىدا كۆزلىرى يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇراتتى. قولىدىكى
تاماكىسىنى ئاخىرقى قېتىم كۈچەپ شورىدى ـ دە، قالدۇقىنى
دەسسەپ ئۆچۈرۈۋېتىپ، ئاغزىدىن ئىسنى پۈۋلەپ تۇرۇپ:
— يۇر، بەختىيار، ماڭايلى، بولمىسا، كەچ كىرگۈچە
پاتانكوتقا بارالمايمىز، — دېدى.
— ئۇ هامىمال، — دېدى قىز بەختىيارنى كۆرسىتىپ.
بەختىيار شوپۇردىن ئېگىزرەك بولغىنى بىلەن، تەمبەل ئەـ
ـمەس ئىدى، تىزلىرى قاسماق بېسىپ كەتكەن قارا كۆك ئىشتىـ
ـنى خۇددى تاياقتا كىيگۈزۈپ قويغاندەك لەپەڭشىپ تۇراتتى.
كىرلىشىپ كەتكەنلىكتىن كۆڭلىكىمۇ ئەسلىدىكى ئاق رەڭـ
ـگىنى يوقىتىپ قويغانىدى. يۈزى سوزۇنچاق، چىشلىرى سېـ
ـرىق، كالپۇكلىرى دورداي، ھەتتا كۇلسىمۇ يوغان كۆزلىرىـ
ـدىن مۇغەمبەرلىكى چىقىپ تۇرغان بۇ يىگىت ھېلىقى تىلەمـ
ـچىنىڭ كاللىسىغا بىرنى قويۇپ، ئاندىن شوپۇرغا:
— يۇر، مۇھەددەپ! — دېدى ـ دە، ماشىنىنىڭ جاڭگىلىدـ
ـلار بار تەرىپىدىن كابىنكىغا چىقتى. ئارىلىق يېقىن بولغانلىقـ
ـتىن، ئۇ كابىنكىغا چىققۇچە جاڭگىلى بىلەن قىز نەپەس ئېـ
ـلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇلار بەختىيارنىڭ يېڭى تو-
رۇكلۇك بىلىكىدىكى تاتۇقىنىمۇ كۆرۈپ ئۈلگۈردى. باياتىن
بېرى كۆرۈنمىگەن شوپۇر كابىنكىغا نېرىقى تەرەپتىن چىققان
بولسا كېرەك، ماتورنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ماشىـ
ـنا يولغا چىقتى، بەختىيار سىرتقا چىقىرىۋالغان قولى بىلەن
ماشىنا دېرىزىسىگە چېكىپ تۇرۇپ ئاللىقانداق بىر ناخشىغا

غىڭشىغىلى تۇردى.

ماشىنىنىڭ سۈرئىتى بارغانسېرى تېزلەشتى.

قىز مەيدىسىنى تۇتۇپ چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىۋالدى، ئاندىن بىرنەچچە تاي پاختىنى نېرى - بېرى سۈرۈۋىدى، ئارىغا بىرئاز يورۇقلۇق چۈشتى. بۇ چاغدا جاڭگىلى قىزغا چاپلى-شىپ ئولتۇراتتى. قىز قوشۇمىسىنى تۈرۈپ بوش، لېكىن جىددىي ئاھاڭدا:

— نېرى ئولتۇر! — دېدى. جاڭگىلى خۇددى يىلان چېقى-ۋالغاندەك شۈركۈنۈپ دەرھال كەينىگە سۈرۈلدى. ئۇلار يەنە بىرنەچچە تاي پاختىنى نېرى - بېرى قىلىپ بىر - بىرىگە قاراپ ئولتۇردى، ئارىسىدا ئىككى غېرىچچە بوشلۇق قالدى. قىز ناھايىتى ھوشيارلىق بىلەن ئولتۇراتتى، جاڭگىلى بولسا خۇددى ئانا قورسىقىدىكى بوۋاقتەك تۈگۈلۈپلا قالغانىدى، ھا-سىراپ كېتىۋاتاتتى. ئەتراپ پۈتۈنلەي پاختا بولغاچقا سۆزمۇ سىرتقا ئاڭلانمايتتى، شۇنداقتىمۇ جاڭگىلى سۆزلەشكە پېتى-نالمايتتى، پەقەت قىزنىڭ گۈزەل جامالىغا تىكىلىپلا ئول-تۇراتتى.

— ئەگەر ماڭا چېقىلىدىغان، قولۇڭنى سوزىدىغان بول-ساڭ، ۋارقىرايمەن.

قورقۇپ كەتكەن جاڭگىلى: «ياق، ئۇنداق قىلامدى-غان!» دېگەندەك قىلىپ بېشىنى چايقىدى. قىزمۇ خېلى بىر-ھازاغىچە زۇۋان سۈرمىدى، ئاخىر چىدىمىدى بولغاي، جىم-لىقنى يەنە ئۆزى بۇزدى.

— ھوي، گەپ قىلساڭچۇ!

— نېمە دەيمەن؟ — جاڭگىلى ساددىلىق بىلەن سورىدى

www.uyghurkitap.com

ۋە ئەنچىشە بىلەن بېشىنى چايقىدى. قىز ئۇنىڭ ئەپتىگە قاراپ كۈلۈۋەتتى.

— بىردەمدىلا دوّت بولۇۋالدىڭغۇ. ئىسمىڭ نېمە؟

— جاڭگىلى!

قىز پىخىلداپ كۈلۈپ، چىدىيالماي ئاۋازى چىقىپ كەتتى. مەسلىكى ئۇچۇن باش ياغلىقىنى چىشلىۋالدى، ئاخىر كۆزىدىن ياش چىققۇچە كۈلۈۋېلىپ، ياغلىق بىلەن يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ زۇۋانغا كەلدى:

— جاڭگىلى؟ جاڭگىلى دېگەنمۇ ئىسىم بولامدۇ؟

— كەنتتىكىلەر ھەممىسى مېنى شۇنداق چاقىرىدۇ.

— ئاپاڭمۇ شۇنداق چاقىرامدۇ؟

— ياق، ئاپامنىڭ قانداق چاقىرىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئۇ... ئۇ كىچىك چېغىمدىلا توگەپ كېتىپتىكەن.

قىز بىر خىللا بولۇپ قالدى، چىرايىدا ئىچ ئاغرىتقاندەك ئالامەت پەيدا بولدى، سەل جىمىپ كېتىپ، ئاندىن:

— داداڭمۇ شۇنداق چاقىرامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق. ئۇ مېنى راجا دەپ چاقىراتتى.

— راجا؟

— ھەئە، راجا! بەزىدە راجا، بەزىدە راجار، بەزىدە راجۇ، دەپمۇ چاقىراتتى. ئەمدى ئۇنداق چاقىرىدىغان ئادەممۇ يوق. ئىككى ئاي بولدى، ئۇ ئۆلۈپ كەتكىلى.

قىزنىڭ چىرايىدا پەيدا بولغان ئانىلارغا خاس بىر خىل ئىچ ئاغرىتىش جاڭگىلىنىڭ يۈرىكىنى جۇغىدە قىلىۋەتتى. قىز ئۇنىڭ يېنىغا سەل سۈرۈلۈپ:

— شۇ تاپتا نەگە بارماقچى بولۇۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— بومبايغا.
— نېمە قىلغىلى؟
— ئۆكۈزۈم يوق.
— ئۆكۈز ئالغىلى بومبايغا بارامسەن؟
— ياق. بومبايغا ئىشلىگىلى بارىمەن. ئۇ يەردە ئىش تاپماق ئوڭاي، دەپ ئاڭلىدىم.

ئىككىسىنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، چۈنكى بەختىيار بايامقى غىڭشىشنى قويۇپ، بولۇشىچە ناخشا توۋلاشقا باشلىغانىدى:

مېنى تاشلاپ كېتەر بولدۇڭ،
قەدرىڭگە يېتەر بولدۇم.
ئېلىپ كەتكىن خېتىمنى، يار،
ئاڭا گەپنى يېزىپ قويدۇم.

مۇھەددەپ رولنى مەھكەم تۇتقىنىچە بەختىيارنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاۋېتىپ، تۇيۇقسىز جىملا بولۇپ قالدى:
— بولدى قىلە، ئەجەب كاڭشىپ كەتتىڭ!
بەختىيارنىڭ ناخشىسى جىددىي تورمۇز تۇتقان ماشىنىدەك شاپپىدە توختىدى. ئۇ ھەيرانلىق بىلەن مۇھەددەپكە قارىدى.
— قېنى، تاماكا چەكتۇرمەمسەن، — دېدى مۇھەددەپ.
بەختىيار سومكىسىدىن «تۆت مۇنار» ماركىلىق تاماكىنى چىقىرىپ ئاغزىغا ئىككى تال چىشلەپ بىراقلا تۇتاشتۇردى، ئاندىن بىر تېلىنى مۇھەددەپكە چىشلىتىپ قويۇپ يەنە ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇردى. مۇھەددەپ تاماكىنى تازا بىر شورىۋېتىپ غوتۇلدىدى:

— خەت، خەت، نېمە خەتكەن ئۇ! خەت ئوقۇغۇڭ كېلىپ كېتىۋاتامدۇ؟ دەپ باقە، ساڭا بىرەر قىز خەت يېزىپ باقمانمۇ؟

— ياق! — بەختىيار ھەيرانلىق بىلەن جاۋاب بەردى.

— ئەمىسە، خەت - خەت دەپ نېمانچە ۋارقىرايسەن؟ ئاناڭنى، بىزگە خەت نەدە؟! مەيدە يانچۇقتا پراۋىدىن باشقا نېمە بار دەيسەن؟! شوپۇرلۇق قىلىۋاتقىنىمغا ئون بەش يىل بوپتۇ، ماڭا بىرەر قىز خەت يېزىپ باقمىنى يوق. خەتقۇ تۇرۇپ تۇرسۇن، بىر قىزنىڭ ماڭا كېلىپ سۆزلەپ باقىنىنى ئاڭلىغان ئىنسانمۇ ئەمەس مەن.

— توي قىلساڭ بولامدۇ، مۇھەددەپ؟ — دېدى بەختىيار كۈلۈپ.

— توي؟ خۇدانىڭ كۈنى يولدا جالداقشىپ ماشىنا ھەيدەپ يۈرسەم، خوتۇننى ئۆيدە خەقنى كۈتسۇن، دەپ ئالىمەنما؟!

— ۋاي - ي، نېمىلەرنى دەيدىغانسەن؟!

— راست گەپ. مېنىڭ ئالدىمدىن ئاغىنىلىرىمنىڭ جىق ئىشلىرى ئۆتتى.

— ئەمىسە، ئۆتەڭلەردىن بىرەر ئاشنا تۇتۇپ قوي. سىپ-نىڭ ئالدىڭدا مەن پوگىن سىنگخ بىلەن بىللە ماڭغان. ئۇ يامان نېمىتى، ھەربىر ئۆتەڭدىن بىر - ئىككىنى تۇتۇپ قوياتتى.

— ۋايىيەي، ھېلىقى ناخشىسىنىلا ئەمەس، ئۆزىنىمۇ ساتى-دىغانلارنى دەمسەن. شوپۇرلار ياتقانلىكى جايدا ئۇنداق نېمى-لەر جىق. ئۇنداق پاسكىنىلارنى ئايال دېگىلى بولامدۇ! دارىپ كەتسەڭلا كېسەل بولىسەن. ھە، شۇ پوگىن نېمە بولدى ھا-زىر، بىلەمسەن؟

— بىلمەن. دوختۇرخانىدا.

— كېيىن نېمە بولدى؟

— لېكىن، ئۇبدان قىزلارمۇ بارغۇ؟
— سەن كۆرگەنمۇ؟
— كۆرگەن، نەچچە يۈزنى، — بەختىيار ئەمدى پو ئېتىشقا باشلىدى، — پېقىرنىڭ بۇ جەھەتتە خېلى پەمى بار. كۆزۈڭ چۈشكەن قىزىڭ بولسا، دە، ئۆزۈم توغرىلايمەن.
بەختىيار سۆزلەپ بولۇپ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ھارامزادىلىك بىلەن كۈلدى. مۇھەددەپ تاماكىنىڭ قالدۇقىنى كابىنكىدىن تالاغا چۆرۈۋېتىپ، زەردە بىلەن:
— يالغان! — دەپ توۋلىدى.
— قېنى، ئالدىمىزدا بىرەر قىز ئۇچراپ قالسا، مېنى سىنا. مەن سەندەك پەمسىز ئەمەس. ھەي، مۇھەددەپ، مۇشۇنداق سوقا - سەندەلدەك بەستىڭ بىلەن شۇنچىلىك يارامسىز بولارسەنمۇ، توۋا!!
— بەختىيار، تولا چىشىمغا تەگمە، جۆمۈ!
بەختىيار شوخلۇق بىلەن كۈلدى. ئۇ مۇھەددەپنىڭ قىزلاردىن قورقىدىغانلىقىنى، يولدا بىرەر قىز ئۇچرىسا تىترەپ قېچىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا پات - پات چىشىغا تېگىپ ئوينايتتى. بەختىيار ئاغزىنى مۇھەددەپكە يېقىن ئەكېلىپ تۇرۇپ:
— ئەگەر شۇ تاپتا ئالدىڭدىن بىرەر قىز يالغۇز كېلىۋاتقان بولسا، سەن قانداق قىلاتتىڭ؟ — دەپ سورىدى.
مۇھەددەپ ئالدىدىكى يولدا بىرەر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيۋاتقانلىقىنى، جىلغىلاردىكى دەرەخلەرنىڭ شىلدىرلىشىدىن باشقا ھەتتا بىرەر ئاۋازنىڭمۇ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، دەرھاللا:
— قانداق قىلاتتىڭ دېمىسەن، مەن بارغۇ. . . — ئۇنىڭغا

گەپ تەس كەلگەندەك كۆچەپ، قوللىرىنىڭ تومۇرلىرىمۇ كۆبجۈپ كەتتى، — ماشىنىنى غاچچىدە توختىتىپ ئۇنى پوكلا قۇچاقلايمەن دېگىنە. ۋاي - ۋاي. . . ئۇستىخانلىرىنى غاراسلىتىپ تۇرۇپ. . .

— هە، هە، يارايسەن، هە، دېگىنە!

— مۇشۇنداقلا، هە، خۇددى ياڭاقنى ئالىقاندا غاراسلىتىپ ئەزگەندەك. . .

— هە، كېيىنچۇ؟

— كېيىن يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋېلىپ يەيمەن، خۇددى ياڭاقنى چېقىپ، ئىچىدىن مېغىزىنى ئېلىپ يېگەندەك. هە، قىز بالا ئۇچرىسا بارغۇ، ئاشۇنداق يەپلىۋېتىمەن.

قىز دەرھال ئۆرۈلۈپ كوزۇبقا كەينىنى قىلىۋالدى.

ئابايا ئۇ قىز بىلەن جاڭگىلى ئىككىسى تايلارنى يۆتكىۋېتىپ دەل كابىنىكىنىڭ كەينىدىكى كوزوب ياغىچىغا يۆلىنىپ شوپۇر بىلەن بەختىيارنىڭ سۆزىنى تىڭشاپ ئولتۇرغانىدى. قىز كەينىدىكىلەرنى تۈيماي خىرامان سۆزلەپ ئولتۇرغان شوپۇرنىڭ ئاخىرقى سۆزىنى ئاڭلىغاندا قورقۇپ، يۈرىكى موللاقشىپ، چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. ئۇنىڭغا شۇ تاپتا ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسە شوپۇرنىڭ سۆزلۈك، شەپقەتسىز قوللىرىدەك بىلىنەتتى. ئۇ دېمى سىقىلغاندەك بولۇپ تەتۈر قاراپ ئولتۇرۇۋالدى.

جاڭگىلى تايلارنى كابىنكا كەينىدىكى بۇرۇنقى ئورنىغا قويدى. ئىككىسى ئەسلىدىكىدەك ئولتۇردى.

قىز يۈرىكى سوقۇپ ھاسىراپ كەتكەنلىكتىن، كۆكرەكلىرى ئېگىز - پەس بولۇپ كېتىۋاتاتتى، پۈت - قوللىرىمۇ

تترەيتتى. جاڭگىلى ئىختىيارسىز قىزنىڭ قوللىرىنى تۇتۇۋ-
ىدى، قىز ئۇنىڭ قوللىرىنى سىلكىۋېتىپ:
— يىراق تۇر، ماڭا تەگكۈچى بولما! — دېدى.
جاڭگىلى ئەيمىنىپ، كەينىگە سۇرۇلۇپ غۇجمەك بولۇپ ئولتۇرۇۋالدى.
لېكىن، بىرئاز ئۆتمەيلا ماشىنا بىر دوقمۇشتىن ئىتتىك ئايلىنىۋىدى، جاڭگىلى ھەرقانچە قىلسىمۇ ئۆزىنى توختىتال-
ماي قىزنىڭ ئالدىغىلا يىقىلدى. ئىككىسىنىڭ مەيدىسى بىر-
بىرىگە چاپلىشىپ، ھەتتا جاڭگىلىنىڭ قولى قىزنىڭ بوينىغا چۈشۈپ، يۈزلەرمۇ سۈركىلىپ كەتتى.
بىرئازدىن كېيىن جاڭگىلى ئۆزىنى ئاران جۆندىۋالدى، قىزمۇ ئۇنى ئىتتىرىپ ئۆزىدىن يىراقلاشتۇردى.
جاڭگىلى شۇ تاپتا خۇددى تېنىگە ئوت تۇتىشىپ كەتكەن-
دەك بولۇپ قالدى. توۋا، قىزنىڭ بىر يېرى تېگىپ كەتكەنگە ئادەم ئەجەب بولۇپ كېتىدىكەنا! جاڭگىلى قىزغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالدى، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنى سەل ئوڭشىۋالاي دېۋىدى، ماشىنا تۇيۇقسىز چايقىلىپ، ئىككىسى يەنە بىر-
بىرىگە سوقۇلۇپ كەتتى.

سەلدىن كېيىن ماشىنا لاقىدىن ئۆتۈپ كەتتى. بەختىيار رۇسلىنىپ ئولتۇرۇپ مۇھەددەپتىن سورىدى:
— ئەگەر يېنىڭدىكىسى مەن بولماي، بىر قىز بولسا، مۇشۇ چايقىلىشتا موكلا قۇچىقىڭغا يىقىلسا، قانداق قىلات-
تىڭ؟
— ۋاھ! — مۇھەددەپ سۆدىن چىققان بېلىقتەك ئاغزىنى يوغان ئېچىپ قالدى ۋە ماشىنىغا مايىنى بولۇشىچە بەردى.

www.uyghurkitap.com

ئەمدى كوزۇبتىكىلەرگە كەلسەك، قىز ئورنىدىن تۇرۇپ كۆڭلىكىنى رۇسلاپ، چېكىسىگە چۈشۈپ قالغان چاچلىرىنى كەينىگە تاشلاپ، ئاندىن دومسايغان هالدا جاڭگىلىغا:

— نېمىشقا ئۇستۇمگە يېتىۋالىسەن؟ — دېدى.

— قەستەن يېتىۋالدىمۇ، ماشىنا يىقىتىۋەتكەن تۇرسا!

— يالغان!

— راست!

— ئەمدى بېسىۋالمايمەن، دەپ ۋەدە بەر.

جاڭگىلىنىڭ ئاچچىقى كەلدى. بۇنى دەپ قويغان بىلەن هۆددىسىدىن چىقالىسا بولىدۇ. لېكىن، ۋەدە بەرمىسە، قىز ۋارقىرايدۇ، ئۇ بومبايغا بارالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، قىزنىڭ ئۇستىگە يىقىلىسىمۇ ئوبدان ئىشكەن ئەمەسىمۇ. هەي، ماقۇل دېمەي نېمە ئامال؟!

— قۇلىقىڭنى تۇتۇپ قەسەم ئىچ![1]

جاڭگىلى ئىككى قۇلىقىنى تۇتۇپ قەسەم ئىچتى، لېكىن بۇنى ئويلىغانسېرى ئۇنىڭ قورسىقى كۆپتى. ئۇنىڭدا نېمە گۇناه، ئۇ يولنىڭ تۇرۇپ - تۇرۇپ ئويمان - چوڭقۇر بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلسە كاشكى! پاختىنىڭ كەينىدە ئولتۇرسا، ماشىنىنىڭ قاچان كاتاڭغا چۈشۈپ، قاچان چايقىلىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ قاچان قىزنىڭ ئۇستىگە چۈشىدىغانلىقىنى ئۇ نەدىن بىلسۇن؟ بۇ قىزمۇ ئادەمنى ئانچە تاپقىلى تۇردى!

جاڭگىلى بىر تاي پاختىنى قىز بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىلىقىغا قويۇپ ئاندىن كۆڭلى سەل ئارام تاپقاندەك بولدى. هە، ئەمدى ئىككىلىسى ئۆز تەۋەسىدە ئولتۇرسۇن!

---

[1] بۇ هىندىلارنىڭ قەسەم ئىچكەن چاغدىكى هەرىكىتى.

# 6

بىرپەس جىملىقتىن كېيىن قىز جەينىكىنى تاي پاختىنىڭ ئۈستىگە تىرەپ سۆزلىدى:

— گەپ قىلمامسەن؟

— نېمە دەيمەن؟

— بىر ئېغىزمۇ سوراپ قويمىدىڭا، سەن كىم، نەدىن كەلدىڭ، نەگە بارىسەن، دەپ؟

— ھە، ئەمدى سورىغان بولاي، — جاڭگىلىنىڭ قېيىداپ دېگەن بۇ سۆزى قىزنىڭ كۆلكىسىنى قىستىدى. قىزنىڭ ئۈز-چىدەك چىشلىرى ئۈنىڭغا ئامۇت چېچەكلىرىنى ئەسلەتتى.

— ئىسمىم تارنا، — دېدى قىز.

— تارنا؟

— ھەئە، تارنا!

— سەنمۇ بومبايغا بارامسەن؟

— ياق، ئاگاركوتقا، ھامما ئاچامنىڭكىگە بارىمەن.

— ئاگاركوت قەيەردە؟

— مۇشۇ يولدا. پاتانكوتتىن ئون سەككىز كىلومېتىر نېرىدا.

— ھامما ئاچاڭنىڭكىگە نېمىشقا بارىسەن؟

— دادام مېنى يەتتە يۈز ئەللىك روپىيىگە كەنتىمىزنىڭ باشلىقىغا ساتىمەن، دېگەنىدى، شۇڭا. . .

توي قىلمىغان قىزلارنى ساتىدىغان ئىش جاڭگىلىنىڭ يۇر-تىدىمۇ بار. قىزنى ئالىمەن دېگەن يىگىت قىزنىڭ باھاسىغا

چۈشلۈق پۇل تۆلەش كېرەك. بۇ ئىشلارنى جىق كۆرگەن بۇ تاغلىق يىگىت ئۇ گەپكە ئانچە ھەيران قالمىدى. ھەيران قالغىـنى — ئۇ قىزنىڭ باھاسىنىڭ يۇقىرىلىقى. ئۇنىڭ يېزىسىدا ئەڭ ئېسىل قىزنىڭ باھاسىمۇ ئۈچ يۈز رۇپىيىدىن ئاشمايتتى. بۇ قىزنىڭ باھاسى بولسا بۇنداق ئىكەن. شۇنچە جىق پۇل بەرسە، توۋا، بۇ قىز يەنە نېمىشقا قاچىدىغاندۇ؟

— كەنت باشلىقى بىلەن توي قىلغۇڭ يوقما؟

— ھەرگىز!

— نېمىشقا؟

— يەتتە بالىسى بار بوۋاي ئۇ، ئىككى خوتۇنىنى گۆرگە ئۇزىتىپ قويغان، ئاغزىدا چىشى يوق ماك ـ ماك قېرى تۇرسا. ئۇنىڭغا تەگكۈچە ھامما ئاچامنىڭكىگە بېرىپ تۇرۇۋالاي، دەيـمەن.

جاڭگىلى ئۈندىمىدى. قىز تاي پاختىغا تىرىنىپ تۇرغان قولى بىلەن يۈزىنى تۇتۇپ بىرپەس چوڭقۇر خىيال سۈرگەندىن كېيىن:

— ھەي ـ ي، ئاياللارنىڭ كۈنىمۇ كۈنمۇ؟! — دەپ خورسىندى.

جاڭگىلى بۇ گەپكە بىرنېمە دېمىدى، لېكىن ئويلاندى: ئەرلەرنىڭچۇ، ئەرلەرنىڭ كۈنىمۇ كۈنمۇ؟ ئۆكۈزىدىن ئايرىلىۋىدى، يۇرتىنى تاشلاپ چىقتى، بېشى قايغان، پۇتى تايغان يەرگە كېتىۋاتىدۇ، مانا!

گۈگۈم يېقىنلاشقاندا دەل ـ دەرەخلەرنىڭ سايىلىرى تاشـيولغا چۈشتى. شارقىراتما ۋە بۇلاقلاردىن سۇ ئېلىپ قايتقان قىزلارنىڭ سېپى بارغانسېرى ئۇزىراشقا باشلىدى. مۇھەددەپـ

نىڭ ماشىنىسى ئاگاركوت جىلغىسىغا كىردى.

بۇ خۇددى پىيالىگىلا ئوخشاش جىلغا ئىدى. تاغ - چوقىلار گويا توگۇۋالغان مۇشتىنى ئېچىپ ئالىقىنىدىكى نۇرلۇق ياقۇتنى نامايىش قىلغاندەك، بۇ گۈزەل جىلغا بىردىنلا ۋالىلدە پارقىراپ كەتتى.

ئورمانلىقتىن تۆپىلىككىچە پۈتۈنلەي باغ. ئۆرۈك، گىلاسلارنىڭ شىرنىلىرى جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ، خۇددى ياشلىق باھارى ئۇرغۇغان قىزنىڭ لەۋلىرىدە سۆيگۈ جىلۋىلەنگەندەك.

تۆپىلىكتىن چۈشكەندە ئۈزۈملۈك. تەكتىكى يوپۇرماقلارنى نارەسىدە قىزلارغا ئوخشاتساق، تېخى چېكىلمىگەن ياپيېشىل ئۈزۈملەر خۇددى شوخ بالىلاردەك ئۇلارنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالغان. مەيىن شامالدا يوپۇرماقلار سەل نېرى - بېرى بولسا، ئۇلار بېشىنى چىقىرىپ لاپپىدە بىر قارىۋالىدۇ، ئاندىن يەنە يوپۇرماقلار كەينىگە يوشۇرۇنىدۇ.

ئەلۋەتتە، مەسۇم - گۈدەك چاغلارنىڭ ئۆتۈپ كەتمەيدىغىنى يوق. ھوسۇل مەزگىلى كەلگەندە، بۇ ئۈزۈملۈكلەر كۆكسى چىڭقىلىپ بېغىردىقىنى ئۇستىگە كۆتۈرۈۋەتكەن ياش قىزدەك يېشىل يوپۇرماقلىرىنى ئۇستىگە كۆتۈرىدۇ. غۇجمەك- غۇجمەك ئۈزۈملەر خۇددى تولغان ئەمچەكلەردەك كۆزگە تاشلىنىدۇ. شۇئان ئۇنىڭغا ئاچكۆز نەزەرلەر مىختەك قادىلىدۇ. ئۇ بەزىلەرگە ئاچچىق، بەزىلەرگە تاتلىق بىلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ ئىمكانىيەت دۇنياسى. قولۇڭ يەتسە تاتلىق، يەتمىسە ئاچچىق!

تۆپىلىكلەرنىڭ ئارقىسىدىكى شارقىراتمىلارنى خالىخال دېسەك، ھەربىر تامچىسى خۇددى بىر كىچىك قوڭغۇراق. بۇ

سۇلار مۇشۇ شارقىراتمىدا خۇددى رەقاسىنىڭ يۇتىدىكى كولدۇرمىدەك بۇيۇك تاغلارنىڭ كۇي ـ ناۋاسىنى ئورۇندايدۇ.

شارقىراتمىدىن چۇشكەن سۇلار نۇرغۇن كىچىك ئېرىقلارغا بۆلۈنۈپ، جىلغىدا نۇرغۇن كۇمۇش رەڭ لىنتا سوزۇلۇپ ياتقاندەك مەنزىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. جىلغىدىكى ئېتىزلارنى بۆلۈپ تۇرغان تاشيولنىڭ چېتىدىكى ماي ئىسكىلاتى يىراقتىن خۇددى قىزىل رەڭلىك پوچتا ساندۇقىدەك كۆرۈنىدۇ. ماي ئىسكىلاتىنىڭ قېشىدا شوپۇرلار ئۆتىدىغان، يەنە ساقچىخانا ۋە كىچىك بازار، ئۇنىڭ كەينى ئاگاركوت يېزىسى.

مانا، جاڭگىلى بىلەن تارنا كوزۇبىنىڭ سول تەرىپىگە مۆكۈۋېلىپ يۇقىرىقى مەنزىرىلەرنى كۆردى.

— ئاگاركوت ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىكەن، — دېدى جاڭگىلى ھەۋەسلەنگەن كۆزى بىلەن تارناغا تىكىلىپ تۇرۇپ.

— ئەلۋەتتە! — دېدى تارنا مەغرۇرلىنىپ، — ھەرنېمە بولسا، ھامما ئاچامنىڭكىدە كۆڭۈللۈك ياشايدىغان بولدۇم، تاش يۇرەك ئاتا ـ ئانامنى، مېنى سېتىۋەتكەن ھېلىقى ماك ـ ماك قېرىنىمۇ كۆرمەي. ھامما ئاچام ماڭا بەك ئامراق، ھەرگىز مېنى ئۇ يەرگە ئاپىرىپ بەرمەيدۇ.

— ھامما ئاچاڭنىڭ ئۆيىنى بىلەمسەن؟

— ئاپام بىلەن بىللە ئىككى قېتىم كەلگەن. بۇ ئەتراپتا بىزنىڭ تۇغقانلىرىمىز جىق. ئاگاركوتتىمۇ، پاتانكوتتىمۇ، ئۇنىڭ نېرىسىدىكى جامانكوتتىمۇ...

— ئۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى بىلەمسەن؟

— بۇرۇن دادام ـ ئاپاملار بىلەن بىرنەچچە قېتىم بارغان، لېكىن يالغۇز چىقىشىم مۇشۇ بىرىنچى قېتىم.

— يالغۇز قورقمامسەن؟



www.uyghurkitap.com

— قورقۇشنى قورقىمەن، شۇنداقتىمۇ ھېلىقى تويغا قاردىغاندا بۇنىڭ قورقۇنچى ھېچقانچە ئەمەس.

— ئەگەر ھامما ئاچاڭ ئۆيدە يوق بولۇپ باشقا يەرگە كەتكەن بولسا، قانداق قىلىسەن؟

— قانداق قىلاتتىم، ھامما ئاچامنىڭ ئۆيى ئۆزۈمنىڭ ئۆيى، ئۆيىگە كىرىپ ساقلاپ ئولتۇرىمەن، شۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ جاڭگىلىنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئۇنىڭغا خېلى ئۆگىنىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بىرەر قىزغا ئىچىلىپ- يېيىلىپ گەپ قىلىپ بېقىشى مۇشۇ بىرىنچى قېتىم. خېلى ئۇزۇن سەپەرنى بىر قىز بىلەن ئۆزى يالغۇز ماڭدى، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئۆزىگە داۋاملىق ھەمراھ بولۇشىنى خالايدۇ - دە.

— سەپىرىمىز ئۇزۇنراق داۋاملاشقان بولسا ياخشى بولاتتى!

— نېمىشقا؟

بۇنىڭ نېمىشقا ئىكەنلىكىنى جاڭگىلى نەدىن بىلسۇن، ئۇ كۆڭلىدە مۇشۇنى خالايدۇ، خالاس. ياش كىشى دېگەن شۇ، نېمىشقا ئىكەنلىكىنى سورۇشتۇرۇپ ئولتۇرمايدۇ، لېكىن كۆڭلىدە تەلپۈنىدۇ. قىز چۈشۈپ قالماقچى، ئاگاركوتقا كەلگەندە جاڭگىلى ئۆزى يالغۇز قالىدۇ. ئۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم بولماي قالامدۇ!

بىراق، قىزنىڭ كۆڭلىدە مۇنداق ھېسسىيات يوق ئىدى. ئۇ تاقەتسىزلىك بىلەن ئالدىغا تەلمۈرەتتى. شۇ تاپتا مەنزىلىگە يېقىنلىشىپ قالغاچقا، شوپۇردىن قورقمىسا، ھەتتا چاۋاك چېلىۋېتىشكىمۇ[1] تەييار ئىدى.

ئاخىرقى ئەگىمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ماشىنىنىڭ سۈرئى-

تى بىراقلا ئاستىلىدى. قىزنىڭ كۆزلىرىدە خۇشاللىق ئويندى. چۈنكى، ماشىنا بىردەمدىن كېيىنلا بازارغا بېرىپ تواختايتتى، تارنا مەنزىلىگە يېتەتتى.

جىلغا ئىچىدىكى بازار ماشىنىدىن قارىغاندا خۇددى ئاياغ ئاستىدا تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. ئەنە، ئۇ يەردە ئىككى يۈك ماشىنىسى تۇرۇپتۇ، ساقچىخانىنىڭ قېشىدا لىق ئادەم باسقان يۈك ماشىنىسى، ئەتراپىدا ساقچىلار ئايلىنىپ يۈرىدۇ. بەزىلىرى يۈك - تاقلارنى تەكشۈرۈش بىلەن ئاۋارە. ئەنە، بەزى يولۇچىلار چايخانىدا چاي ئىچىۋاتىدۇ. ئاشخانىنىڭ ئىچىدە پوشكال پىشۇرۇلۇۋاتىدۇ، سىرتىدا ئۇزۇن ئورۇندۇق ۋە چوڭ ئۈستەل. بىر يىگىت ئۈستەل ئۈستىدىكى يوغان يوپۇرماقلارغا ياڭيۇ، لازىدىن قورۇلغان قورۇمىنى ئۇسماقتا، يەنە بىرىنى يېنىغا پوشكالنىمۇ قويۇۋاتىدۇ. بۇلارنى كۆرگەندە جاڭگىلىنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلمىدى دەمسىز. لېكىن، هازىرلا قىزدىن ئايرىلىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا، ئاچلىق دەردىمۇ بىر چەتكە قايرىلىپ قالدى. نېمىدېگەن جىملىق! بىرنېمە دېيىش كېرەك، نېمە دېگۈلۈك؟

— قورسىقىم ئەجەب ئېچىپ كەتتى، — دېدى ئۇ.

— مېنىڭمۇ ئاچتى. شۇغىنىسى... — قىز سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى.

ماشىنا بىر دوقمۇشتىن بۇرۇلۇۋىدى، بازار كۆرۈنمەي قالدى. تارنا جاڭگىلىنىڭ مۈرىسىگە يەپلەپ تۇرۇپ:

— هامما ئاچامنىڭكىگە بېرىپ قاراپ باقاي. نان - چايلىرى بولسا، ساڭا چوقۇم ئەكىلىپ بېرىمەن.

جاڭگىلى ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق نەزىرىدە كۈلۈمسىرەپ قويدى.

ئەمدى ماشىنا تۆۋەنلەپ بازار تەرەپكە قاراپ مېڭىشقا باشلىدى. قىز بوپىسىنى ئىزدەشتۈرۈپ تېپىپ ئىچىدىن زەر يىپتا كەشتىلەنگەن چىرايلىق بىر جۈپ ئاياغنى ئېلىپ پۇتىغا كىيىشكە باشلىدى. جاڭگىلىغا ئۇنىڭ چاققان پۇتلىرى بەكمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى. قىز ئاياغنى كىيىپ بولۇپ:

— ماشىنا توختىغاندا شوپۇر بىلەن ھامىمال ئىككىسى چاي ئىچكىلى كېتىدۇ. شۇ چاغدا مەن كەينىدىن چۈشۈۋالىمەن. مېنى تۇتۇپ چۈشۈرۈپ قوي، جۈمۇ، — دېدى

— ماقۇل، — دەپ بوشلا جاۋاب بەردى جاڭگىلى.

ماشىنا ئاستىلاپ كېلىپ بىر تۈپ ئېۋكالىپت دەرىخىنىڭ تۆۋىدە توختىدى. بۇ يەر ھېلىقى ئىككى يۈك ماشىنىسىنىڭ كەينىگە توغرا كېلەتتى.

مۇھەددەپ ماتورنى ئۆچۈرۈپ ماشىنىدىن چۈشۈشكە تەيـ-يارلاندى. ئۇ چاغقىچە بەختىيار يەرگە چۈشۈپ، ماشىنىدا ئۇزاق ئولتۇرۇپ ئۇيۇشۇپ كەتكەن پۇت - قوللىرىنى رۇسـ-لاشقا باشلىدى.

قىز تۇگۈنچىكىنى قولىغا ئېلىپ جاڭگىلىغا كۈلۈمسىرىـ-گىنىچە:

— خوش ئەمىسە، ئاق يول بولسۇن، مەن ماڭاي! — دېدى.

— ئاق يول بولسۇن، — دېدى جاڭگىلى بوشلا، ئاندىن تاي- تاي پاختىلارنى نېرى - بېرى يۆتكەپ قىزغا ئۆتىدىغان يولنى ئېچىپ بەردى.

قىز بىرەرىنىڭ كۆزىگە چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن ماشىـ-نىدىن سىرتقا قارىدى، قارىدىيۇ، تۇيۇقسىز بىرنېمىدىن چۆ-

www.uyghurkitap.com

چۇپ دەرھال كەينىگە شوخشىدى. قورقۇپ كەتكەچكە، ئاغ-
زىدىن ئىسەدىگەندەك بىر ئاۋاز چىقىپ كەتتى. باياتىن بىرى
پاختىلارنى يۆتكەش بىلەن بولۇپ ھېچنېمىنى سەزمىگەن جاڭ-
گىلى مىشىلدىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپ
قارىدى ۋە قىزنىڭ بۇلۇڭغا كىرىپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى.

قىز قولى بىلەن سىرتنى كۆرسەتتى.

سىرتتا بىرنەچچە ساقچى مۇھەددەپ بىلەن بەختىيارنى
ئورىۋېلىپ بىرنېمىلەرنى سوراۋاتاتتى. ئۇ يەردىكى ساقچى
باشلىقىنىڭ قېشىدا پاكارراق كەلگەن ئىككى بوۋاي تۇراتتى.
ئۇلار تۇرقىدىن تاغلىقلاردەك قىلاتتى، بىرى يەنە بىرىدىن سەل
پاكىزراق، رەتلىك كىيىنگەن، قارىغاندا بۇ سەل مەرتىۋىلىك-
تەك تۇراتتى. ئۇ ئىككى بوۋاينىڭ قېشىدا قولىقىغا كۈمۈش
ھالقا تاقىۋالغان، ئۆتكى ئاپئاق، چىرايىدىن ئالاقزادىلىك چىد-
قىپ تۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال تۇراتتى.

— ئاشۇ مېنىڭ ھامما ئاچام، — دېدى قىز ئۇ ئايالنى
كۆرسىتىپ، — قارا بۆك كىيىۋالغىنى دادام، ئۇنىڭ قېشىدىكى
بېشىغا ياغلىق چېگىۋالغان بوۋاي كەنتىمىزنىڭ باشلىقى.

— بۇلار قانداق قىلىپ بۇ يەرگە سەندىن بۇرۇن كېلىۋالغان-
دۇ؟

— ساقچى ماشىنىسىغا چۈشۈپ كەلگەن گەپ. ساقچى
باشلىقى كەنت باشلىقىنىڭ گېپىنى بەك ئاڭلايدۇ.

— ئەمدى ماشىنىدىن قانداق چۈشەرسەن؟

— چۈشكىنىمنىڭ نېمە پايدىسى؟

قىز لەسسىدە بولۇپ قالدى. بۇنى كۆرۈپ جاڭگىلى
كۆڭلىدە خوش بولدى ۋە ئۇنىڭغا:

— ماشىنىدىن چۈشسەڭلا ئۇلار تۇتۇۋالىدۇ، جۇمۇ، — دېدى.

يىغلاي دەپ تۇرغان قىز ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالغا خۇش بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ غۇژژىدە جۇدۇنى ئۆرلىدى ـ دە:

— ئۇلار بۇ ماشىنىنى ئاختۇرسا بارغۇ، مېنىمۇ تۇتىدۇ، سېنىمۇ تۇتىدۇ، — دېدى.

— مېنىمۇ تۇتامدۇ؟ — جاڭگىلى قورقۇپ كەتتى.

— ئەلۋەتتە. تۇتۇپ، قوللىرىڭغا كويزا سېلىپ، تۈرمىگە تاشلايدۇ، تازا.

— ئاندىن كېيىنچۇ؟

— ئاندىن كېيىن تۈرمىدە سېنى تازا ئۇرىدۇ.

— مېنى نېمىشقا ئۇرىدۇ؟

— كەنتىمىزدە بىر قىز بىلەن بىر يىگىت قېچىپ كەتكەن. ساقچىلار شۇ يىگىتنى ئاشۇنداق ئۇردى.

— لېكىن، سەن مەن بىلەن قاچمىغان تۇرساڭ؟

— ئۇنىڭ بىلەن خەقنىڭ نېمە چاتىقى! سەن هازىر مەن بىلەن بۇ ماشىنىدا بىللىغۇ، هە، بولدى، شۇ يېتەرلىك. ئۇلار سېنى مېنىڭ ئالدىمدىلا ئۇرىدۇ، مەن بىر چەتتە تاماشا كۆرۈپ تۇرىمەن، — دېدى تارنا خۇددى ئۇنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندەك ئاۋازدا.

— سەنمۇ ئۇ قېرى بىلەن بىرىپ ئۇنىڭغا خوتۇن بولىسەن شۇ، — جاڭگىلىمۇ بوش كەلمەي دەيدىغىنىنى دەۋالدى.

بۇ گەپ تارنانى قورقۇتتى. ئۇ يۈزىنى ئىككى قوللاپ ئەتكىنىچە بىر بۇلۇڭغا تۈگۈلۈپ كىرىپ كەتتى.

سىرتتا مۇھەددەپ سۆزلەۋاتاتتى.

www.uyghurkitap.com

— ھە، قانداق قىز؟ كىمنىڭ قىزى؟ ساقچى ئەپەندى، بىز يولدا قىز بالا تۇرماق، ئېزىپ قالغان قۇشقاچنىمۇ كۆرمىدۇق.

كەنت باشلىقى تارنانىڭ قىياپىتىنى بىرقۇر سۈرەتلەپ بەردى.

— ئەگەر، — دېدى مۇھەددەپ، — يولدا بىز ئۇنداق چىرايلىق قىزنى كۆرگەن بولساق، تىرىكلا يۇتۇۋېتەتتۇق. ئۇنداق قىزنى ئۆيىڭىزدىن ئەپقېچىشتىن يانمايمىز بىز. قانداق دېدىم، ئاقساقال، ئۇ قىز قولىڭىزدىن ئۇچۇپ كېتىپتۇ، ئەمدى ئېرىشەلمەيسىز.

— ئۇستام، — دەپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى كەنت باشلىقى، — مەن ئۇ قىز ئۈچۈن يەتتە يۈز ئەللىك رۇپىيە تۆلىگەن. ئۇ مېنى داغدا قويۇپ قېچىپ كەتتى. ئەگەر يولدا كۆرگەن بولسىڭىز...

— ماشىنىغا سېلىپلا ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويسىڭىز دېمەكچى، شۇنداقمۇ؟ — مۇھەددەپ بېشىنى سىلىكىپ سورىدى.

— شۇنداق، شۇنداق! — دېدى كەنت باشلىقى ئۈمىدلەنگەن ھالدا بېشىنى لىڭشىتىپ.

— تووۋا، قالتىس گەپ قىلىدىكەنسىز، — دېدى مۇھەددەپ، — ئۇ قىز يولدا ماڭا ئۇچراپ قالسا، نېمىشقا ئۇنى ئۆزۈم ئەكەتمەي، سىزگە ئاپىرىپ بەرگۈدەكمەن، ھە، ئۇنى ۋەيران قىلىپ.

— ئۇستام، توغرا دېدىڭىز، — دېدى قىزنىڭ ھامما ئاچىسى بېشىنى لىڭشىتىپ.

تارنانىڭ دادىسى شاپىدە بېشىنى بۇراپ، ئۇنىڭغا زەردە بىلەن ۋارقىرىدى:

— ھە، نېمە توغرا؟ ئەمدى مەن خەققە يېرىمنى بېرىمەن، بىلەمسەن؟!

— ماشىناڭغا نېمە باستىڭ؟ — ساقچى ئۆلارنىڭ سۆزىنى بۆلۈپلا سورىدى.

— پاختا. پاختىنىڭ ئىچىدە پاختىدەك يۇمشاق قىزلارمۇ بار، بېرىپ كۆرۈڭلار. بەختىيار، برېزېنتنى ئېچىپ بەر، ساقچى ئەپەندى ئىچىگە نېمە باسقانلىقىمىزنى كۆرۈۋالسۇن. مەن بېرىپ چاي ئىچىپ تۇراي، — مۇھەددەپ شۇنداق دەپ قويۇپ، پىلدەك ئارۋاڭ ـ سارۋاڭ مېڭىپ كېتىپ قالدى.

ئەمدى ماشىنىغا كەلسەك، تارىنا بىلەن جاڭگىلى بىرمۇنچە تاي پاختىنى ئەتراپىغا نەپەس ئالالمىغۇدەك دەرىجىدە دۈۋىلەپ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

بەختىيار ماشىنىنىڭ ئۈچ تەرىپىدىكى برېزېنتنى بىراقلا قايرىپ، ساقچى باشلىقىغا:

— مانا، تەقسىر! — دېدى.

بىرنەچچە ساقچى ماشىنىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى پاختىلارنى نېرى ـ بېرى قىلدى، ئاندىن كەينىدىكى بىرنەچچە تاي پاختىنىمۇ يۆتكەپ باقتى، لېكىن ھېچكىمنى كۆرمىدى. ئۈستى ـ ئۈستىگە قويۇۋەتكەن پاختىلارنىڭ تېگىدىكى ئادەملەرنى ئۇنچە ئوڭاي كۆرگىلى بولىدۇ دەمسىز!

— يوق، — دېدى بىر ساقچى.

شۇ ئەسنادا ساقچى باشلىقى ئۆزۈن، ئۆتكۈر بىر زىخنى كۆتۈرۈپ كەلدى. بۇ ئادەتتە ئاشلىق تاغارلىرى، چۆپ دۈۋىلىرى ۋە پاختا تايلىرىنىڭ ئىچىدە ئەتكەس ماللارنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى تەكشۈرۈشتە ئىشلىتىلىدىغان زىخ ئىدى.

www.uyghurkitap.com

— ھە، بۇ نېمەڭلار يارايدۇ، — دېدى بەختىيار كۈلۈپ، — ئىچىدە بىرەر قىز بولسا، زىخقا ئۆتكۈزۈپلا چىقمىدىغان بولدۇڭلار.

— ئاغزىڭنى يۇم! — دەپ ۋارقىرىدى ساقچى باشلىقى. ئۇنىڭ خاپا بولۇشىمۇ ئورۇنلۇق، يا بۇ شوپۇر بولمىسا، ئەرزىمەس مەدىكار تۇرۇپ، ئۇنىڭ شۇنچە يوغان ساقچىنىڭ ئالدىدا ئەدەپسىزلىك قىلغىنى نېمىسى! بەختىيار ئاغزىنى يۇمدى.

زىخ ئىشقا چۈشتى.

تارنا بىلەن جاڭگىلى ئىككىسى بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپ قالدى. ھېلىمۇ ياخشى، زىخ ئۇلارنىڭ ئالدى تەرىپىدىن سانجىلىپ كەلدى، ئەگەر كەينىدىن سانجىلغان بولسا قانداق بولاتتى، دېيىسىز. ئۆتكۈر زىختە بۇ!

زىخ سانجىلىپ ـ سانجىلىپ ئۇلارغا يېقىنلاشقىلى تۇردى. ئۇلار زىختىن ھەدەپ ئۆزىنى قاچۇراتتى، لېكىن زىخ خۇددى كۆزى باردەك، خۇددى ئۇلارغا: «سىلەرنى كۆرۈپ قالدىم، ئەمدى قاچالمايسىلەر!» دەۋاتقاندەك، ئۇلار قاياققا تۇگۈلسە شۇياققا ماڭاتتى.

زىخ بارغانسېرى يېقىنلاپ قورقۇپ جېنى چىقىپ كەتكىلى تۇرغان قىزنىڭ يېنىغىلا كەلدى. قىز كۆزلىرىنى يۇمۇپ قولى بىلەن كۆزىنى ئېتىۋالدى. جاڭگىلى تارنانى مەھكەم قۇچاقلاپ ئالدىغا شۇنداق تارتتىكى، ئۆزىمۇ جايىدىن بىراقلا كەينىدىكى پاختىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەندەك بولدى. مۇشۇ سىلكىنىشتە ئۇستىدىكى بىرنەچچە تاي پاختا سەل ئۇلتۇرۇشۇپ، بۇرۇننىڭ ئۇچىغىلا كېلىپ قالغان خەتەرنى نېرى قىلدى. زىخ قىزنىڭ مەيدىسىگە يېقىن يەردىن چىقىپ، ئۇلتۇ-

روشقان پاختىلارغا سانجىلدى ۋە نېرى ياقتىكى پاختىلارغا سانجىلىپ ـ سانجىلىپ ئاخىر چىقىپ كەتتى.

تارنانى مەھكەم قۇچاقلىۋالغان جاڭگىلىنىڭ يۈز ـ كۆزىگە مۇنچاق ـ مۇنچاق تەرلەر تەپچىرەپ چىقتى. ئىككىلىسى سانـ جىپ ـ سانجىپ چىقىپ كېتىۋاتقان زىخقا قاراپ چەكچىيىپ قالغاندى.

ساقچى زىخنى چىقىرىپ:

— ھېچنېمە يوق، پۈتۈنلەي پاختا ئىكەن! — دېدى. كېيىن ئۇ زىخنى يەنە ئۇيەر ـ بۇيەرگە ئانچە ـ مۇنچە سانجىپ قويۇپ، ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمەي مۇرىسىنى ئېتىپ قويۇپ باشلىقنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇردى. ساقچى باشلىقى بەختىيارـ غا:

— بولدى، بىرېزېنتنى يېپىۋەت، — دېدى ـ دە، ساقچىـ لارنى، كەنت باشلىقى ۋە تارنانىڭ دادىسى، ھامما ئاچىسىنى ئەگەشتۈرۈپ ساقچىخانىغا كىرىپ كەتتى.

## 7

ماشىنا ئاگاركوتتىن چىقىشىغىلا تارنا يۈزىنى ئېتىپ يىغـ لاپ كەتتى.

جاڭگىلى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ قولىنى يەلكىسىگە ئاستا قويۇۋىدى، تارنا دەررۇ ئۇنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋەتتى. جاڭگىلى نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي، ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. تارنا ئېسەدەپ يىغلاۋەردى.

بىرئازدىن كېيىن تارنا يىغىسىدىن توختاپ شۇنداق بىر

ئۇھ تارتتۇەتتىكى، ئۇنىڭدىن ئەكىس ئەتكەن دەرد ـ ھەسرەتكە قاراپ جاڭگىلىنىڭ يۈرىكى ۋىژژىدە ئېچىشتى. بۇ ناتىۋان قىزغا قاراپ ئۇزىنى قۇدرەتلىك، تەجرىبىلىك ئاكا ياكى ئاتىدەك ھېس قىلىپ، ئۇنى بېشىغا كېلىۋاتقان بالايىئاپەتلەردىن قۇتۇلدۇرۇش نىيىتىگە كەلدى، ھەتتا ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاپ، ئۇنىڭغا: «مەن بار، يىغلىما! . . . مەن تۇرسام نېمىدىن غەم قىلىسەن؟ . . . مەن ساڭا مەڭگۈ ئىگە. . .» دېگۈسى كېلىپ كەتتى. لېكىن، ئۇ تۇرۇپلا بۇنىمۇ ئويلىدى: ئۇزىنىڭ ئىككى ئۇكۇزىنگىمۇ ئىگە بولالمىغان ئادەم قانداقمۇ بۇ قىزغا ئىگە بولالىسۇن؟ بۇ گەپنى ئۇنىڭغا قانداقمۇ قىلالىسۇن؟!

ئۇ بىرەر ـ ئىككى سائەت جىمىپ كەتتى، كېيىن تارناغا دېدى:

— ئاتا ـ ئاناڭ سېنى ياتلىق قىلىمەن دەۋاتسا، ئۇيىدىن چىقىپ كەتكىنىڭ بولماپتۇ. ئۇلار سېنى كىمگە لايىق كۆرسە، شۇنىڭغا تېگىشىڭ كېرەك. بىزنىڭ يۇرتنىڭ قائىدىسى شۇ!

— بۇ گېپىڭچە، ئاشۇ قېرىغا تەگمىسەم بولمايدىكەن ـ دە؟ — دېدى تارنا غەزەپ بىلەن، — دادام مېنى بىر ئۆلۈمتۈك قېرىغا بېرىمەن دەپ بەش يىل ئوقۇتۇپتىكەنمۇ؟

— سەن بەش يىل ئوقۇغان؟ — جاڭگىلى ھەيرانلىق بىلەن سورىدى.

— ھەئە، تولۇق بەش يىل! — دېدى تارنا بەش بارمىقىنى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئەكېلىپ تۇرۇپ.

— بىزنىڭ كەنتتە بىرمۇ مەكتەپ يوق. موللامدىن باشقا بىرمۇ ئادەم خەت تونۇمايدۇ.

— ئەمىسە، سىلەرنىڭ كەنتىڭلار ئەجەب كەنتكەن. بىز-

نىڭ كەنتكە ھازىر ئوتتۇرا مەكتەپ سېلىنىۋاتىدۇ. ئەگەر دادام مېنى كەنت باشلىقىغا سېتىۋەتمىگەن بولسا، مەن يەنە يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇغان بولاتتىم.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ جاڭگىلى خېلىغىچە جىمىپ كېتىپ، ئاندىن:

— ئەمىسە بومبايغا مەن بىلەن بىللە بارساڭ بولغۇدەك، ئۇ يەرگە بېرىپ مۇئەللىم بولىسەن، — دېدى.

— راست، مۇئەللىم بولىمەن ـ ھە! ؟ . . . ھەي ئەخمەق، بەش يىل ئوقۇغان ئادەم يوغان نېمىمۇ؟ بومبايدىچۇ، ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئادەملەر جىق. مەنچۇ، قارا، جامانكوتتىكى كىچىك دادامنىڭ ئۆيىگە باراي دەۋاتىمەن. كىچىك دادام ئۇ يەردە مەكتەپ مۇدىرى، بىلىملىك ئادەم، چوقۇم مېنى ھىمايىسىگە ئالىدۇ. مەن ئۇنىڭ مەكتىپىدە ئوقۇيمەن دېگىنە. ئۇ دېگەن ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى.

— ئوتتۇرا مەكتەپ قانداق مەكتەپ؟

— سەككىزىنچى سىنىپقىچە ئوقۇيدىغان مەكتەپ.

— ئۇنداق ئۇزاق ئوقۇپ نېمە قىلىدۇ؟

— نېمە قىلماقچى! ؟ ساڭا ئوخشاش، ئاق ئۇننىڭ ئورنىغا كېپەك يەيدۇ شۇ! — دېدى تارنا زەردە بىلەن. دېمىسىمۇ، جاڭگىلى قاملاشمىغان سوئاللىرى بىلەن ئۇنىڭ جېنىغا بەك تەگكەنىدى.

— ھە، بوپتۇ، سەككىزىنچىگىچىمۇ ئوقۇ، ئاندىن كېيىن نېمە قىلىسەن؟ — دەپ جاڭگىلى يەنە سوئال قويدى. تارنا ئورنىدىن ئىتتىك تۇردى ـ دە:

— ھەي، سەن مەندىن گەپ سورىمىغىنا! — دەپ، تەتۈر قاراپ ئولتۇرۇۋالدى. جاڭگىلى ئۇنىڭغا قاراپ ھەيرانلىق بىد-

لەن ئويلىنىپ قالدى: قىز بالا دېگەن مەيلى بەشىنچىدە ئوقۇ-
سۇن ياكى سەككىزىنچىدە، هامان ئەرگە تېگىدىغۇ. ئوقۇغان
بولسىمۇ نېمە بوپتۇ، بۇمۇ باشقا قىزلارغا ئوخشاش يىغلايدى-
كەن، خاپا بولىدىكەن، كۈلىدىكەن، ئۆزىچە ھىجىيىپمۇ قويى-
دىكەن، ئاۋازىمۇ باشقا قىزلارنىڭكىگە ئوخشاش ئىكەنغۇ.
توۋا، قىز بالا دېگەن ئۇنىڭغا تەگمىسە، بۇنىڭغا، هامان بىرى-
گە تېگىدىغۇ، كەنت باشلىقىغا تەگسە نېمە بوپتۇ؟! كەنتىدە
ئارامخۇدا ياشايتتىغۇ! جامابكوتقا بارسىمۇ ئەرگە تېگەر هامى-
نى!... خوتۇن خەقنىڭ كۈنىمۇ ئوبدان، ئېتىزغا چىقىپ
ساپان سۆرىمەيدۇ، ئېتىز - ئېرىقىنى، ئۆكۈزلىرىنى خەق
تارتىۋالمايدۇ... خۇدايىم مېنى قىز بالا قىلىپ يارىتىپ قويغان
بولسا، چوقۇم ئاشۇ كەنت باشلىقىغا تەگكەن بولاتتىم، ئۇنداق-
لارنىڭ راھىتىنى كۆرمەي!

جاڭگىلى ئويلاۋېتىپ كۈلۈۋەتتى.

— نېمىگە كۈلىسەن؟ — سورىدى تارنا دەرھال.

— هەي، سەن مەندىن گەپ سورىمىغىنا! — جاڭگىلى
قاپىقىنى تۈرۈپ تەتۈر قاراپ ئولتۇرۇۋالدى.

— ۋىيەي، قوۋۇرغام! — تارنا شاقىدە ئۇنىڭغا كەينىنى
قىلىپ زەھىرىنى تىقتى، — ساڭا گەپ قىلىدىغانغا چۈشۈپ
قالغان ئاغزىم يوق، مېنىڭ!

جاڭگىلى سەل نېرىغا يۆتكىلىۋالدى. ئارىسىدا بىر تاي
پاختا. ئىككىلىسى بېشىنى شۇ پاختىغا قويۇپ ئوڭدا يېتىش-
تى.

ماشىنا پاتانكوتقا قاراپ ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتى. كەچ كى-
رىپ ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. بۇ چاغدا ئىككىلىسى
بىر- بىرىنىڭ چىرايىنى كۆرەلمەيتتى... ئىككىلىسى ئۆزلە-

-رىنىڭ چېگىش خىيالى بىلەن بەنت ئىدى.

ئاستا - ئاستا ئۇلارنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ ئىلىنىشقا باشلى-ىدى. تۇرۇپ - تۇرۇپ باشلىرى سوقۇلۇپ ئۇيقۇلىرى ئېچى-لىپ كېتەتتى ۋە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، يەنە ئارىلىقلىرىنى يىراق قىلىپ يېتىشاتتى، بەزىدە قوللىرى قوللىرىغا تېگىشىپ كېتىپ، دەررۇ قوللىرىنى يىغىشىۋالاتتى. دېمەك، بۇ ئۇيقۇ-لۇقتا ئۇلارنىڭ تۇيغۇلىرىدا بىرنەچچە قېتىم ئوت چاقنىدى، لېكىن ئۆچتى، ئاخىر قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. ئۇلار ئەمدى ئۆز-لىرىنىڭ قانچىلىك ئۇخلىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى.

تۇيۇقسىز ماشىنا جالداقشىپ جاڭگىلى ئويغىنىپ كەتتى. كۆزىگە يورۇقلۇق ئۇرۇلغاندەك بولۇپ، كۆزىنى ئۇۋۇلاپ ئەت-راپىغا قارىدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ بىر بازارغا كېلىپ قالغانلىقىنى سەزدى.

دۇكانلارنىڭ نۇرغۇنى تاقاقلىق. مانا، بۇ دۇكانمۇ تاقاق ئىكەن، لېكىن ئالدىدا مال قاچىلانغان تاغار، خالتا، يەشىكلەر ئۈچ ئادەم بويى تىزىقلىق. بېشىغا دوپپا كىيگەن، كىيىملىرى پاسكىنا ھەم قالايمىقان، ئۆزى قورايدەك ئىنچىكە بىر بابۇ① يۇكلەرنىڭ ئۈستىدىن بىر ساندۇقچىنى ئېلىپ ئالدىغا قويۇپ، ئۈستىگە ھېسابات دەپتىرىنى ياپدى، بىر چېتىگە سىياھ قۇتى-سى، يەنە بىر چېتىگە لامپىنى قويدى. مۇھەددەپ بىلەن بەخ-تىيار ئېگىشىپ، ئۇنىڭغا بىر ھۆججەتلەرنى كۆرسەتتى.

— ھە، بىلدىم، بىلدىم، — دېدى بابۇ چالۋاقاپ، — ئەسلىدە توققۇزدا كېلىشىڭلار كېرەك ئىدى، ئون بىردە كەل-

① ئەپەندى دېگەن مەنىدە.

www.uyghurkitap.com

ـدىغلار مانا. جانانمىر بېگىم دۇكاننى تاقاپ، خۇددى مەن
خوتۇن، بالىسى يوق ئادەمدەك، سىلەرنى ساقلا، دەپ قويۇپ
كېتىپ قالدى. بۇ دۇنيادا كەمبەغەل بىلەن كىمنىڭ كارى
بېرىشى ئاتمىش رۇپىيە، ئادەمنى يىگىرمە تۆت سائەتلەپ ئىشـ
ـلىتىدۇ، مۇشۇنداق.

— بابۇ، — دېدى مۇھەددەپ، — قۇرۇق گەپنى قويۇپ،
ماۋۇ ماللارنى چۈشۈرگۈزۈۋەتكىنە!

«بابۇ؟ بابۇ دېگەنلىرى مۇشۇنداقلاركەن ـ دە!» دەپ ئويـ
ـلىدى جاڭگىلى. ئۇ يېزىدىكى ۋاقتىدا خەقلەرنىڭ «بابۇ» دېـ
ـگەن سۆزنى ناھايىتى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالغانلىقىنى، ھەتتا
تارنانىڭمۇ «ئەگەر ئەرگە تەگسەم، بىر بابۇغا تېگىمەن» دېگە-
ـنىنى ئاڭلىغانىدى.

«توۋا، بابۇ دېگەنلىرى مۇشۇنداق مەينەت، كاللىسى قا-
پاقتەك، بوينى ساپاقتەك، چىشلىرى سارغىيىپ، يۈزى قورۇق-
ـتىن پۈرلىشىپ كەتكەن، خىلىك ـ خىلىك ئادەم بولسا، بولدى،
خۇدا كۆرسەتمىسۇن! ياتاللا، تارنانىڭ تېگىمەن دېگەن بابۇسى
مۇشۇمىدۇ؟»

جاڭگىلى تارنانى ئاستا نوقۇۋىدى، تاتلىق ئۇخلاۋاتقان
تارنا چۆچۈپ ئويغىنىپ ئۆندەرىگىنىچە:

— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— بابۇ!

— بابۇ... نېمە بابۇ؟

— سەن تېگىمەن دېگەن بابۇ ئەنە! ھى... ھى...

جاڭگىلى چىراغ تۈۋىدە چىرايىنى سارغايتىپ ئولتۇرغان
بابۇنى كۆرسىتىپ بولۇپ قولى بىلەن ئاغزىنى تۇتقىنىچە پىـ
ـخىلداپ كۈلدى.

تارنا تالاغا قاراپ خاتىرجەمسىزلىككە چۆمدى.
— ۋۇي، بۇ پاتانكوت ماشىنا بېكىتىغۇ! مېنى نېمىشقا بالدۇر ئويغىتىۋەتمىدىڭ؟
— خۇددى مەن گۇناھ قىلغاندەك ۋارقىرايسەنغۇ؟ — جاڭگىلى ئاچچىقلىنىپ سورىدى، — قىز بالا ئىكەن دەپ يۇز-خاتىر قىلسا، قارا بۇنى!
تارنا جاڭگىلىنىڭ سۆزىگە پەرۋامۇ قىلماستىن پۈتۈن دىق-قىتى بىلەن سىرتقا قارايتتى.
مەينەت بابۇ مۇھەددەپكە سۆزلەۋاتاتتى:
— سەن تاغاردىكى بۇ قوي يۇڭلىرىنى ئامرىتسارغا ئاپىرى-ۋەتمىسەڭ بولمايدۇ، باشقا ماشىنىمۇ، شوپۇرمۇ يوق، ئەمدى سەندىن باشقا.
— ھەي، ئىككى كېچە بولدى، مەن ئۇخلىمىدىم.
— ئامال يوق! — دېدى بابۇ ھىجىيىپ تۇرۇپ. بۇ ئۇنىڭ قاتاڭغۇر يۈزىدە بىرىنچى قېتىم كۆلكە پەيدا بولۇشى ئىدى. خەقنىڭ قىينالغىنىنى كۆرسە خۇش بولۇپ كېتىدىغان بۇ ئادەم سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مۇشۇ كېچىدىلا يولغا چىقىسەن. بۇ خوجايىنىنىڭ بۇيرۇقى!
— خوجايىن دېگەن پىخسىق ئوغرىنى قارىمامدىغان! — مۇھەددەپ غۇتۇلداپ تۇرۇپ بابۇنىڭ قولىدىن يول خىراجەتلى-رىنى ئالدى - دە، قولىنى بەختىيارنىڭ يەلكىسىگە قو-يۇپ بابۇغا دېدى، — خوجايىنغا ئېيتىپ قوي، تاڭ سەھەر تۆت بولمىغۇچە مېنى بۇ يەرگە كېلەرمىكىن، دەپ خام خىيال قىل-مىسۇن. يۇر، بەختىيار، بىرەر يەرنى تېپىپ قورسىقىمىزنى ئەستەرلىۋالايلى.
بەختىيار بىلەن مۇھەددەپ كېتىپ قالدى. بابۇ بىردەم ئول-

تۇرۇۋېتىپ، ھېسابات دەپتىرىنى ياپتى ـ دە، لامپىنى ئۆچۈ-
رۈپ، دەپتەرنى قاتلاپ بىر ساندۇقنىڭ ئىچىگە سالدى، ئاندىن
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى يەشىكنى دۈم كۆمتۈرۈپ قويۇپ،
ئىككى قولىنى پاسكىنا ئىشتىنىنىڭ لىپىزىگە قىستۇرغىنىچە
يولىغا راۋان بولدى.

ئۇ كەتكەندىن كېيىن ئەتراپ جىمجىتلىققا چۆمدى. جاڭ-
گىلى بىلەن تارنا ئەتراپتا ھېچقانداق تىۋىش يوقلۇقىغا كۆزى
يەتكەندىن كېيىن ماشىنىدىن چۈشتى. ئۇلار بىر قاراڭغۇ كو-
چىنىڭ ئاغزىغا كەلگەندە، تارنا:

— سەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇر، مەن ھېلىلا كېلى-
مەن، — دېدى ـ دە، جاڭگىلىنى يالغۇز قالدۇرۇپ كەتتى.
خېلى بىرھازادىن كېيىن تارنا ھېلىقى كوچىدىن قايتىپ
چىقتى.

# 8

ئىككىسى قول تۇتۇشۇپ، ئاندا ـ ساندا ئۇچرىغان يولۇ-
چىلاردىن ئۆزىنى قاچۇرغان ھالدا قاراڭغۇ كوچا ـ رەستىلەرنى
خېلى ئايلاندى، لېكىن ھەممىلا ئائىلىنىڭ ئىشىك ـ دېرىزى-
سى تاقالغان، دۇكانلار قۇلۇپلانغانىدى.

بىر سىپارى دۇكىنىنىڭ ئالدىغا كېچىنى كۈندۈز قىلىشال-
غان بىر قىسىم ئادەملەر توپلىشىۋالغانىدى. ئۇلار بۇ يەردە
تاماكىلىرىنى چېكىشىپ، كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن ئولتۇرۇشات-
تى.

تارنا جاڭگىلىنى يېتىلىگىنىچە ئۇلارنى چەتنەپ ماڭدى.

ئۇلار ئىچىدە شوپۇر ۋە هامماللار قاتلىما يەپ ئولتۇرغان سات-
مىلارنىڭ يېنىغا كەلگەندە توختىدى. بۇ يەردىكى بىر تۈپ
ئەنجۈر دەرىخى ساتمىلاردىن چىققان چىراغ يورۇقىدا يەرگە
خۇددى گىلەمدەك سايە تاشلاپ تۇراتتى. بىر يېتىمچى بۇ
«سايە گىلەم» دە ئولتۇرۇپ فىسگارمون چېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ
قېشىدا قۇلىقىغا يوغان كۈمۈش هالقا تاقىۋالغان ئورۇق بىر
ئايال پۈتىغا خالخال چېگىۋاتاتتى.

ساتمىدىكى ئىسسىق قاتلىمىنىڭ پۇرىقىغا چىداپ تۇرال-
مايۋاتقان تارنا ئۇ ئايالنىڭ قۇلىقىدىكى هالقىنى كۆرۈپ گۇي-
پىدە بىر نېمىنى ئويلىدى ـ دە، دەرهال قۇلىقىدىن هالقىسىنى
چىقىرىپ، جاڭگىلىغا:

— ماڭ، بېرىپ ماۋۇ هالقىغا قاتلىما تېگىشىپ كەل، —
دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قالغان ھېلىقى ئىككى يېتىمچى ئۇلارغا
سىنچىلاپ قارىدى.

— قورسىقىڭلار بەك ئاچ ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ سورىدى
ئەر يېتىمچى.

— هەئە! — جاۋابنى تارنا بەردى.

— ئۇسسۇل ئوينىيالامسەن؟

— ياقەي! — تارنانىڭ ئاۋازىدىن بىر خىل مەنسىتمەسلىك
چىقىپ تۇراتتى. شۇ ئارىدا جاڭگىلى كۇلۇپ تۇرۇپ:

— مەن ئانچە ـ مۇنچە نەي چالالايمەن، — دېدى.

— قېنى، ئەمسە چېلىپ باقە.

جاڭگىلى نەينى بىلىدىن ئالدى ـ دە، يېتىمچىنىڭ فىس-
گارمونىغا بىرپەس قۇلاق سېلىپ تۇردى. يېتىمچى ئايال بىلەن
تارنا جاڭگىلىغا تىكىلىپ قالغانىدى. ئاخىر جاڭگىلى نەينى

كالپۇكغا تەگكۈزدى. نەي شۇنداق چىلىنىشى بىلەن ساتمىدى-كىلەرنىڭ قۇلىقى دىڭ بولۇشتى. فىسگارموننىڭ ئاۋازىغا جان كىردى، نەيمۇ بارغانسېرى ياڭراشقا باشلىدى.

يېتىمچى ئايال خالخاللىرىنى شاراقشىتقىنىچە سورۇنغا چۈشۈپ، بىلەكلىرىنى يىلاندەك تولغاپ ئۇسسۇلنى باشلىدى. بىردەمدىلا بۇ يەرگە بىرمۇنچە ئادەم ئولاشتى. ئۇلار ئاۋ-ۋال يېتىمچى ئايالنىڭ تال چىۋىقتەك بەللىرىگە، ئۇنىسىز سۆز-لەپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ قالغان بولسا، كېيىن بىر چەتتە ئاغزىنى سەلگىنە ئېچىپ ئولتۇرغان شەھلا كۆز تارناغا قاراپ قېتىپ قېلىشتى.

ئۇسسۇل تۈگىمەيلا يېتىمچى ئەر بېشىدىكى قارا مالىخى-يىنى تارناغا تۇتقۇزۇپ:

— تۇر، بۇنى خەقلەرنىڭ ئالدىغا ئاپار، پۇل تاشلايدۇ، بىراق مۇنداق دومسىيىۋالما، چىرايىڭغا كۈلكە يۈگۈرت، — دېدى.

تارنا ئۇنىڭ ئېيتقىنى بويىچە قىلدى. ئۇنىڭ كۈلۈمسىرى-شى شۇنداق كارامەت كۆرسەتتىكى، مالىخايغا كەينى - كەيند-دىن پۇللار تاشلانغىلى تۇردى. ئۇنىڭغا پايسا تاشلىغانلارمۇ، ئەننا تاشلىغانلارمۇ بار ئىدى. تېخى بىرى مالىخايغا ئىككى رۇپىيە تاشلاپ، تارناغا قاراپ تامىقىنى چاكىلداتقىنىچە: «ئاي! ئاي!» دەپ كەتتى. بۇنى ئاڭلاپ تارنا سەل جۈدۈنى ئۆرلىگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ كۈلۈپ تۇردى. ئادەملەرنىڭ ئالدىدىن تولۇق بىر ئايلىنىپ كەلگەندە مالىخاي-نىڭ يېرىمىدىن جىقراقى پۇلغا تولغانىدى. تارنا ساپسېرىق قاتلىما پىشۇرۇلۇۋاتقان ساتما تەرەپكە قارىدى. چۈنكى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ كۆركىراپ كېتىۋاتىدۇ - دە!



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

— ھەي، گۆبىي، — دېگەن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى، — بۇ يېڭى كەلداخۇننى نەدىن تېپىۋالدىڭ!

— بۇ خوتۇنۇمنىڭ سىڭلىسى، ئەمدىلا سەھرادىن كەلـ ـدى. بېگىم، ھازىرچە ئۇسسۇل بىلمەيدۇ، لېكىن ئۆگىنىمىز، كېلەر ئايدا چوقۇم ئوينايدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى يېتىمچى گۆبىي.

— نېمە! كېلەر ئاي! ئۇ چاغقىچە كىم بار، كىم يوق!؟ ھازىرلا ئويناپ بەرسۇن. ھېچبولمىغاندا، پۇتىغا قوڭـ ـغۇراق تاقاپ دۇكاننىڭ ئالدىدىن ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ بەرـ ـسىمۇ ھېساب.

بۇ گەپ بىلەن تەڭلا ئىسقىرتىشلار، ۋارقىراشلار ئەتراپنى بىر ئېلىپ، خەقلەر ئۇ تۆتىنى تېخىمۇ يېقىن ئورىۋالدى.

گۆبىي قورقىنىدىن فىسگارمونىنى چېلىۋېرىشكە جۈرـ ـئەت قىلالمىدى. شۇ ئارىدا يىراقتىن ساقچىنىڭ پۇشتىكى ئاڭـ ـلىنىۋىدى، گۆبىينىڭ يۈرىكى ئورنىغا چۈشتى. چۈنكى، بۇ خەقنىڭ ئارىسىدا قۇلاق كەستى، لۆكچەك، ھاراقكەشلەر ئاز ئەمەس ئىدى. ئەگەر شۇ تاپتا ساقچى كېلىپ قالمىغان بولسا، بۇ نېمىلەرنى گۆبىينىڭ خوتۇنىنى، تارنانى بۇلاپ قاچمايدۇ، دېگىلىمۇ بولمايتتى.

ساقچى پۇشتىكىنى ئاڭلاپ ئەتراپتىكىلەر پىتىرىغىلى تۇردى. گۆبىي كاپپىدە خوتۇنىنىڭ قولىنى تۇتۇپ، جاڭگىلى بىلەن تارناغا كۆز ئىشارىسى قىلىپ:

— تېز قاچايلى! — دېدى.

تۆتى قاراڭغۇ تەرەپكە چۈلۈۋۈردىن بوشانغان ئاتتەك يۈگۈرـ ـدى. يېتىمچى بىلەن خوتۇنى ئالدىدا، تارنا بىلەن جاڭگىلى كەينىدە كېلىۋاتاتتى.

ئۇلار پۇشتەك ئاۋازى، ئاياغ تىۋىشلىرى ئاڭلانمايدىغان بىر يەرگە كېلىپ ئاندىن توختىدى، كېيىن بىر دۆڭنىڭ ئالدىدىكى ئىچىدە پەنەر يېنىپ تۇرغان ئىككى - ئۈچ كەپىنىڭ ئالدىغا كېلىشتى. بۇ ئەتراپتا سۈرلۈك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. گۆبىي «ئۇھ» دەپ بىر تىنىۋېتىپ:

— ئۇ ئەبلەخلەر يىراقتا قالدى، ئەمدى بۇ يەرگە كەلمەيدۇ، — دېدى.

— ئەجەب ئىت قوغلىغاندەك قاچتۇققۇ؟ — دېدى جاڭگىلى.

— ساقچى كەلگەن تۇرسا.

— ساقچى كەلسە نېمە بولىدۇ؟

— بايامقىدەك ئاممىۋى سورۇندا ئويۇن قويسا، ئۇلار ئۇنىمايدۇ.

— نېمىشقا؟ بىز يېزىمىزدا نېيىمىزنى چېلىپ ئويناۋېرەتتۇققۇ؟

— ئۇ دېگەن يېزا، بۇ دېگەن شەھەر، — دېدى يېتىمچى ئايال جاڭگىلىنىڭ بەستىلىك قامىتىگە ئاچكۆزلەرچە تىكىلگەن ھالدا. ئۇنىڭ قاراشلىرىغا تارنا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالدى.

— بىزنىڭ كەپىگە كىرەيلى، — دېدى گۆبىي، — مەن سىلەرنى مېھمان قىلاي.

— كەپەڭ قەيەردە؟

— مۇشۇ ئالدىدىكىسى.

كەپىدە جاڭگىلى بىلەن تارنا ئىككىسى قوناق نېنى بىلەن قازان كاۋىسىنى بولۇشىچە يېدى. تاماقتىن كېيىن گۆبىي مالدىخانىنى دۇم قىلىپ، ئىچىدىكى پۇللارنى ناھايىتى ئەستايىدىل ساناپ چىقتى ۋە جەمئىي بەش رۇپىيە توققۇز ئەننا پۇلدىن

ئىككى رۇپىيىنى ئايرىپ:

— بۇ ئىككىڭلارنىڭ پۇلى، — دەپ تارناغا تۇتقۇزدى. گۇبىينىڭ خوتۇنىنىڭ كۆزى ھېلىھەم جاڭگىلىدا ئىدى.

— نەينى ئوبدان چالىدىكەنسەن، — دېدى ئۇ، — ئەگەر بىرلىشىپ ئويۇن قويغان بولساق، جىق پۇل تاپاركەنمىز.

— بىر ئاي ئىچىدىلا سېنى ئۇسسۇلچى قىلىپ يېتىشتۇرىمەن، — دېدى گۇبىي تارناغا، — بەربىر نەگىلا بارساڭلىمۇ قازاننىڭ قۇلىقى تۆت. ياخشىسى بىز بىلەن قېلىڭلار.

بۇ ئىش جاڭگىلىغا خېلى يېقىپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇ ئەمدى بېشىنى لىڭشىتاي دەپ تۇرۇشىغا، تارنا تۇيۇقسىز ۋارقىراپ كەتتى:

— بەش يىل ئوقۇپ، ئەمدى ئۆتەساپالىق مۇشۇ ئىش قاپتىمۇ ماڭا؟ كوچىدا جىلدىرۋاقتەك ئۇسسۇل ئويناپ تىلەمچىلىك قىلىش سىگانلارنىڭ ئىشى. مەن ھەرگىز قىلمايمەن.

— قورساق قىلدۇرىدۇ، قورساق!

— قورساقنى دەپ خارلىنىپ يۈرىدىغان ئىش يوق، ئۇندىداق!

— ئۇ ئىشنىڭ نومۇس قىلغۇدەك نېمىسى بار! ؟ — دېدى گۇبىينىڭ خوتۇنى جۇدۇنى ئۆرلەپ، — ۋىييەي، خۇددى مەن بىلمەيدىغاندەك. . . ۋاي، مەن ئوقۇغان، پۇلۇم بار، دەپ يۈرگەن نى - نى خېنىملارنى كۆرگەن، ۋاي، ماڭا پال ئېچىپ بېرىڭ دېگەندە، ئالىقىنىغا قاراپ تازا. . . خوتۇن خەق كۈن كۆرەي دېمىسە ئەرگە تېگەمدۇ؟ ياشايچۇ دېگەن ھەرقانداق قىز بالىنىڭ دەرد چەكمىگىنىنى سەن نەدىن كۆرگەن؟ بەش يىل تۇرماق، ھەتتا يىگىرمە يىل ئوقۇسىمۇ ھامان ئەرگە تېگىدۇ،

بالا تۇغىدۇ، ئۆينىڭ يۇندىپۇرۇشلۇقىنى قىلىدۇ. قورساق پومپىيىدىغان ئىشنى قىلىشتىن نومۇس قىلمايدىغان خوتۇن ئۇسسۇل ئويناپ، بويىنى بازارغا سېلىشتىن نومۇس قىلامدۇ؟

— بۇ ئىككى رۇپىيەڭنى چېكەڭگە تېڭىۋال، — دېدى تارىنا پۇلنى زەردە بىلەن يەرگە تاشلاپ، — گېپىم گەپ، ئۇنداق ئىشنى قىلمايمەن دېدىممۇ قىلمايمەن، — ئۇ يەنە جاڭگىلىغا ئالىيىپ قويۇپ، — قالساڭ، سەن قال، مەن كېتىمەن، — دېدى - دە، كەينىدىن قويۇندەك چىقىپ كەتتى.

راستىنى دېگەندە، جاڭگىلىنىڭ قېپقالغۇسى بار ئىدى. لېكىن، ئۇ قانداقلارچە ئۆزىنى پۇتىنىڭ ئىختىيارىغا بېرىپ قويغانلىقىنى سەزمەي قالدى. گويا ئېچىنغان ھالدا بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ:

— مە، — دېدى، — ماۋۇ ئىككى رۇپىيىنى ئېلىۋال، لازىم بولىدۇ. ماڭا قارا، ئۇ قىز بەك جاھىل ئىكەن. مېنىڭ قېشىمدا تۇرۇپ قالغان بولساڭلار، بىر ئايغا قالمايلا مەن ئۇنى ساڭا يېكتەك قىلىپ بېرەتتىم. ساڭا قويۇپ بەرسە، ئۆمۈرۋايەت ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىگۈدەكسەن.

جاڭگىلى گەپ قىلمايلا تارىنانىڭ كەينىدىن يۈگۈردى. تارىنا ئۇنىڭ ئالدىدا ئىلدام - ئىلدام كېتىۋاتاتتى. ئۇلار چۆلسىرەپ تۇرغان قاراڭغۇ كوچا - رەستىلەردىن ئۆتۈپ ماشىنا مەيدانىغا كەلدى. ھېلىقى قارا ماشىنىنىڭ يېنىغا كەلگەندە تارىنا كەينىگە بۇرۇلۇپ:

— نېمە كەينىمگە كىرىۋالىسەن؟ بايامقى سەرگەردان خوتۇننىڭ قېشىغا بار، ماڭ! ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالغانسەن، ھەرقاچان؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

— كىمگە؟ . . . ئاشۇ قېرى خوتۇنغىما؟

ئۇنىڭ ئاۋازىدىكى ھەيرانلىققا قاراپ تارنا ئاچچىقىدىن خىلىلا ياندى ۋە تۇيۇقسىز سۆزىنى يۇمشىتىپ:

— نېمە دېسەمۇ ساڭا ياخشى بولسۇن دەپ دەيمەن. يېتىمچىلار بىلەن بىللە بولساڭ ياخشى كۈن يوق. شۇمۇ كۈنمۇ، يا بىر تۇتقان ئۆيۈڭ بولمىسا. بومبايغا بارساڭ، ھەقىقىي ئەركەكلەرچە ئىش قىلالايسەن. بول، مېنى ماشىنىغا يۆلەپ چىقىرىپ قوي!

جاڭگىلى ئەترابقا بىر قارىۋېتىپ، ماشىنىنىڭ ئۈستىدىكى بىرېزېنتىنىڭ بىر بۇرجىكىنى ئاچتى - دە، تارنانى يۆلەپ ماشىنىغا چىقىرىۋەتتى، كەينىدىن ئۆزى لىككىدە ئىرغىپ چىقتى، لېكىن چىقىپلا ساندۇققا ئۈسسۈۋېلىپ «ۋايجان» دەپ ئىڭراپ تاشلىدى.

— ئاۋايلا، — دېدى تارنا، — جىققىنا ساندۇق تۇرىدۇ، بىز چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن قاچىلاپتۇ.

— ئىچىدىكى نېمىدۇ؟

— ۋايتاڭ، نېمە بولسا بولمامدۇ. تېز، ئىچىگىرەك كىر.

ماشىنىنىڭ ئىچى تەرىپىدە بىرنەچچە تاي پاختا بار ئىدى. ئىككىسى پاختىلارنى يۆتكەپ ئۆزلىرىگە يەنە بۇرۇنقى ئورۇننى راسلىدى. ئۇلار شۇ تاپتا خۇددى ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قالغاندەك ھېسسىياتتا ئىدى. قورساق توق بولغاچقا ئۇيقۇمۇ كەلدى. شۇڭا، ئىككىسى بىردەمدىلا ئۇيقۇغا كېتىشتى.

ئۇلار ماشىنىنىڭ قاچان قوزغىلىپ، قاچان پاتانكوتتىن ئايرىلىپ، قاچان ئامرىتسار يولىغا چىقىپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئىشقىلىپ، ئۇلار ئويغاندا قوياش تاشيولنى تازا قىزدۇرۇ-

www.uyghurkitap.com

ۋاتقان چۈش مەزگىلى بولغانىدى. ماشىنا تاشيولدا ئۇزۇلداپ كېتىۋاتقان بولسا، ئۇلارنىڭ قورسىقى پىژىلداپ ئېچىپ كېتىۋاتاتتى.

جاڭگىلى پىچىقى بىلەن بىر ياغاچ ساندۇقنى قايرىپ ئېچىۋىدى، ئىچىدىن ياڭاق چىقتى، يەنە بىرنەچچە ساندۇقنى ئېچىۋىدى، ئىچىدىن گۈلە، بادام، قۇرۇق ئۈزۈملەر چىقتى. جاڭگىلى بۇ قۇرۇق مېۋىلەرنى ئوچۇملاپ ئېلىپ تارنانىڭ ئالدىغا ئەكەلدى ۋە بىر ياڭاقنى ئىككى ئالقىنىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ بىر سىقىۋىدى، ياڭاق «قاراسسىدە» قىلىپ سۇندى. بۇ ئاۋازدىن ئىككىسى شۇنداق چۆچۈدىكى، چىرايلىرى تامدەك تاتىرىپ، خېلىغىچە زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرۇپ كەتتى.

بۇ چاغدا بەختىيار ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. ياڭاقنىڭ سۇنغان چاغدىكى ئاۋازى ناخشا ۋە ماتور ئاۋازىنىڭ ئىچىدە خۇددى دېڭىزغا چۈشكەن سۇنىڭ تامچىسىدەك يوقاپ كەتتى.

ئەمدى جاڭگىلىنىڭ يۈرىكى خېلى يوغىناپ قالغانىدى. ئۇ ياڭاقلارنى توختىماي چېقىپ، مېغىزىنى ئايرىپ ئالقىنىغا ئېلىپ تارناغا تۇتاتتى، تارنا ھەر قېتىم مېغىزنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ، يېرىمىنى جاڭگىلىغا قويۇپ قوياتتى. جاڭگىلى يەنە تاش بادامنى چىشى بىلەن چېقىپ مېغىزىنى تارنانىڭ ئاغزىغا سېلىپ قوياتتى. ئۇلار ياڭاق، بادامدىن كېيىن گۈلە، ئۈزۈملەرنىمۇ يېيىشتى.

— ئەجەب ئىشتىھا بىلەن يېدىڭ، — دېدى تارنا چاقچاق قىلىپ، — مۇشۇنداق باي بالىسىدەك يەپ بومبايغا بېرىۋالىدىغان بولدۇڭ ـ دە!

— سەنمۇ مەن بىلەن بارساڭ بولمامدۇ! — دېدى جاڭگىلى يېقىنچىلىق بىلەن، — بىللە ماڭساق، بەك كۆڭۈللۈك بولىدۇ.

كەن.

— ياق، مەن جامانكوتقا بارىمەن. تاغامنى تېپىپ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيمەن. ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ، ئاندىن بومبايغا بارىمەن.

— ئۇ چاغدا سەن كاتتا بابۇ بولىسەن، ئۇ چاغدا ماڭا سىڭار كۆزۈڭدىمۇ قاراپ قويماسسەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تارنانىڭ ئۈنىڭغا بىردىنلا ئىچى ئاغرىپ قالدى.

— راجۇ، — دېدى ئۇ جاڭگىلىغا ئىچى كۆيگەن ھالدا، — سەن ھەقىقەتەن ئوبدان يىگىت جۇمۇ، كۆڭلۈڭ بەك ياخشى.

جاڭگىلى ئۈنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالدى. «راجۇ»، ئۇ ئۇنى راجۇ، دەپ چاقىردى - ھە؟! جاڭگىلىنىڭ ئىچى ئىسسىققىنا بولۇپ قالدى. ئۈنىڭغا شۇ تاپتا قەلب گۈلزارىدا جىمى گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەندەك، ئالەم گۈلىستان بولغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى ۋە ھاياجاندىن چىرايى چوغدەك قىزاردى.

تارنا پىسىڭىدە كۈلۈپ چاقچاق قىلدى:

— بىراق، سەن ياغاچ ئىكەنسەن، ياغاچ!

تارنا سۆزلەۋېتىپ كۈلكىسى سىرتقا چىقىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ئاغزىنى قولى بىلەن ئېتىۋالدى. شۇ چاغدا جاڭگىلىنىڭ ئۈنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋېتىپ، ئاشۇ گەپ چىققان ئاغزىنى سۆيۈپ قويغۇسى كېلىپ كەتتى. جاڭگىلى ئىختىيارسىز ئالدىغا ئېڭىشىۋىدى، ماشىنا تۇيۇقسىز سىلكىنىپ جاقىدە توختىدى. جاڭگىلى تارناغا يېقىن كېلىش ئۈياقتا تۇرسۇن، ئوڭدىسىغا چۈشۈپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

تارنا ئۈنلۈك كۈلۈۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران توختىتىۋالدى، لېكىن ئۇنىڭ ياشلىق كۆزىدىكى كۈلكە خۇددى كۆلدىكى نىلۇپەردەك كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

## 9

مۇھەددەپ ئۇسساپ كەتكەچكە ماشىنىسىنى بىر ئېرىقنىڭ يېنىغا توختاتقانىدى. ئېرىقنىڭ بويىدا قۇرۇپ قالغان بىر دەرەخ توغرىسىغا ياتاتتى. قومۇرۇۋېتىلگەن يىلتىزلىرى خۇددى تىلەمچىنىڭ قوللىرىدەك داردىيىپ تۇراتتى. بىر قىسىم چاچما يىلتىزلىرى سۇغا تېگىپ تۇرغاچقىمۇ، دەرەخنىڭ يىلتىزغا يېقىن يەرلىرى ئانچە - مۇنچە كۆكلەپمۇ قالغانىدى.

مۇھەددەپ بىلەن بەختىيار ئېرىقتىن سۇ ئىچىپ بولۇپ، قۇرۇق دەرەخنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ نان يېيىشكە باشلىدى.

تارنا بىلەن جاڭگىلىمۇ بەك ئۇسساپ كەتكەن، لېكىن مۇھەددەپ بىلەن بەختىيار تۇرسا، ئېرىقنىڭ يېنىغا بارالايدۇ دەمسىز!؟ تارنا كالپۇكلىرىنى يالاپ تۇرۇپ:

— ئەجەبمۇ ئۇسسىدىم، — دېدى.

— ۋاي، مېنى دېمەمسەن! — دېدى جاڭگىلى بەختىيار بىلەن مۇھەددەپ ئولتۇرغان ئېرىقتىكى سۇغا قاراپ. ئېگىزلىكتىن مۇخ باسقان تاش ئۈستىگە شارقىراپ چۈشۈۋاتقان سۇلار ئۇنىڭ كۆزىگە سۈرەتتەك كۆرۈنۈپ كەتتى. توۋا، بىر قارىساڭ يېقىن، لېكىن قولۇڭ يەتمەيدۇ!

— شۇ تاپتا، — دېدى جاڭگىلى، — ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئېرىققا قاراپ يۈگۈرسەك، ئۇلار نېمە دەپ قالار؟

— ھېچنېمە دېمەيدۇ. مېنى ماشىنىغا بېسىپ ئېلىپ ما-

ڭىدۇ، سىنى مۇشۇ يەرگە تاشلاپ قويىدۇ، شۇ.
مۇھەددەپ بىلەن بەختىيار يەيدىغىنىنى يەپ بولۇپ، دە-رەخكە يۆلەنگىنىچە ئىرىققا كەينىنى، ماشىنىغا ئالدىنى قىلىپ ياتتى. دىمىسىمۇ، سەپەرگە چىققان شوپۇر ماشىنىسىنى كۆزىدىن نېرى قىلمايدۇ - دە.
— بەختىيار، — دېدى مۇھەددەپ، — ساڭا شاش قىزلار ئۇچرىغانمۇ؟
بەختىيار يانچۇقىدىن يۇرژىنىلىق پىچاقنى چىقىرىپ بې-سىپ تاقىدە ئاچتى -دە، ۋال - ۋۇل پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ:
— شاش قىزنى بارغۇ، مانا بۇنىڭ بىلەن ئوڭشايمىز، يۈرەككە تەگلەپ تازا. . . — دېدى.
مۇھەددەپ تېنى جۇغىدە بولۇپ ئاندىن كۈلۈۋەتتى.
— بۇ پىچاق بىلەن ئادەم قورقۇتامسەن، ياكى راستلا تى-قامسەن؟
— لاپ گەپ ئەمەس، — دېدى بەختىيار قولىدىكى تاتۇقنى كۆرسىتىپ، — بۇ ئەتراپتا پىچاقچىلىقتا ماڭا ھېچكىم يېتەل-مەيدۇ. شۇڭا، شوپۇرلار مېنى ئۆزلىرىگە ھامرال قىلىپ يېنى-دا ئېلىپ يۈرۈشكە ئامراق. ئىشەنمىسەڭ، پاكىنادىن سوراپ باق.
مۇھەددەپ بەختىيارنىڭ دۈمبىسىگە گالاچچىدە بىرنى قو-يۇپ:
— ھەي نادان، مۇشۇنداق قىلىپ يۈرۈپ بىر كۈنى يا تۈرمىگە چۈشىسەن، يا جېنىڭدىن ئايرىلىسەن، — دېدى.
— ئوغۇل بالا بارغۇ، ئۆلۈمدىنمۇ، تۈرمىدىنمۇ قورقماي-دۇ.

www.uyghurkitap.com

تۇيۇقسىز مۇھەددەپكە ماشىنىنىڭ ئۈستىگە يېپىلغان برې-
زېنت مىدىرلىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

— قارا، قارا!

— نېمىگە؟ — بەختىيار ئالدىراپ سورىدى.

مۇھەددەپ ئۇنىڭغا ماشىنىنىڭ كەينىنى كۆرسىتىپ، ئا-
ۋاز چىقارماسلىقتا ئىشارەت قىلىپ، پەس ئاۋازدا:

— ئۈستىدە برېزېنت مىدىرلاۋاتىدۇ، — دېدى.

مۇھەددەپ بىلەن بەختىيار خېلىغىچە ماشىنىنىڭ ئۈستىگە
تىكىلىپ تۇرۇشتى، لېكىن ھېچنېمە مىدىرلىمىدى.

— ساڭا شۇنداق تۇيۇلۇپتۇ، - دېدى بەختىيار پەس ئاۋاز-
دا.

— قارا، ئەنە قارا! — مۇھەددەپ ئىتتىكلا ماشىنا تەرەپنى
كۆرسەتتى. بۇ قېتىم بەختىيارمۇ كۆردى. ماشىنىنىڭ ئۈستى-
دىكى برېزېنت بوش مىدىرلاۋاتاتتى.

— چوقۇم ھېلىقىدەك شاش قىزلاردىن بولۇشى مۇم-
كىن، — دېدى مۇھەددەپ.

— يا بولمىسا ئوغرى، — دېدى بەختىيار پىچاقنى سىقىم-
دىغىنىچە چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ.

ئىككىسى نەپەسلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا
دەسسىگىنىچە ماشىنا تەرەپكە ماڭدى. برېزېنت تۇرۇپ مى-
دىرلاپ، تۇرۇپ جىم بولۇپ قالاتتى. بەختىيار ماشىنىغا يېقىن
كېلىپ برېزېنتنى شاققىدە قايرىپ ئېچىپ، قولىدىكى پىچاقنى
ئىتتىكلا ئېگىز كۆتۈردى. برېزېنت ئېچىلىشى بىلەن «ئوغ-
رى» بېشىنى كۆتۈرۈپ بەختىيارغا قارىدى - دە، تەمكىن ھالدا
«مياۋ» قىلىپ قويدى. بۇ ياۋا مۈشۈك قاچانلاردا بۇ يەرگە
كىرىۋالغان بولغىيدى؟! مۇھەددەپ بىلەن بەختىيار پىخخىدە

كۆلۈۋەتتى ۋە مۆشۈكنى ماشىنىدىن ھەيدەپ چۈشۈرۈۋېتىپ برېزېنتنى يېپىپ قويغاندىن كېيىن، يەنە ئۆزلىرىنىڭ پارىڭىغا چۈشتى:

— مۆشۈنىڭ ئورنىدا بىر قىز بالا بولۇپ قالغان بولسا، نېمىدېگەن پەيزى بولاتتى - ھە!

— ھەي، قىز بالا دېگەن كاساپەتنى بىزنىڭ بۇ ماشىنىلارغا نېسىپ قىلمايدىكەن - دە!

— بىزگە نېسىپ بولمىغان شۇ قىز بالا شۇ تاپتا جاڭگالدا تېنەپ يۈرگەندۇ، ھەرقاچان.

بەختىيار يەردىكى قۇرۇق دەرەخكە قاراپ تۇرۇپ كېتىپ، مۇھەددەپكە دېدى:

— بۇ ياغاچنى ئېلىۋالايلى. دارۇيدا بىر ئوتتۇنخانا بار، ئاشۇ يەرگە ئاپىرىپ ساتىمىز. ھېچبولمىغاندا يەتتە رۇپىيىگە يارايدۇ. بىر بوتۇلكا ئاپېلسىن شەربىتى ئېلىپ ئىچمەيمىزمۇ!

«شەربەت» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ مۇھەددەپ ئۇدۇل ياغاچ تەرەپكە ماڭدى ۋە بېرىپلا ياغاچنىڭ بىر ئۇچىنى كۆتۈردى، بەختىيار كېلىپ يەنە بىر ئۇچىنى كۆتۈرۈپ، ئىككىسى ياغاچنى ماشىنىغا باستى. ياغاچ ئۇزۇن بولغانلىقتىن كوزۇېتىن ئۈچ- تۆت مېتىر چىقىپ تۇراتتى.

— بولدى، ئەمدى چۈشۈپ قالمايدۇ، — دېدى بەختىيار ياغاچنى مەھكەم باغلىۋېتىپ. ئاندىن كېيىن ماشىنا يولغا چىقىپ تا جامانكوتقا بارغۇچە ھېچنەدە توختىمىدى.

مۇھەددەپ بىلەن بەختىيار چاي ئىچكىلى كېتىپ ماشىنىنىڭ قېشىدا ھېچكىم قالمىغان چاغدا تارنا ماشىنىنىڭ كەينىدىن ئاۋايلاپ پەسكە چۈشتى. جاڭگىلى ئۇنىڭغا تۇگۇنچىك-

نى تۇتقۇزۇپ، ئاندىن زەر يىپ بىلەن كەشتىلەنگەن ئايغىنى سۇنۇپ بەردى. تارنا ئىككى ئاياغنى بىر - بىرىگە ئۇرۇپ قېقىۋېتىپ پۇتىغا كىيىۋالدى.

تارنا ماڭدى، جاڭگىلىنىڭ خىيالى تارنانىڭ ئايىغىدىكى زەر يىپ بىلەن كەشتىلەنگەن گۈل بىلەنلا قالغانىدى. ئۇ ئۆزلىرىنى شۇ گۈلگە ئوخشاتتى، ئەپسۇسكى بۇ قوشماق گۈل بوراندا شېخىدىن ئايرىلىپ، بىرى ئۇيان، بىرى بۇيان، يىراق-يىراقلارغا ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كۆزلىرىگە لىققىدە ياش كەلدى.

تارنا دەرەخلىك بىر چىغىر يولغا كەلگەندە، كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويۇپ، ئاندىن دەرەخلەر ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولدى.

«ئەگەر، — دەپ ئويلىدى جاڭگىلى، — ئۇ ماڭا، مەن بىلەن ماڭ دېگەن بولسا، ھەتتا بىر قېتىم دەپ قويسىمۇ، مەن قىلچە ئىككىلەنمەي ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭغان بولاتتىم، لېكىن ئۇ دېمىدى، ئەپسۇس». جاڭگىلى كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، ئۆمىلىگىنىچە ئۆۋىسىغا — يۈك تاغارلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. ئەمدى تۈگۈلۈپ ياتقۇلۇق. ئۇ ئىككىسى چېيىنى ئىچىپ بولسا قوزغىلىدۇ. قوزغالسىمۇ تېزرەك قوزغالسۇنلا، تارنانى ئېپقالغان جامانكوتقا قارىغۇسىمۇ يوق ئەمدى! جاڭگىلى بېشىنى بىر تاغارغا قويۇپ، كۆزلىرىنى ئەلەم بىلەن يۇمدى.

مۇھەددەپ بىلەن بەختىيار چاي ئىچىپ بولۇپ كېلىپ ماشىنىغا چىقىشتى. مۇھەددەپ ماينى دەسسىۋىدى، ماشىنا «گۈ...» قىلىپ خىرقىراپ ئوت ئالماي قويدى، يەنە بىر

قېتىم قىلىپ باقتى، ماتور يەنىلا ئوت ئالمىدى. ئىككىسى ماشىنىدىن چۈشۈپ ماتور بار يەرنى ئاچتى، ئەتۋىرىكە بىلەن ئۇ يەر - بۇ يەرنى كوچىلاپ، ئاخىر ئۇ يەردىن قارا بىر سايماننى چۇۋۇپ چىقتى. مۇھەددەپ ئۇنى بەختىيارغا كۆرسىتىپ:

— بۇ كاساپەت سۇنۇپتۇ، — دېدى، — بۇنى ياساشنى مەنمۇ بىلمەيمەن. ساقلايلى ئەمدى، مۇشۇنداق زاپاس سايمىنى بار بىرەر شوپۇر بۇ يەردىن ئۆتۈپ قالسا ئەجەب ئەمەس. بولمىسا، پالاكەت بېسىپ ياتارمىز، مۇشۇ يەردە.

— يۇر، ئاشخانىغا كىرىپ توخۇدىن بىرنى ئېلىپ يەپ ئولتۇرايلى. ھېلىمۇ بۇ چاتاق يولدا چىقماپتۇ، بولمىسا ئاچ قالاتتۇق دېگىنە.

ئىككىسى پاراڭلاشقاچ ئاشخانىغا قاراپ ماڭدى.

باياتىن بېرى قىز بار چاغدا ھېچنېمە بولمىغان جاڭگىلى ئەمدى نەپسى سىقىلغانىدەك بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئەتراپىدىكى يۇڭ - چۇپۇرلار ھېلىلا ئاغزىنى ئېتىۋالىدىغانىدەك تۇيۇلغاچقا، ئۇ ئاخىر ماشىنىدىن چۈشۈپ، تۆت تەرىپىگە ھوشيارلىق بىلەن قارىۋېتىپ يېقىندىكى بىر ئورماننىڭ ئىچىگە كىردى.

ئاھ ئورمان، مېھرىلىك ئورمان! سېنىڭ قارىغايلىرىڭ، شەمشادلىرىڭ، ياۋا ئۈزۈملىرىڭ نەقەدەر تونۇش - ھە! ھەربىر يوپۇرمىقىڭدىن سۆيگۈنىڭ ھىدى كېلىدۇ. ئاھ، نېمىدېگەن ساپ ھاۋا، نەقەدەر ئۇلۇغوار جىمجىتلىق!

ئېرىقلىرىڭدىن سۇ ئىچىپ قېنىۋالاي، ئورمان! ئەمدى چىمەنلىكىڭدە يۇت - قولۇمنى سوزۇپ بىر يېتىۋالاي. مەخمەلدەك چىمەنزارىڭدا، گۈزەللىك قوينىدا سوزۇلۇپ يې-

تىنىش نەقەدەر ھۇزۇر. ھەي... ي، شۇ تاپتا تارنا يېنىمدا بولغان بولسا، مۇشۇ يەرگىلا بىر كەپە بىنا قىلىپ...

ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا بىر كەپە كەلدى. ئۇنىڭ ئالدىدا بۇغا تېرىسى يېپىنغان تارنا، چاچلىرى بېلىگىچە يېيىلىپ تۇرىدۇ. كۆزلىرى يولدا، يىگىتىنىڭ يولىدا. جاڭگىلى بولسا، مۈرىسىگە ئۆۋلىغان چىپار كېيىكنى ئارتىپ كېلىۋاتىدۇ. تارنا ئۇنىڭغا مېھىر بىلەن تەلمۈرۈپ كۈلۈمسىرىمەكتە، كۆزلىرىدە ئاجايىپ نۇر، بۇ نۇر ئاسمان - زېمىننى يورۇتماقتا... گۈللەر، ئالتۇن رەڭ گۈللەر، گۈللەرنىڭ ھىدى، بىرلا گۈل ئەمەس، تۈمەنمىڭ خىل گۈللەرنىڭ ھىدى! ئۇ ھەربىر گۈلنىڭ پۇرىقىنى پەرق قىلالايدۇ: بۇ رەيھاننىڭ پۇرىقى! ئۇ رەنانىڭ پۇرىقى... ئۇ خىلمۇخىل گۈللەرنىڭ ئىچىدىمۇ شۇ ئۆزگىچە بىر گۈلنىڭ پۇرىقىنى ئالاھىدە ھېس قىلالايدۇ...

تۇيۇقسىز ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە تارنانىڭ يېقىملىق كۈلكىسى جاراڭلىغاندەك بولدى. ئۇ دەرھال كۆزىنى ئاچتى: قېنى؟ قېنى؟ تارنا قېنى؟ كەپە قېنى؟ تېرە كىيىمچۇ؟ چىپار كېيىكچۇ؟ يوق، ھېچنېمە يوق! پەقەت ئورمان، سۈرلۈك، جىمجىت ئورمانلا تۇرۇپتۇ. ھوي، بۇ نېمە ئاۋاز، بىر قۇش دەرەخ ئۈستىدىن پۇررىدە قىلىپ ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەتتى. جاڭگىلى بولسا چاچراپ ئورنىدىن تۇردى.

## 10

تارنانىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇدىر بولۇپ ئىشلەۋاتقان كىچىك دادىسى فاتاچاند دېگەن ئادەمنىڭ مىجەزى ناھايىتى ئوسال. ئۇنىڭ يىگىرمە ئىككى ياشقا كىرگەن بىر گاچا ئوغلى

بار. بۇ ئوغۇل گەپ قىلالمىغانىنىڭ ئۈستىگە چىرايى سەت، ئېڭىكى كەمتۈك، بېشىنىڭ چوققىسىغا نىياز چاچ قويۇۋال- غان. فاتاچاند ئوغلىنى ئوقۇتسام، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ بىرەر ئوتتۇرا مەكتەپكە مۇدىر بولسا، قېرىغاندا جېنىمغا ئەس- قاتىدۇ، دەپ ئويلىغان. لېكىن، ئۇنداق خىزمەت بېجىرىم ئادەمگە تېپىلمايۋاتقان يەردە گاچىغا نەدە دەيسىز. بۇ جەمئى- يەتتە ئۇنىڭغا دېھقان بولماقتىن باشقا يول يوق. ئەپسۇس، ئۇلارنىڭ يېرى تولىمۇ ئاز. جىق يېرى بولسا، فاتاچاند يەرنىڭ كۆكىنى سېتىپ يېمەي، مۇدىرلىق قىلىمەن دەپ جاپا چېكىپ يۈرەمتى! ؟ هەي. . . ي، ئۇنىڭ خۇدا ئالدىدا قىلغان نېمە گۇناهى بارئىكىن، كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال دېگەندەك، ئەمدى بۇ تارنانىڭ كېلىپ ئولتۇرغىنىنى قارىمامدىغان! هەرنې- مە بولسا تارنانىڭ دادىسى ئۇنىڭغا تېلېگراممىا ئەۋەتكەن، قىز مۇشۇ يەردە دەپ ساقچىغا مەلۇم قىلىپ قويسىلا بولمىدىمۇ! لېكىن، خوتۇنى نېماندااق باشنى ئاغرىتىدىغاندۇ!

— تارنانى ئېپقالايلى، — دەيدۇ مانا خوتۇنى ئەقىل كۆر- سىتىپ، — كېيىن ئوغلىمىزغا ئەپبېرىمىز!

— ئۇنىڭ دادىسىغا يەتتە يۈز ئەللىك رۇپىيىنى نەدىن تې- پىپ بېرىمىز؟ تارنانىڭ بىرمۇنچە ئىش تېرىپ قويۇپ قېچىپ كەلگەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ بىز ئۇنى ئېلىپ قالساق تۇغقانلار- نىڭ جېدىلىگە قالىمىز.

— تارنانى كەتكۈزۈۋەتسەك، ئۆمۈرۋايەت پۇشايمانغا قالى- سەن. بۇ گاچا ئوغلۇڭغا كىم قىزىنى بېرىدۇ؟ ياتلار تۇرماق، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست — بۇرادەرلىرىڭمۇ بىزگە قىز بەر- مەيدۇ، بىلىپ قوي!

— ئۇنداق قىلساق، گۇناھ بولىدۇ!

— ئەمىسە، قانداق قىلىمىز؟
— قانداق قىلالتتۇق، باشقا كەلگەننى تارتىمىز. لېكىن، بۇ قىزنى ھەرگىز ئەپقالالمايمەن!
— ئەمىسە، زادى قانداق قىلىسەن؟
— ساقچىغا مەلۇم قىلىمەن، شۇ!
دەل شۇ چاغدا بوسۇغىدا شىپىرلىغان ئاۋاز ئاڭلىنىشۇدى، ئەر- خوتۇن ئىككىسى چۆچۈپ كەتتى. فاتاچاند دەرھال ھويلىغا چىقتى. ھويلىدا ھېچكىم يوق، پەقەت قازاندا قوناق پوشكىلى بېزىلداپ تۇراتتى.
بىر ئازدىن كېيىن فاتاچاند بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە ھويلىدىن چىقىپ كەتتى.

كەچقۇرۇن، قۇياش جامانكوتنىڭ غەربىي تېغىغا يانپاشلىغان چاغدا، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ماشىنىنىڭ شوپۇرى مۇھەددەپنىڭ ماشىنىسىنى ياساپ بولۇپ:
— ئەمدى ھېچبولمىغاندا ئامرىتسارغا بېرىۋالالايسىلەر، — دېدى.
— ئامرىتسارغا بېرىۋالغىنىمىزنىڭ ئۆزى چوڭ ئىش، — دېدى بەختىيار ئۇ شوپۇرغا كۈلۈپ تۇرۇپ.
مۇھەددەپ ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇپ ئۇزۇنغىچە گۈرۈلدىتىپ تۇردى.
— مايىنى بىكار ئىسراپ قىلماي، ماڭايلى، مۇھەددەپ بېگىم! — دېدى بەختىيار.
—قېنى، سىناپ باقايلى، تۈزەلدىمىكىن، — بىر ئازدىن كېيىن مۇھەددەپ كۈلۈمسىرەپ دېدى، — ئەمدى پۈتۈنلەي تۈزۈلۈپتۇ!

دەسلەپتە ماشىنا ئاستا مېڭىپ، كېيىن ئىتتىكلىدى. بەخ-
تىيار مۇھەددەپنىڭ كۆلكە يېغىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ:
— ئاپپىلسىن شەربىتى كۆز ئالدىڭغا كېلىۋاتامدۇ؟ —
دېدى.
— ياق، — دېدى مۇھەددەپ مۇغەمبەرلىك بىلەن
كۈلۈپ، — «پەرىزات» ماركىلىق شامپان كۆز ئالدىمغا كېلى-
ۋاتىدۇ!

ماشىنا ئاستا قوزغىلىۋاتقاندا بىرى جاڭگىلىنى نوقۇغان-
دەك قىلىۋىدى، جاڭگىلى ئىتتىك بېشىنى كۆتۈردى. قارىسا
تارنا!
— سەن...؟
تارنا گەپ قىلمايلا ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى.
— يەنە كەپسەنغۇ، تارنا؟
تارنا لام - جىم دېمەي، بېشىنى تاغارغا قويۇپ يىغلاپ
كەتتى. ئۇنىڭ قار - يامغۇر يىغلاۋاتقانلىقىغا قاراپ ئۇنى
يۈرىكى ئېقىپ كېتىۋاتقان بولسا كېرەك، دەپ قالاتتى كىشى.
جاڭگىلى ئىچ ئاغرىتىپ، تارنانىڭ يەلكىسىنى سىلىدى.
تارنا تۇيۇقسىز ئۇنىڭ قوللىرىنى ئىتتىرىۋېتىپ، غەزەپ-
لىك ھومايغىنىچە:
— ماڭا تەگمە! — دېدى، — سىلەر ئەر خەقلەرنىڭ
ھەممىڭلارلا تاش يۈرەك، داداممۇ، تاغاممۇ، ھاما ئاچامنىڭ
ئېرىمۇ، ھەتتا سەنمۇ! ھەممىڭلار بىز ئاياللارنىڭ پېشانىسىغا
پۈتۈلگەن دۈشمەن!
جاڭگىلى خۇددى يۈزىگە يۇندا چېچىلغاندەك ئەندىكىپ
ئۆزىنى كەينىگە تارتتى. توۋا، تارنا نېمىشقا ئۇنداق دەيدىغان-

دۇ، ئۇ ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئادەم ئەمەس ئىدىغۇ؟! ئۇ ھەيرانـ
لىق بىلەن تارناغا تىكىلىپلا قالدى.

مۇھەددەپنىڭ توختىماي كۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ
بەختىيار سورىدى:

— ۋاي، نىمە بولدى؟

— بىر قىز كەلدى، — دېدى مۇھەددەپ پەس ئاۋازدا.

— قېنى؟ — بەختىيارنىڭ كۆزى چەكچىيىپ قالدى، —
يولدا ھېچكىمنى كۆرمىدىمغۇ؟

— ھازىرلا كەينىمىزدىن يۈگۈرۈپ كەلگەن.

— قاچان؟

— ماشىنا قوزغالغان چاغدا.

— كېيىنچۇ؟

— كېيىن مەن ماشىنىنى ئاستا ھەيدىدىم. ماشىنىنىڭ كەيـ
نىنى كۆرسىتىدىغان ماۋۇ يان ئەينەكتىن ئېنىق كۆرۈپ تۇرـ
دۇم، ئۇ ماشىنىغا چىقىۋېلىش ئۈچۈن يۈگۈرگەن.

— ئاندىن كېيىنچۇ؟ — بەختىيار نەپسىنى ئىچىگە يۇتقىـ
نىچە ئارانلا مۇشۇ گەپنى قىلالىدى.

— كېيىن ئۇ ماشىنىغا يېتىشىپ كەلدى، يوقالدى.

— يوقالدى؟

— ھەئە. كېيىن يان ئەينەكتىن كۆرەلمىدىم.

— ئەمىسە، جىن ئوخشىمامدۇ، تۇيۇقسىز يوقاپ كەتكەن
بولسا؟

— نەدە جىن بولسۇن، چىرايلىق بىر قىز ئۇ!

— ئەمىسە، ئۇنى يەر يۇتۇۋەتتىمۇ؟

— ياق. مېنىڭچە ئۇ ماشىنىغا چىقىۋالدى. ھازىر ماشىنىـ

ىدا، — مۇھەددەپ كۆرەڭلىگەن ھالدا ماشىنىنى توختاتتى.

قۇياش تاغنىڭ كەينىگە پېتىپ قاراڭغۇ چۈشتى. مۇھەد-
دەپ ماشىنا چىرىغىنى ياندۇردى.

بۇ چاغدا جاڭگىلى بىلەن تارنا ماشىنا ئالدىدا چىراغقا
ئۇدۇل قىلىپ تۇرغۇزۇپ قويۇلغان، مۇھەددەپ بىلەن بەختىيار
ئۇلارنىڭ قورقۇپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — بەختىيار مۇھەددەپتىن سو-
رىدى.

— قانداق قىلماقچىدۇق، ئېڭىكىگە سالىمىز، —
دېدى - دە، مۇھەددەپ جاڭگىلىنىڭ ئېڭىكىگە جالاقىدە بىر-
نى قويدى. جاڭگىلى گۈپپىدە يەرگە يېقىلىپ، يەنە ئىتتىكلا
ئورنىدىن تۇرۇۋېلىپ، دەرھال قورساقىغا بىر مۇشت كېلىپ
تەگدى. جاڭگىلى يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ بولغۇچە، بەختىيار
كېلىپ ئۇنىڭ قورسىقىغا يەنە بىرنى تەپتى. جاڭگىلى دومى-
لاپ چۈشۈپ، كېيىن ئورنىدىن تۇردى - دە، تۇرۇپلا قولىغا
پىچىقىنى ئالدى.

تارنا قاچماقچى بولۇۋىدى، مۇھەددەپ ئۇنى مەھكەم تۇتۇ-
ۋېلىپ قوللىرىنى ئاغرىتىۋەتتى. شۇ ئارىدا بەختىيارمۇ پىچى-
قىنى چىقاردى.

— سىلەر ئىككى، مەن بىر، بىلىپ قوي! — دېدى جاڭ-
گىلى.

— قورقما، — دېدى مۇھەددەپ كۈلۈپ، — بىرگە بىر!

— «ئورگانچە» مۇ، «دورگانچە» مۇ؟

تاغلىقلاردا مۇنداق ئېلىشىشنىڭ ئىككى خىل يولى بولات-
تى. «ئورگانچە» دېيىلگىنىدە ئىككى تەرەپنىڭ ھەجۇمى ئۇ-

دۇلنى ئاساس قىلىپ، كىم ئاۋۋال يارىلانسا، شۇ يېڭىلگەن
ھېسابلىناتتى. «دورگانچە» ئىشلىشىشقا كەلسەك، بىر تەرەپ
يەنە بىر تەرەپنىڭ دۇمبىسىنى زەخىملەندۇرمىگۈچە، ئالدى
تەرىپىنى قىيما ـ ياما قىلىۋەتسىمۇ، غالىب ھېسابلانمايتتى.
— «دورگانچە» — دېدى بەختىيار چىشىنى غۇچۇرلىتىپ.
— كىم يەڭسە، قىز شۇنىڭ بولىدۇ ئەمسە، — دېدى
جاڭگىلى ئالدىغا ئىككى قەدەم مېڭىپ پىچاقنى بەختىيارنىڭ
كۆز ئالدىدا پۇلاڭلاتقىنىچە.
بەختىيار پىچاقنى بىر شىلتىۋىدى، جاڭگىلى دەرھال كەي-
نىگە داجىۋالدى. بەختىيار كۆلۈپ پىچىقىنى ئويناتقىنىچە ئۇ-
نى قىستاپ كېلىۋەردى ۋە مۆھەددەپكە:
— قاراپ تۇر، مۆھەددەپ، ھېلى بۇ تاغلىقنى قوشقاچنى
بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلىۋەتكىنىمنى كۆرىسەن، — دېدى.
جاڭگىلى ئۇنىڭ سول قول تەرەپكە ئۇرغان زەربىسىدىن
ئۆزىنى قاچۇردى ۋە ئۇ ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە يۈزىگە
قاراپ پىچاقنى شىلتىدى. بەختىيار ئىتتىك زوڭ ئولتۇرۇۋال-
دى. جاڭگىلى ئۇنىڭ گەجگىسىدىن ئالماقچى بولۇۋىدى، ئۇ
ئۆزىنى بىر ياقىقا تاشلاپ، جاڭگىلى كەلگۈچە تېز ئورنىدىن
تۇردى ـ دە، چەبدەسلىك بىلەن پىچاقنى جاڭگىلىغا سانجى-
دى. جاڭگىلىنىڭ بىلىكىدىن چىققان قان قىزنىڭ ئاياغ تۇۋى-
گىچە چاچراپ بېرىۋىدى، قىز قورقۇپ كەينىگە تاشلاندى.
لېكىن، مۆھەددەپ ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋەتمىگەنىدى. ئۇ-
لار قاتتىق ئىلىشقانىدى، مۆھەددەپنىڭ قىزنى تۇتقان قولى
بارغانسېرى چىڭىپ كېتىۋاتاتتى.
ئاز ئۆتمەي جاڭگىلى مۆرىسىگە بىر پىچاق يېدى، ھېلى-
مۇ پوپايكىسى قېلىن ئىكەن، پىچاق تېيىزرەك كىردى، پوپايكا

كېسىلىپ قان ئېقىشقا باشلىدى. بۇنى كۆرۈپ دەرغەزەپكە كەلگەن جاڭگىلى بەختىيارغا شىددەت بىلەن تاشلاندى.

بەختىيار ئۇنىڭغا پىچىقىنى كەينى - كەينىدىن شىلتىدى، لېكىن تەگكۈزەلمىدى.

تۇيۇقسىز جاڭگىلى سول قولى بىلەن بەختىيارنىڭ ئوڭ قولىنى تۇتۇۋالدى. بەختىيارمۇ كاپپىدە ئۇنىڭ ئوڭ قولىغا ئېسىلدى. ئىككىلىسى قوللىرىنى بوشىتالماي ئېلىشىپ - چېلىشىپ كەتتى. ئۇلار ھاسىرىشاتتى، كۆزلىرىگە قان تولغانىدى.

بىر ئازدىن كېيىن ئىككىسى يەردە يومىلاقلىشىپ كەتتى. دەسلەپتە بەختىيار جاڭگىلىنى بېسىۋالدى، ئۇنىڭ قولىدىكى پىچاق ماشىنا چىرىغىنىڭ يورۇقىدا يالتىرىدى. ئۇ ئەمدىلا پىچاقنى سالاي دەپ تۇرۇشىغا، ئاستىدا ياتقان جاڭگىلى بىرلا كۈچەپ ئۇنى موللاق ئاتقۇزدى ۋە ئۇ ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە ئىككى تىزى بىلەن بويىنىنى قىسىپ تۇرۇپ، دۈمبىسىگە يېنىك بىر پىچاق ئۇردى. بەختىيارنىڭ دۈمبىسىدىن قان چىقتى. جاڭگىلى شۇ ھامان ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى - دە، بەختىيارنىڭ بىر چەتتە تاشلىنىپ ياتقان پىچىقىنى قولىغا ئېلىۋالدى.

بەختىيار ئورنىدىن تۇرۇپ دۈمبىسىنى تۇتۇۋىدى، قولى قان بولۇپ چىقتى. ياخشى يېرى، پىچاق چوڭقۇر كىرمىگەن، پەقەت تېرىسىنىلا كېسىۋەتكەنىدى. ئادەتتە ئۇستا پىچاقۋازلار قارشى تەرەپنى ئۆلتۈرمەي، مۇشۇنداق يېنىك يارىلاندۇراتتى.

جاڭگىلى بەختىيارغا پىچىقىنى تاشلاپ بېرىۋىدى، بەختىيار پىچاقنى سول قولى بىلەن تۇتۇۋېلىپ، شاراقىدە قىلىپ

تىغىنى كەينىگە ياندۇرۇپ يانچۇقىغا سالدى، ئاندىن يەرگە قاراپ تۇرۇپ:

— بولدى، ئەمدى قىز سىڭىلىڭ، — دېدى.

— نېمىشقا ئۇنىڭ بولىدىكەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى مۇھەددەپ ئەلپازىنى بۇزۇپ.

— ئۇنداق دېمە، مۇھەددەپ، — دېدى بەختىيار ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — تاغلىق يەڭدى، ئەمدى قىز شۇنىڭ بولىدۇ.

— بۇنى ئۇنىڭغا بەرگۈچە، هاپ قىلىپ يەۋېتەرمىنا، — دېدى مۇھەددەپ قىزنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇپ. بەختىيار قان يۇقى قوللىرىنى مۇھەددەپكە كۆرسىتىپ:

— قارا، — دېدى ـ دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ مۇرىسىنىمۇ كۆرسەتتى، — قاننى كۆردۈڭمۇ؟ دېمەك، مەن ئۇتتۇردۇم. قىز ئۇنىڭ بولدى!

— لېكىن، مەن قىزنى بەرمەيمەن، — دېدى مۇھەددەپ تەرسالىق قىلىپ.

— ئەگەر سەن قىزنى بەرمىسەڭ، — بەختىيار كەينىگە داجىپ چىشىنى غۇچۇرلاتتى، — ئۇ ... ئۇ چاغدا... — ئۇ يەنە پىچىقىنى چىقاردى، — ئىككىمىز بىرلىشىپ سېنى چاناپ تاشلايمىز. يەڭگەن يەڭگەن، يېڭىلگەن يېڭىلگەن بولىدۇ. مۇھەددەپ، مۇشۇنچىلىك قائىدىنىمۇ بىلمەمسەن سەن؟!

جاڭگىلى چوڭ قەدەم ئېلىپ بەختىيار بىلەن بىر قاتارغا كېلىپ تۇردى. ئىككىلىسىنىڭ پىچىقى سۇرلۇك يالتىراپ تۇراتتى.

مۇھەددەپ ئۇ ئىككىسىگە بىرپەس ھومىيىپ قاراپ تۇرۇپ كېتىپ، كېيىن نىيىتىدىن يانىدىمۇ، قانداق، تارنانىڭ

قولىنى قويۇۋېتىپ، ئوڭايسىز ھىجايغىنىچە:
— ئاله، تاغلىق. سەن ئۆتتۈڭ، بىز ئۆتتۈردۇق. مېڭىڭ-
لار، ماشىنىغا چىقىڭلار، — دېدى.

ماشىنا خېلى ئۇزۇنغىچە ماڭدى، مۇھەددەپ بىلەن بەختى-
يارنىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەنىدى. كېيىن بەختىيار
تۇيۇقسىز ناخشا باشلىدى:

ئاھ، دىلرەبا دىلبەر،
شامالدا ساچىڭ يەلپۈنەر.
قاپقارا قوي كۆزلىرىڭ
ئاھۇ كېيىكتەك تەلمۈرەر.

ماشىنىنىڭ ئۈستىدە تارنا يىغلىغىنىچە جاڭگىلىنىڭ يارى-
سىنى تاڭماقتا ئىدى. كۆزلىرىدىن ئاققان ياش ئۇنىڭ يارىسىغا
گۈل بەرگىدىكى شەبنەمدەك، ياق، شىپاھى زەمزەمدەك تامماق-
تا ئىدى.
بەختىيار ناخشىسىنى تېخىمۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ئېيتىش-
قا باشلىدى:

بىرى ئوينىتسا زەر زەنجىر،
بىرى تەڭلەيدۇ گۈلدەستە.
ئېيتقىنا، دىلرەبا دىلبەر،
تەئەللۇق زادى سەن كىمگە؟

تارنا جاڭگىلىنىڭ يارىلانغان بىلىكىگە يۆلىنىپ يىغلىماقتا

ئىدى. بەختىيارنىڭ ناخشىسى چەكسىز ئورمان، ئېگىز چوققىلاردىن ھالقىپ، خۇددى خۇداغا نالە قىلغاندەك ياڭرايتتى.

كۆزۈڭنى ياشلىما ئەمدى،
دىلىڭنى ئەيلىگىن ئىزھار.
يىراق كەتكەي ئازاب، دەرد ـ غەم،
ياشنىغاي سۆيگۈدىن دىللار.

تارىنا يىغلاپ ـ ئېسەدەپ تۇرۇپ، ئۇنى: «راجۇ! راجۇ!» دەپ چاقىردى.

راجۇ ئۇنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا قويۇپ ياش يۇقى كۆزلىرىگە توختىماي سۆيدى. ھاياجاندىن، يىغىدىن تارىنانىڭ ۋۇجۇدى توختىماي تىترەيتتى.

ماشىنا بارغانسېرى يىراقلاشتى، بەختىيارنىڭ ناخشىلىرى ئورمان ئىچىگە سىڭىپ يوقاپ كەتتى.

# 11

ماشىنا ئامېرىتسارغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇلار پاختىنى گانەنشا زاۋۇتىغا چۈشۈرۈۋېتىپ، ئۇ يەردىن دېھلىغا ئاپىرىدىغان يۈك ماتېرىياللارنى باستى. دېھلىغا بارغۇچە، ئۇ تۆتى يېقىن ئاغىنىلەردەك چىقىشىپ كەتتى. مۇھەددەپ بىلەن بەختىيار ئۇ ئىككى تاغلىقتا ئامراق بولۇپ قالغانىدى. ئەگەر ئىمكانىيەت يار بەرگەن بولسا، ئۇلار بۇ ئىككى ئاق كۆڭۈل قىز ـ يىگىتنى بومبايغا ئاپىرىپ قويغان بولاتتى. بىراق، گانەن-

ـشا شىركىتى يۈكنى دېھلىدىن ئاگراغىلا ئاپىرىشنى بۇيرۇغان. شۇڭا، ئۇلار راجۇ بىلەن تارنانى ئاگراغىچىلا ئاپىرىپ قويدى.
ماشىنا ئاگرادىكى راجا بازىرىنىڭ قېشىدىكى پويىز ئىستـ ـانسىسىغا كېلىپ توختىدى. بەختىيار ئۇلارغا پويىز ئىستانـ ـسىسىنى كۆرسىتىپ:
— ئۆتكەن ـ كەچكەن ماشىنىغا ئېسىلىپ بومبايغا بارغىـ ـلى بولمايدۇ، بۇ يەردە ئۇدۇل بومبايغا بارىدىغان پويىز بار. بابۇلارغا كۆرۈنمەي ۋوگزالغا كىرىۋالساڭلار، بومبايغا بارىدىـ ـغان پويىز كەلگەن هامان چىقىۋالىسىلەر. ئەگەر تەلىيىڭلار كېلىپ كېچىلىك پويىزغا توغرا كېلىپ قالساڭلار، ئۇ چاغدا تېخىمۇ خاتىرجەم بولىسىلەر. كېچىدە ھېچكىم بىلەت تەكـ ـشۈرمەيدۇ، — دېدى.
تارنا بىلەن راجۇ ئۇلارغا چىن رەھمەت ئېيتتى.
بەختىيار مۇھەددەپنىڭ قولىنى تارتىپ:
— يۈر، مۇھەددەپ، بىز ماڭايلى، — دېدى.
مۇھەددەپ ھاڭۋاقىنىچە تۇرۇپ كېتىپ، بېشىنى قاشلىـ ـدى، ئالمىغىلى نەچچە كۈن بولغان ساقىلىنى سىلىدى، كېيىن يانچۇقىدىن بەش رۇپىيىنى چىقىرىپ تارناغا تۇتقۇزۇپ:
— يولدا ئىشلىتىڭلار، — دېدى.
— نېمىگە ئىشلىتىمىز؟ — راجۇ ھەيرانلىق بىلەن سورىـ ـدى.
— پۇلسىز پويىزغا چىقىۋالغىلى بولغان بىلەن، پۇلسىز تاماق يېگىلى بولمايدۇ. تاماق يېمەي، بومبايغا قانداق بارالايـ ـسىلەر؟ — دېدى مۇھەددەپ.
تارنا كۆزىگە ياش ئالدى. ئۇ بىرنېمە دېگۈچە، مۇھەددەپ بەختىيارنى تارتىپ ماشىنىغا چىقىپ كەتتى. بىرئازدىن كېيىن

ماشىنا بىر دوقمۇشتىن قايرىلىپ ئۆلارنىڭ كۆزىدىن غايىب بولدى.

تارنا بەش رۇپىيىنى راجۇغا تەڭلەپ:
— مە، يېنىڭغا سېلىپ قوي، — دېدى.
— ياقەي، ئۆز يېنىڭدا تۇرىۋەرسۇن، — دېدى راجۇ سەل خاپا بولغاندەك. تارنا ئۇنىڭ قىيىدىغانلىقىنى سېزىپ خۇشال بولۇپ قالدى ۋە دەرھال پۇلنى يېنىغا سېلىپ:
— بول، ماڭايلى، — دېدى.
— پويىز كەلدىما؟ — سورىدى راجۇ ھەيرانلىق بىلەن.
— ياق. پويىز كەچتە كېلىدۇ. ھازىر سېنى باشلاپ بېرىپ ئوبدان بىرنەرسە كۆرسىتىمەن.
— قويە، — دېدى راجۇ بېشىنى چايقاپ، — ماڭا بىرنېمە كۆرسىتىمەن دېگۈچە، قورساقتا بىرنېمە ئېلىپ بەرگىنە. قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى.
— توۋا، ھېلىتىن قورسىقىم ئاچتى دەۋاتقىنىنى! ئەگەر مۇھەددەپ مۇشۇ پۇلنى بەرمىگەن بولسا، قانداق قىلاتتىڭ؟
— ئاچ يۈرەتتىم، شۇ.
— ئەمدى ئاچ يۈرسەڭ بولمايدۇ ـ ھە، شۇنداقمۇ؟ — دېدى تارنا كۈلۈپ، — ئەجەب پەملىك بار سېنىڭ. ماقۇل ئەمىسە، ئاۋۋال تاماق يەپ، ئاندىن ھېلىقىنى كۆرەيلى!

تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار بىرمۇنچە كوچىلارنى ئايلىنىپ، يول تاپالمىسا خەقتىن سوراپ، ئاخىر شەھەر سىرتىغا چىقتى.
— ياﺋاللا، شەھەردە ئېچىم ئاجايىپ سىقىلىپ

كەتكەن، — دېدى راجۇ ئازادە مۇھىتقا چىقىپ قالغاندەك بولۇپ. دېمىسىمۇ بۇ راجۇنىڭ شەھەرنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشى ئىدى. پاتانكوت، ئامرىتسار، دېھلىلاردا ئۇنىڭغا شەھەر ئايلىنىش نېسىپ بولمىغان، ئەمدى بۇ يەردە ئايلىنىپ بىردەمدىلا تويغاندى.

— شەھەر دېگەن قانداق ئىكەن؟

— چىدىغۇسىز پاسكىنا، بەتبۇيچىلىق ئىكەن.

— يەنىچۇ؟

— يەنە كىشىلەرنىڭ چىرايىدا جىددىيچىلىك.

— يەنىچۇ؟

— يەنە يول ماڭسا ئىت قوغلىغان گاچىدەك مېڭىشىدىكەن. نېمىشقا شۇنداق ئالدىراپ مېڭىشىدىغاندۇ، نەگە ئالدىرايدۇ زادى؟

— ئۇنى بىلمەيمەن، — دېدى تارنا جىددىي ئاھاڭدا، — مەن شۇ تاپتا ئۆزىمىزنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىمىزنىلا بىلىمەن.

— نەگە بارىمىز؟

— تاج ماخالغا.

— تاج ماخالغا؟ ئۇ نېمە قىلىدىغان يەر؟

— ئۇ ئىككى قەبرە بار جاي. مازار.

— مازار؟ بىز ئۆلمىسەك، مازارغا نېمە قىلغىلى بارىمىز؟ ئۇ يەردە نېمە بار؟ يا بىز مازارغا تاۋاپ قىلىدىغان مۇسۇلمان بولمىساق؟!

— ئۇ يەرگە مۇسۇلمانلارلا بارمايدۇ، دۇنيادىكى ھەممە ئادەم بارىدۇ.

— دۇنيادىكى ھەممە ئادەم؟ ئاشۇ ئىككى قەبرىنى كۆرۈشكىما؟ — راجۇ سۆزلەۋېتىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، —

www.uyghurkitap.com

تارنا، مېنى تولا كولدۇرلاتمىغىنا!

— ياق، راجۇ، سېنى كولدۇرلاتمىدىم. راست! ھېلى بارغاندا كۆرىسەن.

ئىككىسى خېلى بىرھازاغىچە ئۈنچىقماي مېڭىشتى. راجۇ قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ تازا بىر ئويلىنىۋېلىپ، بىرپەستىن كېيىن:

— بۇ ئىككى قەبرىنى كۆرۈشكە دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىن ئادەم كېلىدىغانلىقىنى سەن نەدىن بىلىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— مەن بۇنى بەشىنچى يىللىقنىڭ تارىخ كىتابىدىن ئوقۇغان. تاج ماخال مەقبەرىسىنىڭ رەسىمىنىمۇ شۇ كىتابتىن كۆرگەن.

— تارىخ دېگەن قانداق نەرسە؟

— تارىخ. . . تارىخ. . . — تارنا تازا بىر ئويلىنىۋېلىپ، — ئىنسانلارنىڭ قىلغان يوغان - يوغان ئىشلىرىنى تارىخ دەيدۇ.

راجۇ يەنە جىمىپ تارنا بىلەن خېلى ماڭغاندىن كېيىن:

— دېمەك بۇ گەپچە، — دېدى، — مەن بومبايدىن ئىككى ئۆكۈز سېتىۋالغۇدەك پۇل تېپىپ قايتسام، ئاشۇ تارىخ بولىدىكەن - دە، شۇنداقمۇ؟

تارنا ئۆزىنى باسالماي كۈلۈۋەتتى ۋە راجۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ پۇلاڭلىتىپ:

— ھەي، راجۇ، راجۇ، — دېدى، — سەنمۇ تارىخچى بولۇپ قالغىلى تۇردۇڭ، مانا.

ئۇلار تاج ماخال مەقبەرىسىنىڭ ئالدىغا بارغاندا دەرۋازا تاقاقلىق ئىدى. ئەتراپنى كەچقۇرۇننىڭ تۇمانى قاپلىغان، دەر-

ۋازىۋەن جايناماىزدا يۈكۈنۈپ ئىبادەت قىلىۋاتاتتى. جۈمنا دەريا-
سىنىڭ جانغا راھەت سالقىن ھاۋاسىنى ئىلىپ كەلگەن شامال
دەرۋازىۋەن بوۋاينىڭ ئاپئاق ساقىلىنى يەلپۈپ تۇراتتى.
راجۇ بىلەن تارنا بىر بۇلۇڭدا جىممىدە تۇرۇشۇپ، بوۋاي
نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن سەل قورۇنۇپ ئۇ-
نىڭ ئالدىغا باردى.
— دەرۋازا تاقىلىپ قاپتىغۇ؟ — سورىدى تارنا.
— تېخى ھېلىلا تاقالدى، — دېدى بوۋاي، — ئەمدى ئاي
چىققاندا ئېچىلىدۇ.
— ئاي قاچان چىقىدۇ؟ — سورىدى راجۇ.
— ئۈچ سائەتلەردىن كېيىن.
— ئۇ چاغقىچە پويىزىمىز كېتىپ قالىدۇ، — دېدى
راجۇ، — كەتسەك بولغۇدەك، تارنا.
— ياق، تاج ماخال مەقبەرىسىنى كۆرۈپ بولۇپ ماڭى-
مىز، — دېدى تارنا قەتئىيلىك بىلەن، ئاندىن بوۋايغا يېقىن
كېلىپ يالۋۇردى، — بوۋا، بىز بەك يىراقتىن كەلدۇق. ھەتتا
پاتانكوتتىنمۇ يىراق بىر تاغلىق رايوندىن مۇشۇ مەقبەرىنى كۆ-
رىمىز، دەپ ئالاھىدە كەلگەن. بۈگۈن كەچتە پويىزدا بومبايغا
ماڭماقچىدۇق. ئەگەر بۈگۈن مەقبەرىنى كۆرەلمىسەك، بۇندىن
كېيىن ئۆمۈرۋايەت كۆرەلمەيمىز.
— بەلكىم شۇنداقتۇر، — دېدى بوۋاي، — لېكىن ماڭا
بۇيرۇق بولمىسا، ئاچالمايمەن.
— بوۋا، — تارنا بوۋاينىڭ پېشىگە ئېسىلىپ تېخى-
مۇ يالۋۇردى، — خۇدانىڭ ھەققى - ھۆرمىتىدە دەرۋازىنى
ئېچىپ بەرسىڭىز، مەقبەرىنى بىر كۆرۈۋالساق.
— ۋاي، قويە، بولدى، — دېدى راجۇ تارناغا قوپاللىق

بىلەن. تارنانىڭ بوۋايغا بۇنچىۋالا ئېسىلىپ يالۋۇرۇپ كېتىشى ئۇنىڭغا پەقەت ياقمىغانىدى، — ۋاي، بۇنچىۋالا قىلىپ نېمە كەپتۇ؟! ئىككىلا قەبرىسى باركەنغۇ شۇ. كۆرمىسەك كۆرمىدۇق. بولدى، كېتەيلى، ماڭ! — راجۇ سۆزىنى تۈگىتىپ تارنانى قولىدىن تارتتى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاقساقالنىڭ ئىمانى ئۇچتى:

— ئىككىلا قەبرىسى؟ قەبرىسىلا بارمىكەن تېخى؟ ھىم، مەن سىلەرگە ئىچىدە نېمە بارلىقىنى كۆرسىتىپ قويسام بولغۇدەك، يۈر، قىزىم.

بوۋاي بىر تۇتام ئاچقۇچنى كۆتۈرۈپ ئالدىدا ماڭدى ۋە قۇلۇپنى ئېچىپ دەرۋازىنى ئاستا ئىتتىردى. تارنا بىلەن راجۇ دەرۋازىنىڭ ئېچىلىشىغا قاراپ تۇردى.

راجۇ دەرۋازا بىلەن تەڭ ئۆزىنىڭ كاللىسىمۇ ئېچىلىپ كەتكەندەك بولۇپ قالدى. بىر يېپيېڭى، سېھىرلىك دۇنيا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇراتتى. ئەنە، قۇببە، راۋاق، ئەگىم دەرۋازا، مۇنار... تۇۋا، ئەجەب تونۇشلۇق كۆرۈنۈشقۇ بۇ. بۇلارنى ئۇ قاچان كۆرگەن بولغىيدى ـ ھە! ياق، بۇ ئۇنىڭ چۈشى، خىيالى... ياق، ياق، بۇلارنى ئۇ قايسىبىر ۋاقىتتا، بىر يەردە كۆرگەن، چوقۇم... ئۇ كۆز ئالدىدىكى نەرسىلەرگە مەھلىيا بولغان ھالدا كېتىۋاتاتتى. قولىدا تارنانىڭ قولى، لېكىن ئۇ بۇ قولنىمۇ ئۇنتۇغان، ئەتراپتىكى ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇغان...

ئۇ كۆز ئالدىدىكى نەرسىلەرنىڭ تەسۋىرلەپ بولغۇسىز دەرىجىدە ئاجايىپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۆزىنى خۇددى ئاينىڭ كۈمۈش نۇرلىرى ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگەندەك، كۈمۈش بۇژغۇنلار چاچرىتىۋاتقان دولقۇنلارغا مىنگىشىپ كېتىۋاتقاندەك سەزدى.

راجۇ بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈپ گۈلدەك توقۇۋېتىلگەن مەرۋايىتلارنى كۆرۈپ بىرئاز قېتىپ تۇرۇپ قېلىپ، ئۇنىڭغا قارىسا گۇناھ بولىدىغاندەك، دەرھال كەينىگە ئۆرۈلۈۋالدى ۋە چوڭقۇر بىر تىنىۋېتىپ تارنادىن سورىدى:

— مۇشۇلارنى ئادەم ياسىغانمىدۇ؟

— ھەئە، لېكىن بىر ئادەم ئەمەس، تۈمەنمىڭلىغان ئادەم ياسىغان. سەن قانداق ئويلىغانىدىڭ؟

— مەن بۇ جاينى ئادەم ياسىمىغان، بەلكىم ئۆزى گۈلدەك ئۈنۈپ پەيدا بولغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپتىكەنمەن.

تارنا راجۇغا تازا بىر قاراپ تۇرۇپ كېتىپ، ئاندىن:

— يۈر، — دېدى، — مۇنارغا چىقايلى.

قاراڭغۇ پەلەمپەيدىن چىقىۋاتقاندا راجۇ سورىدى:

— بۇ پادىشاھ خانىشنى بەك سۆيىدىكەندۇق ـ ھە؟

تارنا جاۋاب بەرمىدى. مەلۇملۇق نەرسىگە جاۋاب بېرىش-مۇ ھاجەتسىزغۇ! ئاندىن ئىككىسى زوۋان سۇرۇشمەي مۇنار-نىڭ ئۈستىگە چىقتى. راجۇ قىزىقچىلىق قىلىپ دېدى:

— مەنمۇ ساڭا تاج ماخال مەقبەرىسىدىن بىرنى ياساپ بېرەيمۇ؟

— ھوي، — دېدى تارنا چەكچىيىپ تۇرۇپ، — ئەمدى ئۆكۈز ئالىدىغان نىيىتىڭدىن يېنىپ قالدىڭما؟

راجۇ خۇددى ئۇ نىيىتىدىن يانغاندەك قولىنى سىلكىپ قويۇپ، ئەتراپقا قارىغىنىچە:

— ۋاھ، ۋاھ، ۋاھ، — دېدى، — بۇ يەر بىزنىڭ ئورمان-دىنمۇ گۈزەل ئىكەن ئەمەسمۇ!

شۇ تاپتا ئۇنىڭغا تونۇشلۇق شۇ ئورمان كۆز ئالدىغا كېلى-ۋالدى: ئەنە، تاج ماخال مەقبەرىسى ئورماننىڭ ئوتتۇرىسىدا.

مانا، ئورمان پارچە ـ پارچە بۆلۈنمەكتە، بۇ گۈزەل يېشىلزار-لىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇ مەقبەرە ئاپئاق، گۈزەل چىرايىغا ئۆزگەرمەكتە. . .

راجۇ بىر دەرەخكە يۆلىنىپ قالدى ۋە ئالدىدىكى مەنزىرىدىن مەستخۇش بولغان هالدا قولىغا نىينىنى ئېلىپ ئاغزىغا تەگكۈزگىنىچە كۆزىنى يۇمدى.

تارنانىڭ قۇلاق تۈۋىدە خۇددى يىراقتىن كېلىۋاتقاندەك بىر سادا ياڭرىدى، بۇ ئورماندىن، بۇلاقلاردىن، شارقىراتمىلاردىن كېلىۋاتقان ئەكس سادا ئىدى. بۇ كۆك ئاسماندىن، ئۇچار قاناتلاردىن، دەل ـ دەرەخلەردىن كېلىۋاتقان سادا ئىدى. بۇ ئەكس سادالىق جىلغىلارغا، ئويناق ئېقىنلارغا، زىل ئاۋازلىق خالخاللارغىلا مەنسۇپ سادا ئىدى.

تارناغا بۇ سادا بۇلۇتلار قاتلىمىدىن تۆۋەنلىگەندە خۇددى قۇيبىگە ئايلانغاندەك، بۇلۇتلار قاتلىمىدىن يۇقىرىغا كۆتۈرۈل-گەندە مۇنارغا ئايلانغاندەك، ئاي شولىسىغا قوشۇلغاندا ھىلە-لقى مەرۋايىتتىن توقۇلغان گۈلگە ئۆزگەرگەندەك تۇيۇلدى.

نەي ياڭراپ ـ ياڭراپ تۇيۇقسىز توختىدى، پەقەت ئۇنىڭ ئەكس ساداسىلا ياڭرايتتى، كېيىن ئەكس سادامۇ ئاجىزلىشىپ سىرلىق، جىمجىت كېچىدە يىراقلاردا قالغان سۇنىڭ ئاۋازى-دەك تەدرىجىي يوقالدى.

تارنا «ئۇھ» دەپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىۋەتتى.

— بۇ نەينى سەن ئۇچۇن چالدىم! — دېدى راجۇ. تارنا كۆزىگە لىققىدە ياش ئالدى ۋە كۆزلىرىنى ئاستا يۇمۇپ راجۇ-نىڭ قېشىغا كەلدى ـ دە:

— سەن بايام نەي چېلىۋاتقاندا، سېنى خۇددى مەن ئۇچۇن تاج ماخالنىڭكىدەك گۈزەل جاي بىنا قىلىۋاتقاندەك كۆز ئال-

ـدىمغا كەلتۈردۈم، — دېدى.

راجۇ ئۇنى قۇچاقلىدى ۋە ئۇنىڭ كىرپىكلىرىدىكى ياش يۇقىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، مۇلايىم ئاھاڭدا:

— كۆزۈڭنى ئاچ، تارنا! — دېدى. تۇيۇقسىز مۇنار ئاسـمىنىدىكى ئاي شولىسى تارنانىڭ كۆزىگە چۈشتى. راجۇ ئۇـنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ ـ قاراپ تويمايتتى.

— پويىزغا ئۇلگۈرەلمەي قالمايلى بىكار، — دېدى تارنا تەشۋىشلىنىپ.

— بوپتۇ، ئۇلگۈرەلمىسەك ئۇلگۈرەلمەسمىز.

راجۇ لەۋلىرىنى تارنانىڭ لەۋلىرىگە چاپلىدى. ئۇلارغا شۇ تاپتا ئەگمە دەرۋازىمۇ، ئۇچلۇق مۇنارمۇ، قۇببىمۇ ئېگىزلەپ كېتىۋاتقاندەك، ئويۇق ـ مېھرابلاردىن ئۇلارغا نۇر چېچىلىۋاتـقاندەك تۇيۇلاتتى.

تاج ماخال مەقبەرىسىنىڭ گۈزەللىكىگە شەيدا بولغان ئاي شولىسىمۇ، مۇھەببەتنىڭ شېرىن لەززىتىمۇ ئۇلارنىڭ لەۋلىرىـنى ئارامىدا قويمىغانىدى.

## 12

راجۇ بىلەن تارنا بىر يۈك ۋاگونىدا يېرىم ئېچىقلىق ئىـشىكتىن تالادىكى مەنزىرىلەرگە قاراپ ئولتۇراتتى. بۇ ئىككىـلىسىنىڭ تۇنجى قېتىم پويىزغا ئولتۇرۇشى. بۇ ۋاگونىدا ئۇلارـدىن باشقا ھېچكىم يوق، پەقەت بۇلۇڭغىلا بىر كالا باغلاقلىق، قالغان يەردە كالىنىڭ يەم ـ خەشەكلىرى بار، شۇڭا ئۇلارنى بۇ ۋاگوندا ئۆزخان ـ ئۆزبەگ دېيىشكە بولاتتى.

يېرىم ئېچىقلىق ئىشىكتىن سوغۇق شامال كىرىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ۋاگوننىڭ ئىچى يەم ـ خەشەك بىلەن تولغانلىقى ھەم كالىنىڭ نەپەس ئېلىپ تۇرغانلىقى تۇپەيلى ئىللىق تۇراتتى. بىر جۈپ ياش تۇرۇۋاتقان مۇھىتىدىن ئىنتايىن رازى ئىدى.

شامال تارنانىڭ چاچلىرىنى يەلپۈپ كۆزلىرىگە چۈشۈرۈپ قويغاندا، راجۇ دەرھال قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ قوياتتى، تارنامۇ ماقۇل دەپ جىم تۇرۇپ بېرەتتى ھەم ئۇنىڭ قولى يۈزىگە تەگكەندە تېنى خۇددى توك ئۆتكەندەك جۇغۇلداپ كېتەتتى. ئاھ، مېھرىلىك قوللارنىڭ كارامىتى نەقەدەر زور ـ ھە! بۇ قوللارنى تارنا تۇتۇۋېلىپ مەڭزىگە باسماي تۇرالىسۇنمۇ! تارنا راجۇنىڭ قولىنى مەڭزىگە يېقىپ، كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇۋالدى.

راجۇنىڭ تۇرۇپلا نەي چالغۇسى كەلدى.

— تىش. . . ش، — تارنا بېگىز قولىنى ئاغزىغا يېقىپ دېدى، — كالا سودىگەرلىرى ئاڭلاپ قالىدۇ.

— ياندىكى ۋاگوندا ئۇلار بولمىسا.

بۇ يۈك پويىزىدىكى كالىلارنىڭ نۇرغۇنى بومبايغا توشۇلاتتى. كالا سودىگەرلىرى ئىككى ـ ئۈچى بىر بولۇپ ۋاگونلارنىڭ ئۈستىگە ياتىدىغان ئورۇنلىرىنى جايلاشتۇرۇۋالغانىدى، كالا ۋە سامان ـ ياماتلار ۋاگونلارنىڭ ئىچىدە ئىدى. سامان، قۇرۇق ئوت ـ چۆپلەر ۋە چىلىنىڭ ھىدى، دالا ـ ئېتىزلاردىكى قىچىزارلىقلارنىڭ پۇرىقى ئۆزلىرىنىڭ سەھرالىرىنى ئەسلەتكەچكە، كالا سودىگەرلىرى ناخشىغا چۈشكەنىدى، راجۇنىڭمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن نەي چالغۇسى كەلدى. ۋاھالەنكى، بۇ يۇراقلاردىن شەھەرلىكلەر يۇرۇنلىرىنى ئېتىۋالىدۇ، لېكىن

سەھەرالىقلار بولسا بۆلەكچە ھاياجانلىنىپ كېتىدۇ. شۇ تاپتا، چىلە ۋە خام سۈت پۇرىقىدىن مەست بولۇپ تۇرغان راجۇنىڭ قېشىدا ئايدەك گۈزەل بىر قىز ئولتۇرسا، ئۇ نېمىشقىمۇ نەيگە مۇراجىئەت قىلمىسۇن! راجۇلارنىڭ كەينىدىكى ۋاگوندا كالا يوق، ئىشىكى قۇلۇپلاقلىق. ئالدىدىكى ۋاگون كوزۇپسىز، ئۈستىدە ئۈستى قېنىق، ئاستى سۇس زەڭگەر سىرلانغان ناھايىتى چىرايلىق بىر پىكاپ بار. ئۇ ۋاگوننىڭ نېرىسىدىكى كالا ۋاگونى ئۈستىدە كالىچىلاردىن ئۈچى بار. خوش، نەينىڭ ئاۋازى ئۇ يەرگە يېتەرمۇ؟ راجۇمۇ دەل مۇشۇ سوئالنى سورىدى.

— تولا ساراڭلىق قىلما! — دېدى تارنا خاپا بولۇپ.

ئۇلارنىڭ بۇ پويىزغا چىقىپ قېلىشىدىمۇ ئىش ناھايىتى ئوڭدىن كەلگەن. ئۇلار تاج ماخال مەقبەرىسىدىن قايتىپ كەلگەندە بەك كەچ بولۇپ كەتكەن بولۇپ، يولۇچىلار پويىزى كېتىپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ كىيىملىرى يىرتىق، مېڭىش - تۇرۇشلىرى ئاۋارە بولغاچقا، تەجرىبىلىك بىلەت تەكشۈرگۈچىلەر ئۇلارنى دەرۋازىدىلا توسۇپ ئىچىگە كىرگۈزمەي قويىدى. شۇڭا، ئۇلار بېكەتتىن نېرى كېتىپ، تۆمۈر يولنىڭ توسىقى يوق يېرىدىن كىرىپ مۇشۇ ۋاگوننىڭ قېشىغا كەلگەن. بۇ چاغدا، كالا سودىگەرلىرىدىن مادادىن بىلەن راكۇ ئىككىسى ئۇ يەردە مەسلىھەت قىلىشىۋاتاتتى.

مادادىن ئاغرىپ قالغانىكەن، شۇڭا كالىسىنى بومبايغا ئاپىرىپ ئوغلىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى راكۇغا ھاۋالە قىلدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئوغلى بومبايغا يېقىن سەھرادا سېغىن كالىدىن ئوننى بېقىپ، ئون بەش يىلدىن بۇيان شۇنىڭ سۈتى بىلەن شەھەردە تىرىكچىلىك قىلىپ يۈرگەنىكەن. راكۇ ماقۇل بول-

www.uyghurkitap.com

ـدى. مادادىن يۆتىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ئاخشىمى مېنىڭ كالام بار ۋاگونغا كىرىپ ياتارسەن!

— ۋاي، ماقۇل، خاتىرجەم بولغىنە سەن، — راكۇ ئىككى تال ئۇتتۇر چىشى چۇشۇپ كەتكەن كاماك ئاغزىنى ئېچىپ ھىجايغىنىچە مادادىننىڭ يەلكىسىگە شاپىلاقداپ تۇرۇپ دېدى، — ھەتتا زۆرۈر بولسا، كالاڭ بىلەن بىللىلا ياتاي، بولدى.

— ھا، ھا، ھا... — زىقىقى كېسىلى بولغاچقا، كۇلكە مادادىنغا زور كېلىپ دېمى كېسىلىپ ئىككى پۈكلىنىپ قالـ ـدى. كىچىك ئوغلى ئۇنى يۆلەپ ۋوگزالدىن ئاچىقىپ كەتتى.

راكۇنىڭمۇ ئۆزىنىڭ ئۇچ كالىسى تۇرسا، ئۇ قانداقمۇ مادادىننىڭ كالىسى بار ۋاگوندىلا تۇرالىسۇن؟! ئۇ پەقەت كۇنـ ـدۇزلىرى پويىز بېكەتلەردە توختىغاندا ئانچە ـ مۇنچە كېلىپ ئۇنىڭ كالىسىغا يەم بېرىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ ۋاگونىغا كېتىپ قالاتتى. نېمىلا دېگەنبىلەن راكۇنىڭ ئۇ يەردە ئىككى ھەمراھىـ ـمۇ بار تۇرسا.

شۇنداق قىلىپ، تارنا بىلەن راجۇغا تازا كۆڭۈلدىكىدەك ۋاگون چىقىپ قالدى. ئۇلارمۇ ئۇستىلىق قىلدى، ھېچكىمگە كۆرۈنمىدى، بولمىسا ھەرگىز بۇ يەرگە كىرەلمەس ئىدى. كىيىملىرىنىڭ يىرتىلغىنىمۇ ئۇلارغا ئەسقاتتى. ۋوگزال خىزـ ـمەتچىلىرى ئۇلارنى كالىغا قارايدىغانلار، دەپ ئويلىدى. شۇـ ـنىڭ بىلەن بۇ ۋاگون ئۇلارغا ئۆتۈپ قالدى. يولدا راكۇ پەقەت كۈندۈزى ئىككى ـ ئۇچ قېتىملا بۇياققا ئۆتەتتى. بۇنداق چاغلاردا، ئۇ ئىككىسى سامانىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالاتتى. بىرـ ئىككى مىنۇتتىن كېيىن سامانىنىڭ ئىچىدىن چىقىپ ۋاگون

ئىشىكىدە تالاغا قاراپ ئولتۇراتتى.

كەچتە، پويىز تاملىرى قىزىل خىشتىن قوپۇرۇلغان ئۈچ بۇرجەك بېكەتتە توختىغاندا، راجۇ بىلەن تارنا ۋاگوندىن يەرگە چۈشتى. شۇ ئارىدا راكۇ ۋاگونغا كىرىپ كېتىپ چىقماي قويدى. ئۇلار ياندىكى ھېلىقى كوزۇبسىز ۋاگونغا چىقىۋال-دى. ھېلىقى چىرايلىق پىكاپ بېكەت چىراغلىرىنىڭ نۇرىدا غۇۋا يالتىرايتتى. ئۇلار بىر بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ ئولتۇردى. پويىز بېكەتتىن يىراقلاشقاندىن كېيىن ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇ-رۇپ ماشىنىنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە قانداقكىن دېگەندەك قىلىپ پىكاپنى سىلاپ بېقىشتى. راجۇ چاقچاق قىلدى:

— بۇ پىكاپ سېنىڭ يۈزۈڭدەك سىلىق ئىكەن، جۇمۇ!

— ئۆتۈپ بارە! — دېدى تارنا ئۇيالغاندەك قىلىپ. راجۇ تارنانىڭ قولىنى تۇتۇپ:

— يۈر، بىزمۇ بىر ئولتۇرۇپ باقايلى، — دېدى.

— ئۇنداق قىلما، خەق كۆرۈپ قالىدۇ، — دېدى تارنا قورقۇپ.

— ۋاي، كىم كۆرەتتى؟!

راجۇ بىرىنچى ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى بۇرىۋىدى، ئېچىل-مىدى، ئىككىنچىسىنى بۇرىۋىدى، ئۇمۇ ئېچىلمىدى. تارنا-مۇ ئۈچىنچى، تۆتىنچى ئىشىكلەرنى بۇراپ بېقىپ ئۈمىدسىز-لەنگەن ھالدا:

— ھەممىسىنى ئېتىپ قويۇپتۇ، — دېدى.

شامال بارغانسېرى كۈچىيىپ، كېچىنىڭ سوغۇقى جاندىن ئۆتكىلى تۇردى. ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ چىمىرلاشلىرى

www.uyghurkitap.com

سوغۇقتىن شۇمشىيىپ قالغان كەپتەرلەرنىڭ دىرىلدەشلىرىنى ئەسلىتەتتى.

سوغۇقتىن تېنى جۇغۇلدىغان تارنا سۇرۇلۇپ راجۇغا يېقىن كېلىپ مەيدىسىگە بېشىنى قويدى ۋە چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، ئاجايىپ بىر رازىمەنلىك بىلەن:

— چەكسىز ئاسمان سان ـ ساناقسىز يۇلتۇز بىلەن زىننەتلەنگەن. . . بۇ كېچە نېمىدېگەن چىرايلىق، — دېدى.

— ھەئە، — دېدى راجۇ ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇلۇپ.

— راجۇ، نېمىنى ئويلاۋاتىسەن؟

شۇ ئارىدا پويىز بىر كۆۋرۈكتىن تاراقلاپ ئۆتكىلى تۇرۇۋىدى، ئۇ ئىككىسى چايقىلىپ بىر ـ بىرىگە سوقۇلۇپ كەتتى. تارنانىڭ قويۇق چاچلىرى راجۇنىڭ يۈزىنى يېپىۋالدى. راجۇ ئۇ چاچلارنى نېرى قىلماي، تارنانىڭ قۇلىقىغا بوش ئاۋازدا:

— مەن بىرنېمىنى ئويلاپ قويدۇم، تارنا، — دېدى.

— نېمىنى ئويلاپ قويدۇڭ؟ — تارنا ئۆيىقۇسىراپ سورىدى.

— بومبايغا بېرىپ مەن ساڭا يوغان بىر پىكاپ ئېلىپ بېرىمەن، خۇددى. . .

— ئۆكۈز ئالامسەن؟

— ياق.

— ماڭا تاج ماخال مەقبەرىسى ياساپ بېرەمتىڭغۇ؟

— ياق. ساڭا پىكاپ ئېلىپ بەرسەم بولغۇدەك. بۇنىڭدىنمۇ چوڭ، ئۇزۇنىدىن.

— قانچىلىك ئۇزۇن؟

— بۇ ۋاگوندىنمۇ ئۇزۇن، — راجۇ سول قولىنى ۋاگون-

نىڭ ئاستىدىن ئاسمانغا قاراپ كۆرسىتىپ، — بۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن، مەيەردىن ئاۋۇ يەرگىچە، — دېدى.

تارنا ئۇنىڭ كۆرسەتكەن ئۇزۇنلۇقىغا قاراپ پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويدى. راجۇ پەس ئاۋازدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئۇ پىكاپنىڭ سەككىز ئىشىكى بولىدۇ، ھېچقايسىدا قۇلۇپ بولمايدۇ، قاچان خالىساڭ، ئىشىكنى ئېچىپلا كىرىپ ئولتۇرىسەن. ئۇ پىكاپ يەردىمۇ ماڭىدۇ، ئاسماندىمۇ ئۇچىدۇ، قۇشلارنىڭكىدەك يوغان قاناتلىرى بولىدۇ. ئىككىمىز ئۇ پىكاپقا ئولتۇرۇپ يولدا... ياق، ئاسماندا، ئاسماندا ئۇچۇپ بىزنىڭ ئورمانغا بارىمىز. مەن ساڭا بىزنىڭ ئورماننى كۆرسىتىمەن. ئۇ يەر بەك چىرايلىق، بۇرۇن ئۇ يەردىن دائىم ئوتۇن كېسەتتىم. ئۇ ئورماننىڭ بىردىنبىر پادىشاھى مەن. ئۇ يەرگە مەندىن باشقا ھېچكىم بارمايدۇ. ئۇ ئورماندا چىرايلىق بۇلاقلار بار، يانباغىردا رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن، ھەرە - بوغۇنلار گۈلزاردا شىرنە يىغىپ يۈرگەن... غۇجمەك - غۇجمەك پىشىپ كەتكەن ياۋا ئۈزۈملەر... ياۋا ئالمىلارغا قونۇۋالغان شاتۇتىلارنىڭ سايراشلىرى... تارنا، ئۇ ئورمان كېچە - كۈندۈز مېنى قويىنىغا چاقىرىدۇ. سەن شۇ ئورماننى كۆرگەن ھامان يۇرتىمىزنىڭ ھىدىنى ئالىسەن. كەنتىمىزنىڭ ئۈستۈنكى تەرىپىدە مۇزتاغ چوققىسى خان تاجىدەك كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ... تارنا، مەن ئۆكۈزنى ئېلىپلا سېنى يۇرتۇمغا ئەكېتىمەن. بارامسەن؟ بارىسەن - ھە، تارنا، شۇنداقمۇ، تارنا؟

لېكىن، بۇ سوئالغا جاۋاب بولمىدى. تارنا راجۇنىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويۇپ كىچىك بالىدەك پۇشۇلداپ ئۇخلاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ تۇرقى شۇقەدەر خاتىرجەم ھەم سەبىي ئىدى-

كى، ھەرگىزمۇ يۈك بېسىپ كەتكەن مەيدىسىگە باش قويۇپ ئۆخلاۋاتقان قىزغا ئوخشىمايتتى. نەپەس ئالغاندا نازۇك بۇرلە-
نىنىڭ تۆشۈكلىرى تۈرۈپ - تۈرۈپ لىپىلداپ قوياتتى، شامالدا كىرپىكلىرى تىترەيتتى.

پۈتۈن بىر كېچە تارنا مۈشۈنداق ياتتى. راجۇ بولسا ئۇنى قۇچاقلاپ، قىمىر قىلماي پۈتىنى سوزغىنىچە تۈمۈرگە يۆلە-
نىپ ئولتۇردى، يېرىم كېچە بولغاندا ئاندىن كۆزىنى يۇمدى. ئۇ كۆزىنى ئاچقاندا تاڭ يورۇپ كەتكەن بولۇپ، كۈن نۇرى تارنانىڭ چاچلىرىدىن ئۆتۈپ ئۇنىڭ يۈزىگە چۈشۈپ تۇراتتى. تارنا كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى ۋە راجۇ تەرەپكە ئالدىنى قىلىپ يېتىپ، ئۇنىڭغا مېھىر بىلەن تىكىلدى.

راجۇ بارمىقىنى تارنانىڭ لېۋىگە تەگكۈزۈپ تۇرۇپ:

— ئاشۇ پىكاپتەكلا ئۇماق، — دېدى.

تارنا ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېگىلىپ چاچلىرىنى يۈزىگە، تې-
نىنى تېنىگە يېقىن چاپلاپ تۇرۇپ، مېھىر بىلەن:

— ئاشۇ ئۇماق پىكاپقا ئېرىشىسەڭ مۇشۇنداق خۇشاللىق تاپالارسەنمۇ؟ — دېدى. ئۇلار چوڭقۇر مۇھەببەت دېڭىزىغا غەرق بولدى. ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى چەكسىز كۆك ئاسماندا بىر جۈپ قارلىغاچ ئەركىن پەرۋاز قىلماقتا ئىدى.

## 13

پويىزدىكى سەپەر راجۇنى بەكمۇ چاقچاق قىلىۋەتتى.. يې-
مەكلىكلەر بېكەتلەرنىڭ ئىچىدە قىممەت بولسا، سىرتىدا ئەرزان بولىدۇ. ۋاگوندىن قاچان چۈشۈش كېرەك؟ سۇ جۇمە-



www.uyghurkitap.com

كى قانداق يەردە بولىدۇ؟ ساقچىلار نەلەردە چارلايدۇ؟ ۋاگوندىن چۈشكەندە بېكەتنىڭ قايسى تەرىپى بىلەن چۈشۈش كېرەك؟ بۇ ئىشلار پويىزغا بېلەتسىز چىققانلار ئۈچۈن ئاسان بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدىغان ئىشلار ئەمەس. بۇنى قىلىپ باققاندا ئاندىن بىلگىلى بولىدۇ. دەسلەپتە راجۇمۇ بىرنەچچە قېتىم چاندۇرۇپ قويىدى. شۇنداق ئۇدۇل كېلىپ قالدىمۇ ياكى تەلەيدىنمۇ، ئىشقىلىپ تۇتۇلمىدى، غىپپىدە قېچىپ قۇتۇلدى.

بومبايغا يېقىنلاشقانسېرى تارنا ئۇسسىغىلى تۇردى. ئۇلار يولدا بىر كومزەك سېتىۋالغان. بۇنىڭغا بېكەتلەردە سۇ قاچىلاش راجۇنىڭ ئىشى ئىدى. بۇمۇ ئوڭاي ئىش ئەمەس، ئۇنىڭ كىيىملىرى سەھراچە ھەم يىرتىق، كونا بولغاچقا، ھەدېسىلا ساقچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ، شۇڭا راجۇ سۇ ئالغىلى ئىمكان بار كۇندۇزى چۈشمەي، كەچلىرى چۈشەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، راكۇ بۇرادىرىنىڭ كالىسىغا قاراش ئۈچۈن كېلىۋالغاچقا، ئۇلار ئاخشاملىرى بۇ ۋاگوندىمۇ ياتالمايتتى.

— بولدى، سۇنى بومبايغا بارغاندا ئىچ، — دېدى راجۇ، — بايامقى بېكەتتە خەقلەر بومبايغا ئىككى سائەتچە يول قالدى، دەۋاتاتتى.

— ئۇھ، ئۇسساپ چىدىيالمايۋاتىمەن. ۋاي خۇدايىم، دوزاختەك ئىسسىق يەركەنغۇ بۇ!

ئەمەلىيەتتە بۇ يەر ئۇنچىلىكمۇ ئىسسىق ئەمەس ئىدى. ئەمدىلا باھار كىرگەن، يازغا خېلى بار تۇرسا تېخى. بىراق، تاغلىقلار جەنۇبىي ھىندىستاننىڭ قۇرغاق ئەتىيازىغا ئۆچ بولغاچقا، مۇشۇنداق دەپ قاقشايدۇ ـ دە!

www.uyghurkitap.com

تارنا گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى يالاپ قۇرۇق كومزەككە پات ـ پات قاراپ قوياتتى. راجۇمۇ خېلىلا ئۇسسىغانىدى. ئەگەر شۇ تاپتا پويىز توختىسا، ئۇقتەك چۇشۇپ سۇ ئەكەلگەن بولاتتى. بىر بېكەت ئۆتتى، يەنە بىر بېكەت ئۆتۈپ كەتتى. ئىككىسىلا كىچىك بېكەت بولۇپ، ئۇستىنىڭ يېپىقلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بېكەت دېگۇچىلىكىمۇ يوق ئىدى. پويىز ئۇچىنچى بېكەتتىنمۇ ئۆتتى. بۇمۇ كىچىك بېكەت بولۇپ، ئۇ يەردە بىرمۇ يولۇچى كۆرۈنمەيتتى.

— جۇمەك ئاۋۇ يەردە تۇرىدۇ ئەنە! — تارنا يىراقتىن جۇمەكنى كۆرگەنىدى.

— كېتىۋاتقان پويىزدىن سەكرەيمۇ ئەمىسە؟

— كىم سېنى سەكرە دەپتۇ! — دېدى ـ دە، تارنانىڭ ئۇنى ئۆچتى.

پويىز بېكەتتىن چىقىپ ئەللىك مېتىرچە بارغاندىن كېيىن تۇيۇقسىز توختىۋىدى، تارنا خۇشال بولۇپ:

— ۋاي، پويىز توختىدى! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

راجۇ بېشىنى ۋاگوندىن چىقىرىپ قارىدى. بېكەت خېلى يىراقتا قالغانىدى. ئۇ تارنانىڭ قاقشاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھەم پويىزنىڭ بېكەتلەردە ئۇزۇن توختايدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئەتراپقا سەپسېلىپ قاراۋاتاتتى، تارنا:

— چۇشۇپ سۇ ئەكەلمەي قاراپ تۇرىسەنغۇ؟ — دەپ خاپا بولۇپ كەتتى. راجۇ يەرگە سەكرەپ چۇشتى، تارنا ئۇنىڭغا كومزەكنى سۇنۇپ بەردى. راجۇ كومزەكنى ئېلىپلا بېكەتكە قاراپ يۇگۇردى ۋە بېكەتكە ئۇچقاندەك يېتىپ كېلىپ كومزەكنى جۇمەككە تۇتتى. سۇ چۇشۇۋاتقاندا ئۇ بۇرۇلۇپ پويىز تەرەپكە قاراپ ـ قاراپ قوياتتى. پويىز بېكەت سىرتىدىكى

بەلگە چىرىغىنىڭ تۈۋىدە پۈشۈلداپ تۇراتتى.

تۆيۈقسىز بەلگە چىرىغى يېنىپ پويىز قوزغالدى. بۇ ئەھ-ۋالنى كۆرۈپ راجۇ كومزىكىنى توشقۇزمايلا يۈگۈردى، ئال-دىراشچىلىقتا دېھقان سىياق بىرىگە سوقۇلۇپ كېتىپ ئىككە-لىسى ئوڭدا چۈشۈپ كەتتى، كومزەكمۇ يەرگە چۈشۈپ چې-قىلىپ سۇ ئىككىلىسىنىڭ ئۈستۈبېشىنى ھۆل قىلىۋەتتى. ئۇ يولۇچى راجۇ چۈشەنمەيدىغان بىر تىلدا ئۇنى تىللاپ كەتتى. راجۇ ئۇنىڭ تىللاشلىرىغا قۇلاق سالماي پويىزنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى. پويىز دەسلەپتە ئاستا مېڭىپ، كېيىن سۈرئىتىنى ئىتتىكلەتتى. راجۇمۇ يۈگۈرۈشىنى تېزلەتتى.

تارنامۇ ھودۇقتى ھەم ۋاگوندىن بېلىنىڭ ئۈستىنى چىقى-رىپ، زۆرۈرىيىتى بولمىسىمۇ، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ئۇنى ئىتتىك يۈگۈرۈشكە ئىشارەت قىلدى.

راجۇ پويىزنىڭ ئارقىسىدىكى ۋاگونغا يېتىشىۋالدى، كې-يىن ئىككىنچى، ئۈچىنچى ۋاگوندىن ئۆتتى، تارنا بار جايغا بىر ۋاگونچە ئارىلىق قالدى. تارنا بىر قولى بىلەن ۋاگون ئىشىكىگە ئېسىلىپ، يەنە بىر قولىنى جېنىنىڭ بارىچە راجۇغا ئۇزاتتى. راجۇمۇ ئۇنىڭغا قولىنى سۇنۇپ يۈگۈردى. پويىز تاراقلاپ مېڭىۋاتاتتى. راجۇ جان - جەھلى بىلەن يۈگۈرۈپ بۇ بىر ۋاگوندىنمۇ ئۆتتى. ئەمدى تارنا بىلەن ئۇنىڭ قولىنىڭ ئارىلىقىدا بىرنەچچە مېتىرلا قالغانىدى. مانا، بىر - ئىككى گەز ئارىلىق قالدى! مانا، بىر - ئىككى غېرىچ ئارىلىق. . . ئۇلارنىڭ قوللىرى بىر - بىرىگە تەگدى، يەنە تۇيۇقسىز ئاي-رىلدى. ئەمدى پويىز ئۇچقاندەك ماڭماقتا ئىدى. ئىككى قول-نىڭ ئارىلىقى دەسلەپ بىرنەچچە غېرىچ، كېيىن بىرنەچچە گەز، ئاخىر بىرنەچچە مېتىر ئۇزىراپ كەتتى. پويىز گۈلدۈر-

لەپ ماڭغىنىچە راجۇنى كەينىگە تاشلىۋەتتى.

راجۇ ھاسىراپ - ھۆمىدەپ ئاخىر يۈگۈرۈشتىن توختىدى- دە، قولىنى سايىۋەن قىلىپ يىراقلاپ كېتىۋاتقان پويىزغا قاراپ قالدى. بايام ئۇ پويىزنىڭ كەينىدىن قوغلىغاندا تارنا سەكرەپ چۈشۈۋېلىشقا تەمشەلگەنىدى، ئۇ ئۈنىمىدى ھەم ئۈنىڭغا:

— قورقما، تارنا، بومبايغا بارغاندا مەن چوقۇم سېنى تاپىمەن، — دەپ ۋارقىرىدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تارنا سەكرىمىدى ھەم ئىشىكنى تۇتقىنىچە ئۈنىڭغا ئەنسىز قاراپ قالدى. پويىز يىراقلاپ چېكىتتەك كۆرۈنۈپ، ئاخىر بۇ چېكىتمۇ يوقالدى. راجۇ تۆمۈر يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا تىكەندەك يالغۇز قالدى.

«بومباي؟»

بومبايغا بارغاندىن كېيىن ئۇ نەگە بارىدۇ؟ تارنا ئۇنى نەدە ساقلاپ تۇرۇشى مۇمكىن؟ ئۇ تارنانى نەدىن تاپىدۇ؟ بومباي شۇنچە چوڭ شەھەر تۇرسا، ئۇ تارنانى قانداقمۇ تاپالار؟

ئىزدە، راجۇ، ئىزدە، خۇدا ساڭا بىر كارامەت ئاتا قىلار!

www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى قىسىم

# سەرسانلىق ـ سەرگەردانلىقتا

شۇ تاپتا، ئۇلار ئۈچۈن بۇ دۇنيادا ھېچكىم يوق، پەقەت ئىككىسلا بار. كۆڭۈلنىڭ ئولتۇرۇشى، چىقىشىمۇ پەقەت شۇ ئىككىسى ئۈچۈن، دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى، پەسىيىشىمۇ پەقەت شۇ ئىك-كىسى ئۈچۈن، رېستوراندىن ئاڭلىنىۋات-قان ھەربىر مۇزىكىمۇ پەقەت شۇ ئىكك-سى ئۈچۈن، پۈتكۈل دۇنيا، بارلىق جا-ھان پەقەت شۇ ئىككىسى ئۈچۈن ئىدى. ئا ھ، دۇنيا، ئەگەر سۆيگۈ - مۇھەببەت شېرىن شەربىتى بىلەن سۇغىرىپ تۇرمى-غان بولسا، بۇ چاغقىچە قۇرۇپ تۈگەپ كەتكەن بولاتتىڭ - ھە، ئېھتىمال...

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# 14

پويىز بومباي شەھىرى ئەتراپىدىكى قورەي بېكىتىدە توختىدى. بېكەتنىڭ بۇ يېشىدا جىققىنا سامانلار دۆۋىلىۋېتىلگەن بولۇپ، ئۇ يەردە كالا سودىگەرلىرى كالىلىرىنى ساقلاپ تۇراتتى. پويىز توختىغاندىن كېيىن ئۇلار ۋاگونلاردىن كالىلىرىنى يېتىلەپ چۈشۈشتى.

تارنا ئەتراپىغا دىققەت بىلەن قارىۋېتىپ ۋاگوندىن ئاستا چۈشتى. راكۇ ئۇنى كۆرۈپ قالدى ۋە دەرھال كەينىدىن قوغلىدى. تارنا ئىشىنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ قاچتى، لېكىن راكۇ تېز يۈگۈرەيتتى، شۇڭا ئۇنى بىردەمدىلا تۇتۇۋالدى. تارنا ھەرقانچە يۇلقۇنۇپ باقسىمۇ، ئۇنىڭ قولىدىن بوشىنالمىدى.

— قويۇۋەت! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ يەنە يۇلقۇنۇپ تۇرۇپ.

— ئېيتە، ۋاگونىمدا نېمە قىلدىڭ؟

تارنا جاۋاب بەرمىدى.

— ۋۇ، ئوغرى! — راكۇ ۋارقىراپ ئۇنى سۆرەپ مېڭىۋىدى، تارنامۇ بوش كەلمىدى:

— مېنى سۆرەپ نەگە ئاپىرىسەن؟

— ساقچىغا!

ئەمەلىيەتتە، راكۇ ئۇنى ساقچىغا ئاپارماي، بىرنەچچە كوچىنى ئايلاندۇرۇپ، ئىككى قەۋەتلىك بىر ئۆينىڭ ئالدىغا ئا-

پاردى. بۇ ئۆينىڭ ئالدىدا ئېگىز ئۆسكەن كوكۇس دەرەخلىرى بار ئىدى. ئوچۇقچىلىقتا بىرنەچچە چوشقا چېپىپ يۈرەتتى. باللارنىڭ قىقاس - چۇقانلىرىمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. راكۇ ئۆنى ئىككىنچى قەۋەتتىكى يەتتىنچى نومۇرلۇق ئۆينىڭ ئالدىغا ئاپاردى. ئىشىكنى چېكىۋىدى، ئىچىدىن چاچ، كالپۇكلىرىنى بويىغان، ئەنگلىيە پاسونىدىكى يوپكا كىيىۋالغان ئوتتۇرا ياشلاردىكى سېمىز بىر ئايال چىقتى - دە، تارناغا بىر قارىۋېلىپ، ئاندىن راكۇدىن سورىدى:

— هە، نېمە ئىش، راكۇ؟

راكۇ ئۇ ئايالغا كۆزىنى قىسىپ قويۇپ سۆزلىدى:

— بۇ قىز ئۆيىدىن قېچىپ چىقىپتۇ، شۇڭا ساقچىغا ئاپىرىپ بەرمىسەك بولمايدۇ. بىراق، قورسىقى بەك ئاچ ئىكەن، ھېرىپمۇ كېتىپتۇ، شۇڭا بويۇن - باشلىرىنى يۇيۇۋالسۇن، قورسىقىنى ئەستەرلىۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن ساقچىغا ئاپىرىپ بېرەيلى. ۋاكىر قەيەردە؟

— ئون بىرىنچى ئۆيدە قارتا ئويناۋاتىدۇ، — ئۇ ئايال تارنانىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ جاۋاب بەرگەچ، تارناغا دېدى، — قورقما، ھېچ ئىش بولمايدۇ، مەنلا بولىدىكەنمەن، ساڭا ھېچكىم چېقىلالمايدۇ. مەن سېنىڭ ئاناڭغا ئوخشاش. يۈر، ئۆيگە كىر!

«ئانا» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ تارنانىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ كەتتى. سېمىز ئايال ئۇنى يۆلەپ ئۆيگە ئەكىرىپ كەتتى.

راكۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن كىرمەي، ئون بىرىنچى نومۇرلۇق ئۆي تەرەپكە كەتتى.

بىر سائەتتىن كېيىن ۋاكىر بىلەن راكۇ يەتتىنچى نومۇر-

لۇق ئۆيگە كىردى. بۇ چاغدا تارنا يۇيۇنۇپ، تاماقلىنىپ بولۇپ سافادا ئولتۇراتتى. تامدا ئىسا ئەلەيھىسسالام بىلەن بۇۋى مەريەمنىڭ رەڭلىك سۈرىتى، بۇلۇڭدىكى ئەينەك ئىشكاپتا ئىسانىڭ ھەيكىلى، ئۇنىڭ ئالدىدا شام يېنىق تۇراتتى. ئىشىك- دېرىزىلەرگە زەڭگەر پەردىلەر تارتىۋېتىلگەنىدى.

سىمىز ئايالنىڭ قولىدا بىر كىتاب، ئۇ كىتابنىڭ مۇقاۋىسىدا كۆكسىلىرى ئوچۇق دېگۈدەك يېرىم يالىڭاچ كىيىنگەن بىر ئايالنىڭ سۈرىتى تۇراتتى. تارنا ئۇنى كۆرۈپ «يائاللا» دەپ ئاغزىنى تۇتتى.

ۋاكىر تارناغا باشتىن - ئايىغىچە بىرھازا قارىۋېتىپ، ئاندىن راكۇنى تالاغا باشلاپ چىقتى.

— قانداق ئىكەن؟ — دېدى راكۇ كېرىلىپ تۇرۇپ.

— شۇ، بەش يۈز رۇپىيىگە يارايدىكەن!

— ماڭەۋاي، مىڭ رۇپىيە، مىڭ! پۈتۈن بومباي شەھىرىدىن بۇنداق قىزنى تاپالمايسەن، جۇمۇ!

— سەھرالىقكەنغۇ. چىراي بولسىلا بولامتى، خۇلقى بولۇشى كېرەك، خۇلقى! بۇنىڭغا بىز ئالتە ئاي دەرس ئۆتىمىز، تېخى. بەش يۈز رۇپىيە بېرىمەن دېگىنىممۇ چوڭ ئىش.

— بولدى، سەككىز يۈز ئەللىك رۇپىيە بەر. شۇنىڭ بىلەن سودىمىز پۈتكەن بولسۇن.

— ياق، بەش يۈز!

— ھېچبولمىغاندا يەتتە يۈزنى بەرگىن.

— ئاۋۋال بەش يۈزنى ئېلىپ تۇر، ئۆگۈنلۈككە يەنە يۈزنى بېرەي، قانداق؟

— ھە، مەيلى، قېنى، بەش يۈزنى چىقىرە ئەمىسە!

— ئانا! ئانا! — ۋاكىر سىمىز ئايالنى چاقىردى.

www.uyghurkitap.com

ئۇ ئايال چىقتى. ۋاكىر ئۇنىڭ قولىقىغا بىرنېمىلەرنى دېۋىدى، ئۇ يەنە ئۆيگە كىرىپ كەتتى، بىرئازدىن كېيىن چىقىپ تاراقلاپ تۇرغان بەش يۈز روپىيىنى ۋاكىرغا تۇتقۇزدى. راكۇ ئۇنىڭدىن پۇلنى ئېلىپلا دەررۇ كۆزدىن يوقالدى.

بۇ ئۆينىڭ ئالدىدىكى سېمونت ۋادەكتە قىسقا يەڭلىك گۈللۈك كۆڭلەك ۋە كۆل رەڭ كالتە ئىشتان كىيىۋالغان ئون بەش، ئون ئالتە ياشلاردىكى بىر بالا ئەتراپقا قاراپ ئىسقىرتىپ ئولتۇراتتى. ۋاكىر ئۇنىڭغا قاراپ ئىسقىرتىپ:

— جان، ماڭ، بېرىپ تاكسى چاقىرىپ كەل، — دېدى-دە، قولىغا بىر روپىيىنى تۇتقۇزدى. جان سەكرەپ چۈشۈپ يۈگۈردى.

تاكسى كۆرابى تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى. ۋاكىر تارناغا ئۇنى ساقچىغا ئاپىرىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. تارناغا بۇنچە تېز كېتىۋاتقان پىكاپتىن سەكرەشكە ئامال يوق. ۋاكىرنىڭ ئۆيىدىكى چاغدا، ئۇ بىرنەچچە قېتىم قېچىشقا ئۇرۇنۇپ باقتى، لېكىن هەر قېتىمدىلا مەغلۇپ بولدى. شۇ تاپتا، تارنا ساقچىغا هەرگىز هەقىقىي ئەهۋالنى، يەنى ئۆزىنىڭ راست ئىسمى، ئادرېسى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كىملىكىنى ئېيتماسلىق نىيىتىگە كەلگەنىدى. توغرا، ئۇ ساقچىغا مېنىڭ هېچكىمىم يوق، بومبايغا خىزمەت ئىزدەپ كەلدىم دېسە، ساقچى ئۇنى بومبايدىن قوغلاپ چىقىرارمۇ! ؟ بىر هېسابتا ئۇنى ساقچىغا تاپشۇرۇپ بېرىدىغان بولغىنىمۇ ئوبدان بولدى، باشقا كەلگەننى كۆرمەمدۇ، ساقچى ساقچى دەپ قورقۇتۇپ كەتتى، بۇ خەق. هېلىمۇ پاتانكوتتىن تازا يىراققا كېلىۋالدى، مانا. بۇ يەرلەردە يۈرگىنى دادىسىنىڭ ئون ئويلىسا بىر خىيالـ

غا كىرمەس. ھەرنېمە بولسا ھېلىقى ئۆلۈمتۈك كەنت باشلىقىـ
ـدىن قۇتۇلدى دېسە!

تاكسى ساھىلدىن ئۆتۈپ بەش قەۋەتلىك چىرايلىق بىر
بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

— ساقچى ئىدارىسىگە كەلدۇقمۇ؟ — سورىدى تارنا.

— ھەئە، ئەمدى چۈشىمىز!

تارنا تاكسىدىن چۈشتى. ۋاكىر تاكسىنى دەرۋازا ئالدىدا
ساقلىتىپ قويۇپ، تارنانى ئېلىپ لىفت ئارقىلىق بەشىنچى
قەۋەتكە چىقتى ـ دە، پەلەمپەيىنىڭ قېشىدىكى بىر ئۆينىڭ
ئىشىك قوڭغۇرىقىنى باستى.

ئۇزۇن يەكتەك بىلەن تامبال كىيىۋالغان چاچلىرى ئۇزۇن،
چىشلىرى ئالتۇن، سېمىز بىر پەنجابلىق ھىجىيىپ ئۆيدىن
چىقتى.

— خانىم ئۆيدىمۇ؟

— سەن كىم؟ — سورىدى پەنجابلىق.

— ۋاكىر كەپتىكەن، دەپ خانىمغا ئېيتساڭ بولىدۇ.

ئىشىك يېپىلدى.

بىرئازدىن كېيىن پاھىشىخانىنىڭ ئايال خوجايىنى ئىشىكـ
ـنى قىيا ئېچىپ ۋاكىرنى كۆردى ـ دە، كۈلۈمسىرىدى، كۆزى
تارناغا چۈشكەندە ھىجىيىپ ئاغزىنى يۇمالماي قالدى ۋە ئىـ
ـشىكنى يوغان ئېچىپ:

— كىرىڭلار، ۋاي، كىرىڭلار! — دەپ كەتتى.

تارنا بىلەن ۋاكىر ئىچىگە كىردى.

بۇ بىر قاراڭغۇراق دالان ئىدى. ئۇلار كىرىپلا يەردىكى
قىلىن گىلەمگە موسسىدە دەسسىدى. دالاننىڭ بىر تەرىپى

تاختاي بىلەن توسۇلغان كىچىك ـ كىچىك ئۆيلەر ئىدى. ئۇ ئۆيلەردىن ئاياللارنىڭ كۈلكىلىرى ۋە مەست ھالدا سۆزلەشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. چىراغ يورۇقى يوقنىڭ ئورنىدا ئىدى. تۇيۇقسىز، چىرقىرىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بىر ئايال يالىڭاچ پېتى كۆڭلەك ـ پۆكلەكلىرىنى كۆتۈرۈپ بىر ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىۋىدى، قاپقارا يوغان بىر قول سوزۇلۇپ چىقىپ ئۇنى زەردە بىلەن تارتىپ ئەكىرىپ كەتتى.

بۇ ئىشنى كۆرۈپ تارنا قېتىپلا قالدى.

— مۇ. . . مۇشۇ ساقچىخانىمۇ؟ — ئۇنىڭ ئاۋازىدىن قورقۇش چىقىپ تۇراتتى.

— ھەئە، ـ دېدى ۋاكىر، — ئاياللارنى باشقۇرىدىغان ساقچىخانا بۇ.

— ھە؟ ئاياللارغىمۇ ئايرىم ساقچىخانا بارمۇ؟ بىزنىڭ يېزىدا ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھەممىسىنى بىر ساقچىخانا باشقۇرىدۇ.

— بۇ دېگەن بومباي! — دېدى ۋاكىر گىدىيىپ.

خوجايىن خوتۇن تارنانى ئوتتۇرا ياشلىق ئىككى ئايالغا تاپشۇرۇپ، قۇلاقلىرىغا بىرنېمىلەرنى پىچىرلىغاندىن كېيىن ۋاكىرنى ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى ۋە چىرايىنى تۇرۇپ:

— ئەكەلگىنىڭ شۇمۇ؟! — دېدى.

— شۇ بولمايچۇ! سېنىڭ قولۇڭدا بۇنى بېسىپ چۈشكۈدەك بىر قىز بارمۇ، قېنى؟ بىرنى تېپىپ بېرە. مەن بىر تىيىن ئالماي، بۇنى بىكارغا بېرىۋېتىمەن ساڭا!

— ھەي، سەن بىلىسەنغۇ، بۇ يەرگە شەھەردىكى كاتتىلار كېلىدۇ، بىلىملىك، باي، ئەمىلى بار، ئېسىلزادىلەر. . . بۇ سەھرالىقنىڭ ئاشۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئالالارمۇ؟

— بۇ سىنىڭ ئۆگىتىشىڭگە باغلىق. سەن ئۇچۇن تەس ئىش ئەمەس بۇ. ئۆزۈڭ قاراپ باقە، چىرايى ئايدەك تۇرمامدۇ، شۇنداق پاكىز، قوينىڭ قوزىسىدەك مۇلايىم. ھېچكىمنىڭ ئاغزى تەگمىگەن ئاق قايماقنىڭ ئۆزى. ئەزبىرايى!

— يالغان! — دېدى خوجايىن كۈلۈپ، — يەتتە يۈز ئەل-لىك رۇپىيە بېرەي!

— ئـۆزۈم بـىر مـىڭ ئىككى يۈزنى خەجلەپ ئالغان تۇرسام، — دېدى ۋاكىر بېشىنى چايقاپ، — ساڭا نېمىشقا يەتتە يۈز ئەللىككە بېرىدىكەنمەن؟

— يەتتە يۈز ئەللىكمۇ ئاز پۇل ئەمەس.

— ھەي، ئۇنىڭ چاچ - پاچلىرىنى تاراپ، لەۋلىرىنى بوياپ، نەپىس ئىچ كۆڭلەكنى كىيگۈزۈپ، ئىككى ئېغىز ئىنگلىزچە سۆزلەشنى ئۆگىتىپ قويساڭ، ئۇ ساڭا ئىككى كۈن ئىچىدىلا يەتتە يۈز ئەللىك رۇپىيىنى تېپىپ بەرمەمدۇ؟ ئۇنىڭ قالغىنى ساڭا پۇتۇنلەي پايدا ئەمەسمۇ؟

— ھە، ماقۇل، توققۇز يۈزنى بېرەي.

— ياق، بولمايدۇ، ئەزبىرايى خۇدا، راست دەۋاتىمەن. مىڭ رۇپىيە خەجلەپ ئالدىم ئۇنى. ساڭا بىر مىڭ ئىككى يۈزگە بېرىمەن. جىق پايدا ئالمايمەن، دائىم شۇنداققۇ مەن. دېپ باقە ئۆزۈڭ، مەن ئەكېلىپ بەرگەنلىرىمدىن ناباب چىقىپ قالغىنى بارمۇ؟

ئايال خوجايىن بىر مىڭ ئىككى يۈز رۇپىيىنى ساناپ ۋا-كىرنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ۋاكىر ئىسقىرتىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭغا تارنا بىلەن كۆرۈشۈپ قويۇشنىڭ زۆ-رۈرىيىتى قالمىغانىدى.

# 15

ۋاكىر كىتىپلا پاھىشىخانا خوجايىنى مۆھتاربەگكە تېلې-
فون بەردى.

— ۋەي، كىم، ھە، سىپسىمۇ؟

پاھىشىخانىنىڭ ئايال خوجايىنىنىڭ ھەقىقىي ئىسمىنىڭ
نىمە ئىكەنلىكى نامەلۇم. ئىشقىلىپ ئەتراپىدىكىلەر ئۇنى سىپ-
سىي، دەپ چاقىراتتى.

— ھە! ؟ . . . راستىما؟ . . . تېز ئەكەل ئەمىسە! — دېدى
مۆھتار تېلېفوندا، ئاندىن ۋىسكىدىن بىر يۇتۇم ئوتلاپ قو-
يۇپ، ئەينەك رومكىنىڭ تېگىدىكى ھۆللۈكتىن پايدىلىنىپ
ئۈستەلنىڭ ئەينەك يۈزلۈكىگە بىر يۇمۇلاق تامغا ئۇرۇپ قوي-
دى.

— ياق، ياق. بۇنداق ئىشقا ۋاقىت چىقارمايدىغان ئىش
يوق.

ئۇ يەنە كەينى ـ كەينىدىن ئىككى تامغا باستى، ئىككىلد-
سى ئالدىنقىسىنىڭ ئۈستىگە چۈشتى.

— ياق، ياق، سىلەر كېلىڭلار. روسى يوق، مەن بىلەن
سوقۇشۇپ يامانلاپ كەتتى. ئۇ ئوقۇغان قىزلار بىلەن تەڭ
كېلەلمىدىم. قاراقۇشقاچتەك توختىماي ۋىچىرلىشىدىغان نې-
مىلەركەن. تېنىمۇ ئاجىز، مەيدىلىرى رەنده سالغان تاختى-
دەك، كۇنىۋىيى كىتابقا چۈكۈشۈۋالغان، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى
ئاللمايدىكەن. ھا . . . ھا . . . سىپسى، مەن ساقلايمەن،
ئەمىسە!

www.uyghurkitap.com

مۆھتاربەگ بوۋاي ئەمەس، بەلكى تازا كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغان دەۋرىدە ياشاۋاتقان ئادەم. يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرۋە ئىشقۋاز ئاياللار ئارىسىدا ئۇنىڭ جىنسىي جەھەتتە خېلى نوچىلىقى بار، دېگەن گەپ بار. بەلكىم ئۇ ئەرلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى چوڭ كۆرسىتىش ھەم ئاياللارنى ئۆزىگە قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق گەپ تارقاتقاندۇ. مەيلى راست، مەيلى يالغان بولسۇن، ئىشقىلىپ خەقلەرنىڭ ئاغزىدا شۇنداق گەپ بار. لېكىن، تۇرقىدىن قارىغاندا ئۇنداقمۇ ئەمەستەك. ئۆزى ئورۇق، پۈف دېسە ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك؛ بويى ئېگىز، شوينا بەل؛ تېرىلىرىنىڭ رەڭگىمۇ ئەپ ئەمەس؛ كەڭ ماڭلاي، بۇدۇر چاچ، چىشلىرى ئاپئاق، توخۇ كۆكرەك. مەيدە، بىلەكلىرى، ھەتتا دۈمبىسىگىچە قاپقارا يۇڭ. يۇيۇنۇش ئۈچۈن كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ ئەينەك ئالدىغا كەلسە، تۇرقى ئادەمگە نەچچە كۈن ئاچ قالغان ئورانگۇتاننىلا ئەسلىتىدۇ.

بىراق، مۆھتار ئۆزى بۇنداق بولغىنى بىلەن ناھايىتى باي ئادەم. توقۇمىچىلىق زاۋۇتىدىنلا ئىككىسى بار. ئىسكىلاتلىرىدا ھەرخىل تۆمۈرلەر تولۇپ ياتىدۇ، ئېيىغا بىر پاراخوت بۇ نەرسىلەرنى ياپونغا توشۇپ تۇرىدۇ. چېركاۋنىڭ قېشىدىكى بومباي بويىچە ئەڭ چوڭ تۈرلۈك ماللار شىركىتىمۇ شۇنىڭ. يەنە ئۈچ كىنوخانىسى بار، كۆرابىدىكى مەشھۇر تۆت چوڭ پاھىشىخانىمۇ شۇنىڭغا قارايدۇ. بۇلارنى ئۇ سېپىنىڭ باشقۇرۇشىغا بەرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، مىرىندىرافۇدىكى ئون بەش قەۋەتلىك بىنامۇ ئۇنىڭ مۈلكى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ بۇنداق چوڭ ئىگىلىكنى قانداق باشقۇرۇشنى بىلمەيدۇ، ئۇنىڭ بىلىدىغىنى پۇلنى سۇدەك خەجلەپ كەيپ ـ ساپا قىلىش. ئۇنىڭغا ھاراق دېڭىزىدا قىزلار بېلىقتەك پىلتىڭلاپ بەرسە بولغىنى.

ئوتتۇز بەش ياشقا كىرگۈچە ھەممە ھۇزۇر ـ ھالاۋەتنى كۆرۈپ بولغاچقا، بۇ جاھان ئۇنىڭغا بەك كۆلكىلىك تۇيۇلىدۇ. ھازىر، ئۇ ھەر كۈنى كەچتە بىر يېڭى لەززەتكە ئېرىشىشنى تەمە قىلىدۇ. لېكىن، بۇ دۇنيانىڭ لەززىتىمۇ چەكلىك، يەپ ـ ئىچىپ، ئويناپ ـ كۈلۈشتىن باشقا يەنە نېمىسى بار، دەيسىز.

بۇنداق باي ئادەم ئۇچۇن يۇرەكنى زەرداب قىلىدىغان ئىشلار نەدە؟ تۇرمۇش ئۇنىڭ ئالدىدا شاھمات تاختىسى. ھەربىر قول ئويۇندىلا يېڭىۋاتقان ئادەم ئۇتتۇرۇشنىڭ نېمىلىكىنى بىلىسۇنمۇ!؟

پاھىشىخانا خوجايىنى سىبىسې تارنانى مۇھتارنىڭ ئۆيىگە ئەكەلدى. ئۇ مۇھتارنىڭ تارنانى ياقتۇرۇپ قېلىشىدىن گۇمانلانمايتتى. دېمىسىمۇ، تارنانى ھەرقانداق ئەركەك بىرلا كۆرسە ئامراق بولۇپ قالماي قالمايتتى. بۇنداق چىرايلىق قىزنى سىبىسىمۇ ئۆمرىدە كۆرۈپ باققان ئەمەس. تارنا قاراشلىرى بىلەنلا مۇھتارنىڭ يۈرىكىنى ئوينىتىۋېتىشى چوقۇم. بىراق، سىبىسېنىڭ ھازىر كۆپرەك ئويلايدىغىنى تارنانى پاھىشىخانىدا ئەپقېلىش. شۇڭا، بۇ مەسىلە ھازىر سىبىسې بىلەن مۇھتارنىڭ ئالدىدا ھەل قىلىنمىسا بولمايتتى.

— قىز بەك چىرايلىق، — دېدى سىبىسې، — ھەم پاك، سەبىي، ھېچكىمنىڭ ئاغزى تەگمىگەن ئاق قايماقنىڭ ئۆزى! — ئۇ ۋاكىر دېگەن سۆزنى ھۇزۇرلىنىپ بىر دەۋالدى.

— مەن ئاق قايماققا ئامراق، — دېدى مۇھتار بارمىقىنى چىشلەپ تۇرۇپ.

— مەن ئۇنى بىرىنچى نومۇرلۇق پاھىشىخانىغا ئەپقالاي

دېگەن.

— ئۇ قىزغا مېنىڭ كۆزۈم چۈشتى، — دېدى مۆھتار باش بارمىقىغا تازا سىنچىلاپ قاراپ قويۇپ.

— مۆھتار، تىجارىتىمىزنىمۇ ئۇنتۇپ قالماڭ، — دېدى سىپسي چوڭ خوجايىنغا نەسىھەت قىلىپ، — بومبايدا ئەڭ ئېقىتۇاتقىنى مۇشۇ پاھىشىخانا تىجارىتى. بۇنى سىزمۇ بىلىسىز. ئەگەر بۇ قىزنى پاھىشىخانىغا ئېلىپ قالساق، بىرىنچى يىلىدا ھەر كېچىسىگە بەش يۈز رۇپىيىدىن، ئىككىنچى يىلى ھەر كېچىسىگە ئۈچ يۈز رۇپىيىدىن، ئۈچىنچى يىلى ئىككى يۈزدىن، كېيىن ئەپلەپ ئىش قىلساق، ھەر كېچىسىگە يۈز رۇپىيىدىن ئون يىل پۇل تاپقىلى بولىدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، مىرىندىرافۇدىكى بىنايىڭىزنىڭ ئىجارىسىدىنمۇ، ھېلىقى تۆمۈر- تەسەكلىرىڭىزدىنمۇ بۇنچىلىك پۇل كەلمەس. تۈرلۈك ماللار سىرىكتىڭىز تۆت يىلدىمۇ تاپالمىغان پۇلنى بۇ قىز بىر يىلدىلا تېپىپ بېرىدۇ. تىجارەتنىمۇ ئويلاپ قويۇش كېرەك، بىزگە پۇل كېرەك!

— مەن تىجارەتنى كۈندە ئويلاپ تۇرىمەن. بۇ قىز نەچچىگە توختىدى؟

— ئىككى مىڭغا! — سىپسي دەرھال جاۋاب بەردى. مۆھتار يانچۇقىدىن بىر توپ چەكنى چىقىرىپ بەش مىڭ رۇپىيىلىك چەكتىن بىرنى يىرتىپ سىپسىگە تۇتقۇزدى- دە:

— بىر يىلدىن كېيىن كېلىپ ئۇنى ئەكېتەرسەن، بەلكىم ئالتە ئايدىن كېيىن بېرىشىم مۇمكىن، ئۈچ ئايدىلىمۇ تېخى. يەنە بىر ئويلىسام، سىپسي، ئۇنى مەڭگۈ بەرمەيدىغاندەكمۇ تۇرىمەن، جۇمۇ! — دېدى.

— راست، ھېچكىمگە بەرگۈسىزلا قىز بۇ.

— ئۇنىڭ پاكلىقىغا ئادەمنىڭ ئىچى كۆيىدۇ. . .
— ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە قارىلىق تاغنىڭكىدەك پاكلىق يو-
شۇرۇنغان، — سىبسي سۆزلەۋېتىپ چوڭقۇر ئويغا پاتتى.

سىبسي فرانسىيىلىك ئىدى. شۇ تاپتا ئۇ سىنا دەرياسىنى، تونۇش تاغ - چوققىلارنى ئەسلىدى. راست، ئۇمۇ بىر چاغلار-دا قىز ئىدى، ئۇمۇ بىرىنى سۆيگەن، ئۇنىڭ ئىسمى كارساند ئىدى.

«ئاھ كارساند. . . كارساند، سۆيۈملۈك ئەسكىرىم، شۇ تاپتا قەيەرلەردىدۇرسەن؟ كىم بىلەن توي قىلغانسەن؟ نەچچە بالاڭ باردۇ؟ ھېلىقى جۇلى دېگەن قىز ئېسىڭدىمۇ؟ جۇلى — بۈگۈنكى مۇشۇ سىبسي!؟»

ئىپلاس پاھىشىخانىنى ئويلىغاندا سىبسىنىڭ كۆزىگە لىق-قىدە ياش كەلدى.

«شۇنداق، ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە قارلىق تاغنىڭكىدەك پاك-لىق يوشۇرۇنغان!» پاھىشىخانىنىڭ بۇ ئايال خوجايىنى يەنە چوڭقۇر خىيالغا پاتتى، خىيالى ئۇزاق - ئۇزاق يەرلەرگە كەت-تى. سىنا دەرياسىنىڭ يېشىل مەخمەلدەك گۈزەل ساھىللىرىدا ئۆتكۈزگەن قىزلىق چاغلىرى كىنو ئېكرانىدىكىدەك لەپپىدە كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى.

راست، ئۇ بىر چاغلاردا گۈزەل، ئوماق قىز ئىدى. چاچ-لىرى ئالتۇندەك سېرىق، يىپەكتەك يۇمشاق ئىدى. ئاشۇ چاچ-لىرى كۆزىگە چۈشۈۋالغاندا ئاشىقى كارساند ئۇنىڭ چاچلىرى-نى قايرىۋېتىپ، بىلىدىن مەھكەم قۇچاقلىغىنىچە لەۋلىرىگە سۆيەتتى. ئاھ، شۇ سۆيۈشلەر نەقەدەر پاك، نەقەدەر قىزغىن ئىدى - ھە! كارساند بىلەن بىرنەچچە ئايدىن كېيىن توي

قىلمىز، دەپ يۈرگەن شۇ كۆنلەردە، ئۇلار يېزا سىرتىدىكى ئورمانغا بارغان، رۇخسىگۈللەر ئېچىلىپ كەتكەنىكەن. ھېلىھەم شۇ گۈلنى پۇرىسا، سېپسي كارساند بىلەن يۈرگەن شۇ كۆنلەرنى ئېسىگە ئالىدۇ.

«كارساند، مېنىڭ قەدىرلىك ئەسكىرىم! ۋاپاسىز يىگىتىم، تاش يۈرەك يىگىتىم! نەلەردە يۈرىدىغانسەن؟ كىم بىلەن تويى قىلغانسەن؟ نەچچە پەرزەنت كۆرگەنسەن؟ ھېلىقى جۇلى دېگەن قىز ئېسىڭدىمۇ؟ جۇلى — ھازىرقى سېپسي!؟»

ئىپلاس پاھىشىخانىنى ئويلىغاندا ئەمدى ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش تۆكۈلدى. شۇ چاغدا مۇھتارنىڭ ئاۋازى ئۇنى خىيالدىن ئويغاتتى.

— ئۇنىڭغا ئوبدان ئەتىرلەرنى سېپىپ چىرايلىق كىيىندۈر. شامپان ئىچىشنىمۇ ئۆگەنسۇن، بىر - ئىككى كۈن ئۇستازلىق قىل.

— شۇ تاپتا سېنا دەرياسى، — دېدى پاھىشىخانىنىڭ ئايال خوجايىنى خىيالچان ھالدا، — مۇزنىڭ ئاستىدا. ئاۋۋال مۇزلار ئېرىشى كېرەك.

— يۈرەكتىكى مۇز ئاپتاپ بىلەن ئەمەس، شامپان بىلەن ئېرىيدۇ، سېپسي، — دېدى مۇھتار قاقاقلاپ كۈلۈپ.

ھۇجرىغا تىكلىمە ئەينەك قويۇلغان، ھال رەڭ پەردە تارتىلغانىدى. نەرگىس گۈلى گۈلداندا ئېگىلىپ تۇراتتى. پاتېفوندا يېنىك مۇزىكا چېلىنىۋاتاتتى. تاماكىنىڭ ئىسىدىن ئۆي خۇددى ئىسرىق سالغاندەك بولۇپ كەتكەنىدى.

تارنا بۇ يەرگە ئەتىگەندە كەلتۈرۈلگەن. شۇ تاپتا ئۇ مۇھتار بىلەن ئۇستەلدە قارىمۇقارشى ئولتۇراتتى. ئۇستەلدە تەخ-

سه، ۋىلكا ۋە ئىككى بوتۇلكا شامپان بار ئىدى.
مۆھتار رومكىنى كۆتۈرۈپ:
— كېلىڭ، شەربەت ئىچەيلى، — دېدى.
تارنا رومكىدىكىنى بىر ئوتلاپلا:
— بۇ شەربەتنىڭ تەمى بۆلەكچىغۇ، پەقەت تاتلىقى يوق؟ بىزنىڭ يۇرتىنىڭ شەربەتلىرى تاتلىق بولىدىغان، — دېدى.
— شەھەرنىڭ مۇشۇنداق بولىدۇ.
— شەھەرنىڭ ھەممە نېمىسى ئالاھىدە بولىدىكەن، توۋا! بۇ يەرگە كېلىپلا ماڭا ياردەم قىلىدىغان سىزدەك ئوبدان ئادەمگە ئۇچرىدىم. راجۇ بۇنى بىلسە، نەقەدەر خوشال بولۇپ كېتەتتى ـ ھە!
— راجۇ؟ راجۇ؟ راجۇ دېگەن كىم؟ — مۆھتار تۇيۇقسىز چۆچۈپ سورىدى.
تارنا ۋىلىلىدە قىزىرىپ يەرگە قارىۋالدى.
— كىم ئۇ؟ — مۆھتار ئالدىراپ سورىدى. تارنا كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ:
— ئۇنىڭ ھازىر نەدىلىكىنى خۇدادىن بۆلەك ھېچكىم بىلمەيدۇ، — دېدى.
— ئاۋۋال دەڭا، راجۇ دېگەن كىم؟
تارنا ئۇنىڭغا ئالاقىدار گەپ ـ سۆزلەرنى دەپ بەردى.
مۆھتار قىزنىڭ قولىنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ تۇرۇپ:
— ئەنسىرىمەڭ، — دېدى، — ئادەملىرىمنى بۇيرۇي، ئەتىلا ئۇنى ئىزدىسۇن. بومباي ئۇلارغا بەش قولدەك تونۇشلۇق، ئۇنى چوقۇم ئىزدەپ تاپىدۇ.
تارنا مۆھتارغا مىننەتدارلىق بىلەن تىكىلگىنىچە:
— سىز نېمىدېگەن ياخشى. دادامنۇ ماڭا سىزچىلىك

قىلمىغان. قاراپ تۇرۇپ مېنى بىر قېرى كەنت باشلىقىغا يەتتە يۈز ئەللىك رۇپىيىگە سېتىۋەتكەنىدى، — دېدى.

تارنانىڭ ئۇنى دادىسىغا تەڭلەشتۈرگىنى مۆھتارغا سەل ئېغىر كەلدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ چاندۇرماي كۈلۈمسىرىگىنىچە تاكى تارنا قولىنى تارتىۋالغۇچە ئۇنىڭ قولىنى سىلاۋەردى ۋە تارنانىڭ رومكىسىغا يەنە لىق شامپان توشقۇزۇپ:

— قېنى، شەربەت ئىچىڭ، — دېدى.

— بولدى، ئىچمەيمەن، بېشىم ئايلىنىۋاتىدۇ، — دېدى تارنا، — بۇ قانداق شەربەت زادى؟

— بۇنى بىراقلا ئىچىۋەتسىڭىز بېشىڭىز قايمايدۇ. باش قېيىشىنى داۋالاشتا بۇ شەربەتنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغىنى يوق.

تارنا رومكىنى بىراقلا ئاغزىغا ئاغدۇرۇپ، ئاندىن يەرگە قويدى-دە:

— سىز مېنى مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشقا ۋەدە بەردىڭىز-ھە؟ — دېدى.

— ھەئە، — دېدى مۆھتار.

— مەن داۋاملىق... توقۇيمەن... ۋوي... مەن دېمەكچى... ئوقۇيمەن، — تارنا ئۆزىنىڭ ئېگىز-پەس سۆزلەپ سالغانلىقىنى سېزىپ كۈلۈۋەتتى، — توۋا، ئوقۇيمەن دەيمەن دەپ، توقۇيمەن دەۋېتىپتىمەنا!

تارنانىڭ كۆزلىرى ئىلەشكىلى تۇردى. شۇ تاپتا كۆزلىرىگە مۆھتار بىر ئەمەس، ئىككى كۆرۈنۈۋاتاتتى. ئۇ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ كەتتى.

مۆھتار ئورۇندۇقتىن تۇرۇپ تارنانى يۆلەپ كارىۋاتقا ئەكېلىپ ئولتۇرغۇزدى-دە، ئۇنى ئىنچىكە بېلىدىن قۇچاقلاپ:

— تارنا، ئاپئېقىم، — دېدى.



www.uyghurkitap.com

تارنا ۋارقىراپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئۇستەلدىكى ۋىلـ
كىنى قولىغا ئېلىپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقان ھالدا:
— ماڭا يېقىن كەلگۈچى بولماڭ! — دېدى.
— ۋۇ، ياۋايى قىز! — مۆھتار ئۇنىڭغا يوپۇرۇلدى.
تارنا چاقماقتەك تېزلىك بىلەن ۋىلكىنى ئېلىپ مۆھتارنىڭ
يەلكىسىگە سانجىۋەتتى، يەنە گۈل لوڭقىسىنى ئېلىپ ئۇنىڭ
بېشىغا ئۇردى. ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭ ئۇچۇن قو-
رالغا ئايلانغان، ئۇ قولىغا چىققانلىكى نەرسىنى مۆھتارغا قارى-
تىپ ئېتىۋاتاتتى.
مۆھتار ئاغرىققا چىدىماي شۇنداق ۋارقىرىۋەتتىكى، بۇ
ئاۋازنى ئاڭلاپ ئىككى خىزمەتكار دەررۇ يۈگۈرۈپ كىردى.
تارنا ئۇلارنىڭ ئىشىكنى توسۇۋالغانلىقىنى كۆردى ـ دە، قىل-
چە ئىككىلەنمەي دېرىزىگە قاراپ يۈگۈردى.
— ياق... ياق! — مۆھتار قورقۇپ ۋارقىراپ كەتتى.
لېكىن، تارنا ئۇ چاغقىچە دېرىزىدىن سەكرەپ بولغانىدى.
ئۇ ھاۋادا بىرنەچچە سېكۇنت موللاقشىپ پەستىكى بىر ماگى-
زىنىنىڭ سايىۋىنىنىڭ ئۈستىگىلا چۈشتى. سايىۋەنىنىڭ جازى-
سى تۆمۈردىن ياسالغان بولسىمۇ، لېكىن تارنا خېلى يۇقىرىدىن
چۈشكەچكە ئېگىلىپ ئولتۇرۇشۇپ كەتتى. تارنا خۇددى پەت-
نۇسقا ئېلىپ چۈشۈرۈپ قويغاندەك ھېچ يېرى زەخىملەنمەي
يەرگە چۈشتى.
سايىۋەنىنىڭ قاراس ـ قۇرۇس قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ كى-
شىلەر بىردەمدىلا يىغىلدى. تارنا دەرھال ئورنىدىن تۇردى ـ
دە، ماي قاچىلاش پونكىتىنىڭ كەينىدىكى كوچىغا يۈگۈردى.
كوچا ـ رەستىلەر ئۇنىڭ كەينىدە بىر ـ بىرلەپ قېلىۋەردى.
دەسلەپتە، ئۇنىڭ كەينىدە دۈپۈر ـ دۈپۈر خېلى قاتتىق ئىدى،

كېيىن پەسىيىپ، ئاخىر يوقالدى.

تۈيۈقسىز ئۇ ئۇتتۇرا ياشلاردىكى ئېگىز بويلۇق بىر ئەر كىشىگە سوقۇلۇپ كەتتى.

— مېنى قۇتۇلدۇرۇڭ، — دېدى ئۇ كاپپىدە ئۇ ئادەمنىڭ قولىغا ئېسىلىپ، — مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قويۇڭ. بىرمۇنچە لۈكچەك مېنى بوزەك قىلىپ كەينىمگە كىرىۋالدى.

ئۇ ئادەم تارنانى قولىدىن تۇتۇپ بىر بىناغا ئەكىرىپ كەتتى. بىرئازدىن كېيىن بىرمۇنچە ئادەم يۈگۈرۈشۈپ بىنانىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ بىر كىچىك كوچىغا كىرىپ كەتتى. تارنا ئۇ ئادەمنىڭ قېشىدا زۇۋان سۈرمەي، قورقۇپ تىترەپ تۇراتتى. ئۇ كوچىدىكى دۈپۈرلىگەن ئاۋازمۇ يوقالدى. ئۇ ئادەم قورقۇپ كەتكەن تارنانىڭ بېشىنى سىلاپ:

— قورقماڭ، قىزچاق، — دېدى، — بۇ يەردە سىزگە ھېچكىم چېقىلالمايدۇ. مەن مۇشۇ بىنادا ئولتۇرىمەن. بىزنىڭ ئۆيگە كىرەيلى. سىزگە ھېچكىم تېگەلمەيدۇ.

تارنا ھەم يىغلاپ، ھەم كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ كەينىدىن قاپقارا پەلەمپەينىڭ ئۈستىگە قاراپ ماڭدى.

## 16

گەنكاتېر يىغىۋېلىش ئورنىنىڭ خىزمەتچىسى ئىدى. ئۇ يەرگە پۈتۈنلەي ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىلغان، ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن، ئەرلەر ئويناپ تاشلىۋەتكەن ئاياللار ۋە ماكانسىز قىزلار يىغىۋېلىناتتى. ئۇلارنىڭ كۆپى تۇزۇك ئاياللار ئىدى.

بۇرۇن سەل تاپتىن چىقىپ كەتكەنلىرىمۇ بار بولۇپ، لېكىن هازىر تۈزەلگەنىدى. هازىر ئۇلارنىڭ مەقسىتى بىر ئۆي تۇ-تۇشتىلا. يىغىۋېلىش ئورنى ئادەتتە مۇشۇنداق ئاياللارنى ئوقۇ-تۇپ، ئۇلارغا قول ئىشى، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشنى، تازىلىق قىلىشقا ئادەتلىنىشنى ئۆگىتەتتى.

يىغىۋېلىشتا ئىشلەيدۇ، دېسە، كىشىلەرنىڭ قۇلىقىغا ئاذ-چە چىرايلىق ئاڭلانمايدۇ. دېمىسىمۇ، بەزىبىر يىغىۋېلىش ئورۇنلىرى ھەقىقەتەن شۇنداق دېگۈدەكلا. لېكىن، گەنكاتېر يامان ئاتلىق جايدا ئىشلىسىمۇ، بۇ ئىشنى سۆيۈپ، تىرىشىپ بەجانىدىللىق بىلەن ئىشلەيتتى. بۇ خىزمەتنى جەمئىيەتكە پاي-دىلىق خىزمەت، دەپ قارايتتى.

ۋاھالەنكى، بۈگۈن ئۇ تارنانى يىغىۋېلىش ئورنىغا ئاپىرىپ بەرمەي، ئۆيىگە ئەكىرىۋالدى. بۇ ئىش خوتۇنى مايانىڭ كۆڭ-لىدە زور گۇمان قوزغىدى.

مايانىڭ بېشىدىنمۇ نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇق ئۆتكەن. ئۆز ۋاقتىدا ئۇمۇ چىرايلىق ئىدى، لېكىن تۇرمۇش مۇشەققىتى ئۇنىڭ گۈزەللىكىنىمۇ تۈگىتىۋەتتى. ئۇ سەمرىدى، ئېغىر ئۆگە ياللۇغىمۇ بولدى، تولا ۋارقىراپ ئاۋازىمۇ خىرقىراپ چىقىدىغان بولۇپ قالدى.

مايا تۇغماس ئىدى، شۇڭا گەنكاتېرغا ئاياللىق مېھرىنىلا ئەمەس، ئانىلىق، ھەمشىرىلىك مۇھەببىتىنىمۇ بەردى. ئۇنىڭ بارلىقى، بارلىق سۆيگۈسى بىر گەنكاتېرغىلا تالىق ئىدى.

ئەگەر تارنا بويىغا يەتمىگەن قىز بولسا ئىدى، مايا بەلكىم ئۇنىڭغا ئانىلىق مېھرىنى بەرگەن بولاتتى، لېكىن ئۇ تازا ياش-لىق باھارى ئۇرغۇۋاتقان قىز، شۇڭا ئەلۋەتتە ئۇنىڭدا كۆنداش-

لىق تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ ـ دە! ئۇ تارنانى يىغىشىۋېلىش ئورنىغا ئاپارغۇزۇۋېتىش ئۈچۈن گەنكاتىر بىلەن ھەر كۈنى دېگۈدەك سوقۇشتى.

— نېمىشقا ئۇنى ئۆيگە ئەكىرىۋالىسەن؟ نېمىشقا يىغىشىۋېلىشقا ئاپىرىپ بەرمەيسەن؟

— تارنا ساپ، نارەسىدە قىز تۇرسا.

— قەيىرى نارەسىدە ئىكەن، ئەرگە تەگكۈدەك بولۇپ قالغان قىزنى دەۋاتقىنىنى!

— ھەي، ئۇ جاھان كۆرمىگەن قىز، — دېدى گەنكاتىر ئاچچىقلىنىپ، — ئايال خەقنىڭ ئىشىنى مەن سەندىن ئوبدان بىلىمەن. ئۇنى يىغىشىۋېلىشقا ئاپىرىپ بېرىپ، ئۇنىڭ كەلگۈسىنى ۋەيران قىلىۋېتىشىم كېرەكمۇ؟ مەن ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ بولغۇچە — بىرنەچچە ئەسكى ئايال بار — ئۇنى كاردىن چىقىرىپ بولىدۇ. بىلەمسەن، ئۇ ھەرگىز قىز بالا بارىدىغان جاي ئەمەس. خوتۇن ئالىمىز دەپ ھەر كۈنى نەچچە ئۆلۈمتۈك قېرى ئۇ يەرنى كېزىپ يۈرىدۇ. ئويلاپ باقە، ئۇنداق شارائىت تارنانى بۇزمامدۇ!؟

— تارنا ئۆزىنىڭ قىزىدەك، ئۆزىچە كۆيۈنۈپ دەپ كېتىپ بارغان گېپىنى!

— قىزىمدەك بولماي نېمىكەن ئۇ؟ ھە؟ ئۇنى قىز قىلىۋالساق بولمامدىكەن!؟

— جىنىڭ قەستى شاپتۇلدا. مېنى بىلمەيدۇ، دەمسەن، سەن مېنى قويۇۋېتىپ، ئورنۇمغا شۇنى ئالماقچى. بىلىپ قوي، ئۆلمەنكى، ھەرگىز ساڭا يول قويمايمەن!

— ھەي، ئېلىشىپ قېلىۋاتامسەن، ساراڭ! بالامچىلىك بىر قىزنى نېمىلەرنى دەپ كەتتىڭ؟!

— بالام، بالام دەپ كەتكىنىنى! مۇنداق رەپرەپلەرنى مېنى بىلمەيدۇ، دەمسەن، بۇ يەرگە كەلگۈچە ئۇ نەچچە ئەركەكنى يولغا سېلىۋەتكەن بولماي! بالامچىلىك دەپ كەتكىنىنى، تېخى!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ جۇدۇنى ئۆرلىگەن گەنكاتىر ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقىپ كەتتى.

گەنكاتىر چىقىپ كېتىشى هامان مايا ئاچچىقىنى تارنادىن ئالاتتى. ئۇ هەرگىز تارناغا ئۇدۇل بىرنېمە دېمەيتتى، بەلكى ئۇنى توختىماي ئىشقا سالاتتى. ئېرى ئۆيدىكى ۋاقىتلاردا تارنانىڭ ئولتۇرۇپ - قوپۇشىغا قاتتىق دىققەت قىلاتتى. تاماقنى تويغۇدەك بەرمەيتتى، يوقىلاڭ باهانىلار بىلەن ئۇنى تىللايتتى، ئۇرۇۋالاتتى. ئەلۋەتتە، بۇ بەكمۇ زالىملىق، لېكىن ئۇنىڭغىمۇ نېمە ئامال. بۇ ئۇنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىشلار ئەمەس. يېرىم ئۆمۈر سەرگەردانچىلىقتا ئۆتكەن هاياتى ئۇنىڭغا مۇشۇنداق ئۆگەتكەن. كېيىنكى يېرىم ئۆمرىدىكى ئارامخۇدا تۇرمۇشنى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويۇشنى ئۇ خالىمايدۇ - دە! شۇڭا، ئۇ گەنكاتىرنىڭ قۇلىقىغا تارنانىڭ يامان گېپىنى قىلىشتىن توختىمايدۇ. «تارنا بازارغا بىر چىقىۋالسا، كەچ كىرگۈچە كىرمەيدۇ. چۈشلۈك تاماقنى يەپلا قوشنىمىزنىڭ ئۆيىدە يۇندى-پۇرۇشلۇق قىلىدىغان كاسىما دېگەن جاۋجاق بىلەن بىر يەرگە كېلىشىۋېلىپ، سائەتلەپ باش بېقىشىدۇ. مەن مەيەردە دەپ قويسا، كاشكى. لازىم بولسا هېچنەدىن تاپقىلى بولمىغان ئۇنى. ئاشۇنى بالا قىلىمەن، دەپ يۈرەمسەن تېخى» دەپ قاقشايدۇ. مانا بۇگۈنمۇ شۇنداق بولدى. كەچقۇرۇن گەنكاتىر كوچىدىن قايتىپ كىرىۋىدى، مايانىڭ ئاغزى ئېچىلدى:

www.uyghurkitap.com

— ئۈچ سائەت بولدى مانا، ئۇ كۆز مۇنچىقلىق بازارغا چىقىپ كېتىپ مۇشۇ چاغقىچە يوق!

— ئۇ بۇ ئەتراپنى بىلمەيدۇ، ئېزىپ قېلىپ يۈرگەن بولمىسۇن!

— مۇشۇنچىلىك يەرنى بىلمىگەن ئادەم بومبايغا قانداق كەپتىكەن؟ تالا - تۈزدە سەن بىلەن ئۈچرىشىپ يۈرگەندۇ ھەرقاچان، راست گەپنى قىل، گەنكاتېر؟

— ھەي، نېمە دەۋاتىسەن سەن؟

— ئەر خەق دېگەننىڭ قانداقلىقىنى مەن بىلمەمدىم! — مايا ئەسەبىلىرى تۈتقاندەك ۋارقىرىغىنىچە تۈردى، - ھەممىڭلار لۇكچەك، بۇزۇق!

— مانا ئاشۇ زۇۋانىڭغا! — گەنكاتېر ئۇنىڭ ئاغزىغا بىرنى سالدى.

مايا بۇ ئۆيگە كىرگەندىن بۇيان گەنكاتېر ئۇنى ئۇرۇش ئۆياقتا تۇرسۇن، تىللاپمۇ باقمىغانىدى. دېمىسىمۇ، ئىككىسى شۇنداق ئىناق، ئۇن بىر يىل تۇتقان ئۆيىغۇ بۇ. نەدىكى بىر كەلگۈندىنىڭ قەدىمى تېگىشى بىلەن ئەمدى مۇشۇنداق سوغۇقچىلىق چۈشتىمۇ؟! مايا كۆڭلى بۇزۇلۇپ ھۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلىۋەتتى.

گەنكاتېر غەزەپ بىلەن پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كېتىۋېتىپ تارنا بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى، ئاۋۋال گەپ قىلمىدى، كېيىن سورىدى:

— بۇ چاغقىچە نەدە يۈردىڭىز؟

تارنا بېشىنى سىلىپ جاۋاب بەرمىدى.

— گەپ قىلمامسىز؟! — گەنكاتېر غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى.

— مەن. . . مەن. . . راجۇنى ئىزدىگەن.

— راجۇ دېگەن كىم؟

— مەن بىلەن بومبايغا بىللە كەلگەن كىشى. بىز يولدا ئايرىلىپ كەتكەن. ھەر كۈنى چىقىپ ئىزدەۋاتىمەن، لېكىن تاپالمىدىم! — تارنانىڭ كۆزلىرىدىن ياش بۇلدۇقلاپ چىقتى.

— ئۇنى ئالتە مىليون ئادەمنىڭ ئارىسىدىن قانداق تاپالايسىز؟ — گەنكاتېرنىڭ ئاۋازى مۇلايىم تۇس ئالدى.

— راجۇنى قانداق تاپارمەن؟ نەدىن تاپارمەن؟

تارنانىڭ بۇ سوئالىغا گەنكاتېر نېمە جاۋاب بېرەلىسۇن؟ ئۇ گەپ قىلماي پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كەتتى.

تارنا ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىققاندا، مايا ئىشىك تۈۋىدە چەكچىيىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇ بايام ئۇ ئىككىسىنىڭ پەلەمپەيدە سۆزلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەنىدى، شۇڭا تارنادىن:

— بايام ئۇنىڭ بىلەن نېمىلەرنى دېيىشتىڭ؟ — دەپ سورىدى، لېكىن ئۇنىڭ جاۋابىنىمۇ كۈتمىدى، ئۇنى تارتىپ ئىچكىرىگە ئەكىرىپ ئىشىكنى جالاقىدە ياپتى-دە، چېچىدىن قامالالاپ تۇتۇپ بولۇشىچە ئۇرغىلى تۇردى. تارنا ھەرقانچە قىلسىمۇ ئۇنىڭ قولىدىن قۇتۇلالمىدى. شۇ تاپتا مايادا ئۇن خوتۇننىڭ كۈچى بار ئىدى. ئۇ شۇ تاپتا غەزەپلىك چىشى يولۋاسنىڭ ئۆزى بولغانىدى. ئۇ تارنانى ئۇرۇپ-ئۇرۇپ ئاخىر ئۆيدىن تېپىپ چىقىرىۋەتتى.

## 17

تارنا كۆڭلى بۇزۇلغان ھالدا كېتىۋاتاتتى، كېتىۋېتىپ كۆز

www.uyghurkitap.com

ياشلىرىنى سۈرتەتتى. ئۇ نەچچە بازاردىن ئۆتتى، كوچىلاردىن ئۆتتى، تۆت كوچىلاردىنمۇ ئۆتتى، لېكىن ئۆزىنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى ئۇقمايتتى. شۇ تاپتا ئۇنى بىرى چاقىرىسىمۇ قۇلىقىغا كىرمەيتتى، ھەتتا ئۇنى ئىتتىرىۋەتسىمۇ سەزمەيتتى. ئۇ گويا نىشاندىن ئازغان ئەرۋاھ، قىستا- قىستاڭ ئادەملەر توپى ئىچىدە كېزىپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئىزدەيدىغىنى راجۇ، پەقەت راجۇلا!

مانا، گۇگۇمنىڭ ئورنىغا قاراڭغۇ ئالماشتى، كوچا - رەستىلەرنىڭ چىراغلىرى ياندى. ئاياللار چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىشىپ ئىشىكلىرىدىن چىقىشتى. ئەمدى تارنا كىنوخانىنىڭ ئالدىغا ئولىشىۋالغان كىشىلەر ئارىسىدا كېزىپ يۈرەتتى.

ئۇ ئەمدى ئېگىز - ئېگىز بىنالار، غايەت زور ئېلان تاختىلىرى تۈۋىدە يۈرمەكتە. كوچىلاردا قوش قەۋەتلىك ئاپتوبۇسلار، تراموايلار، تاكسىلار غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، لېكىن ئۇ بۇلارنى سېزىدىغاندەك ئەمەس. ئۇ گويا ساراڭ، ئالدىراپ - ئالدىراپ مېڭىشىنىلا بىلىدۇ.

بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن ئېگىز بىنالارمۇ كەينىدە قالدى، يەنە بىر ئازدىن كېيىن ئاپتوبۇسلارمۇ ئۇنىڭ كۆزىدىن يىتتى، ماشىنىلارنىڭ ئاۋازىمۇ ئاڭلانماس بولدى؛ يەنە بىر ئازدىن كېيىن كوچىلارمۇ يوقاپ، تارنانىڭ كۆز ئالدىدا بىر كوكۇسىزارلىق پەيدا بولدى.

تارنا تۇيۇقسىز نەي ئاۋازىنى ئاڭلاپ شاپپىدە توختىدى - دە:

— راجۇ! — دەپ ئىختىيارسىز تۇۋلىۋەتتى.

نەي ئاۋازى يىراقتىن — كوكوسزارلىقنىڭ كەينىدىن ئاڭ-لىنىۋاتاتتى. تارنا ئاۋاز چىقىۋاتقان تەرەپنى نىشانلاپ يۈگۈر-دى. ئۇ نە ئالدىدىكى دەرەخلەرگە، نە كەپىلەرگە قارىمايتتى، يولدا پۈرقىراۋاتقان توپىلارغا، كىچىك ئويمانلارغا يىقىلىپ قالغان سۈلارغىمۇ قارىماي يۈگۈرەيتتى. چوشقىلار، ئۆردەك-لەر ئۇنىڭ يۈگۈرۈشىدىن چۆچۈپ تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ: «راجۇ! راجۇ!» دەپ ھاياجان بىلەن ۋارقى-رىغىنىچە كوكوسزارلىقتىن ئۆتتى. نەي ئاۋازى كۆزگە كۆ-رۈنمەس يىپ بىلەن ئۇنى تارتقاندەك ئۇ ئۇدۇل شۇ ياققا قاراپ يۈگۈرەيتتى.

ئۇ ئاخىر دېڭىز بويىغا كەلدى. ساھىلدىكى بىر قۇملۇقتا راستلا راجۇ ئولتۇراتتى، لېكىن ئۇ ئالدىنى دېڭىزغا، كەينىنى ئۇنىڭغا قىلىپ نەي چېلىۋاتاتتى. نەيدىن مىسكىنلىك، مۇڭزار چىقىپ تۇراتتى.

— راجۇ! — تارنا پۈتۈن ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى. راجۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۇنى كۆردى. تارنا ھاياجىنىنى باسالماي غۇلىچىنى كەڭ ئاچقىنىچە ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈردى. راجۇمۇ قۇمنىڭ ئۈستىدىن سەكرەپ چۈشۈپ تارنانىڭ ئالدىغا يۈگۈر-دى. ئىككىسى قۇچاقلاشتى. تارنا ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغ-لاپ كەتتى.

دېڭىز شاۋقۇنى شادىيانە ناخشىسىنى باشلىدى. تۇيۇقسىز زور بىر دولقۇن كېلىپ ئۇلارنىڭ قۇرۇق قۇمنى دەسسەپ تۇرغان پۇتلىرىنى ھۆل قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى، بۇژغۇنلار ئۇلار-نىڭ ئۈستۈبىشىغا ئۈنچىدەك چېچىلدى. دېڭىز ئۇلارغا خۇد-دى: «سالام ئاشىق - مەشۇقلار!» دەۋاتقاندەك شاۋقۇنلايتتى.

ئۇلار قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە خېلى ئۇزۇنغىچە ئولتۇردى.

دېڭىز دولقۇنلىرى تۇرۇپ - تۇرۇپ قۇم دۆۋىسىگە ئۇرۇلاتتى، ئاندىن مەستتەك كەينىگە سەنتۈرۈلۈپ - سەنتۈرۈلۈپ كېتىپ قالاتتى. كوكۇسزارلىقتىكى ياغاچتىن ياسالغان رېستوراندا غەرب مۇزىكىسى چېلىنىۋاتاتتى. سالقىن شامال تارنانىڭ چاچلىرىنى بىردەم - بىردەم ئۇچۇرۇپ راجۇنىڭ يۈزىگە چاپلاپ قوياتتى. ئۇلار قۇم دۆۋىسىنىڭ ئۈستىدە ئۇزۇنغىچە مۇڭداشتى. ئۇلارغا بۇ كېچىدە ۋاقىت دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، دېڭىزمۇ، قۇم دۆۋىسىمۇ، رېستورانمۇ، شامالمۇ، سالقىنلىقمۇ، مۇزىكىمۇ ئۇلار ئۈچۈن يېنىدا يوق نەرسە ئىدى.

شۇ تاپتا ئۇلار ئۈچۈن بۇ دۇنيادا ھېچكىم يوق، پەقەت ئىككىسىلا بار. كۆڭلىنىڭ ئولتۇرۇشى، چىقىشىمۇ پەقەت شۇ ئىككىسى ئۈچۈن، دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى، پەسىيىشىمۇ پەقەت شۇ ئىككىسى ئۈچۈن، رېستوراندىن ئاڭلىنىۋاتقان ھەربىر مۇزىكىمۇ پەقەت شۇ ئىككىسى ئۈچۈن، پۈتكۈل دۇنيا، بارلىق جاھان پەقەت شۇ ئىككىسى ئۈچۈن ئىدى. ئاھ، دۇنيا، ئەگەر سۆيگۈ - مۇھەببەت شېرىن شەربىتى بىلەن سۇغىرىپ تۇرمىغان بولسا، بۇ چاغقىچە قۇرۇپ تۈگەپ كەتكەن بولاتتىڭ - ھە، ئېھتىمال...

.

سائەت ئون ئىككىلەردە چارلىغۇچى ئەسكەر ئۇلارنى ئۇيقۇدىن ئويغىتىپ ئۆيگە كېتىشنى بۇيرۇۋىدى، راجۇ:

— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدى.

— چىرايلىق بىر قىزنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ، نېمىشقا دەپ سورايسەنغۇ مەندىن؟! بۇرادەر، بۇ يەرگە قولاق كەستىلەر كەلسە، بۇ چىرايلىق قىزنى بۇلاپ كېتىدۇ، جۇمۇ. بۇ

يەردىن تېز كېتىۋاتاتتى. مەن قارايدىغان يەر بەك چوڭ، قوتۇلدۇ-
رۇڭلار، دەپ ۋارقىرىساڭلار ئاڭلىماي قېلىشىم مۇمكىن،
شۇڭا تېز كېتىۋېلىڭلار. قالغىنىنى ئەمدى ئۆيگە بېرىپ مۇ-
ھەببەتلىشىۋالارسىلەر. . . ھا. . . ھا. . . ھا. . . ئازراقى ئە-
تىگە ئېشىپ قالسىمۇ بولىدۇ! ھا. . . ھا. . . كېتىڭلار، ئۆي-
گە كېتىۋېلىڭلار! — ئەسكەر ئۆزىنىڭ چاقچىقىدىن مەمنۇن
بولۇپ، كۈلگىنىچە كېتىپ قالدى.

راجۇ بىلەن تارنا قوم دۆۋىسىدىن تۇردى.

— لېكىن، — دېدى راجۇ ئەلەم بىلەن، — بىزنىڭ كېتىدى-
غان ئۆيىمىز نەدە؟

— شۇنچە كۈنلەردىن بېرى نەدە ياتقانىدىڭ؟

— بومباي شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قاچىلاش بېكىتى
بار، شۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى كوچىدا يېتىۋاتقان. لېكىن، ساڭا ئۇ
يەر ئەپلەشمەيدۇ.

— نېمىشقا؟

— ئۇ يەردە قىز بالىنىڭ كۆكىنى ساتىدىغانلار تىمىسقى-
لاپ يۈرىدۇ.

تارنا بىرھازاغىچە جىمىپ كېتىپ:

— بىزنىڭ يېزىلاردا جالاپ يوق، — دېدى.

— بىزنىڭ يېزىلاردىمۇ شۇنداق، — دېدى راجۇ ئاستا،

— جالاپ دېگەن شەھەردە بولىدىكەنغۇ.

— لېكىن، ئۇلار يېزىدىن كەلگەن، — دېدى تارنا ئىچىگە
تىنىپ.

ئىككىسى بىرپەس جىمىپ كېتىشتى.

— يۈر، — دېدى راجۇ، — بىر يەر چىقار. بومبايىنىڭ
پىيادىلەر كوچىسى ئاجايىپ ئىكەن، كېچىسى ئۇ يەردە خەق-

نىڭ يېرىمى ياتسا، يېرىمى سودا قىلىدىكەن ئەمەسمۇ.

— كوچىدا؟

— ھەئە.

— كېچىدە؟

— ھەئە.

— كېچىدە نېمە سودا قىلىدىكەن؟

— ئەپيۇن سودىسى، ھاراق سودىسى، دەتتىكامچىلىقمۇ بار. سولاپ بېرىمىز، دەپ ئالداپ ئەكېلىپ بۇلاپ - تالىۋالىدىغانلارمۇ بار، ئىپپىتىنى ساتىدىغانلارمۇ بار، ئادەم ئۆلتۈرىدىغانلارمۇ بار. ئىشقىلىپ، ھەممە ئىش بار! — راجۇ سۆزلەپ بولۇپ قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى، ئاندىن شىمىنىڭ تاسمىسىنى مەھكەم تارتىپ چىڭىتىۋالدى. تارنا راجۇغا تۇنجى قېتىم ھەيرانلىق نەزىرى بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ:

— ئىككى ئايدىن بۇيان سەن جىق ئۆزگىرىپ كېتىپسەن، جۇمۇ، — دېدى.

— ياق، تارنا، — دېدى راجۇ كۈلۈپ، — مەن ئۆزگەرمىدىم، كىيىمىم ئۆزگەردى. تاغلىقلارنىڭ كىيىمىنى كىيىۋالسام خەق مېنى ئىشقا سالمايدىكەن ئەمەسمۇ. بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى كۆڭلەك بىلەن شىم كىيىدىكەن، ھەتتا ئۆي خىزمەتكارلىرىمۇ شۇنداق.

— ھە، بۇمۇ بوپتۇ، — دەپ قويدى تارنا. ئىككىسى بىرپەس جىم مېڭىشقاندىن كېيىن، تارنا سورىدى، — بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟

راجۇ نېمىدۇر بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ توختاپ قالدى، ئاندىن:

— مەن شۇ. . . بومبايدا ھامماللىق قىلىۋاتىمەن، —



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دېدى.

— مۇشۇ شىمنى كىيسپ؟

— ياقەي. بۇنى كەچلەردە كىيىمەن، كۈندۈزى ئىشلىگەن-ده ئۆزۈمنىڭ كىيىمىمنى كىيىمەن. بەزەن ئاخشاملىرى دېڭىز بويىغا كەلگەندە شىم كىيىۋالىمەن.

تارنا كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز بىرنېمىنى ئەسلىدى - دە، خۇشال هالدا چاۋاك ئۇرۇپ:

— بولدى، ئاشۇ يەرگىلا بارايلى، — دېدى.

— نەگە؟

— مېنىڭ بىر قىز دوستۇم بار، ئىسمى كاسىما. مەن تۇرغان بىنادىكى بىرىنىڭ ئۆيىدە ئىشلەيتتى. ئۆزىمۇ، ئاتا - ئانىسىمۇ شۇ ئەتراپتىكى بىر كوچىدا ياتىدۇ. مەن ئۇ يەرنى بىلىمەن. كاسىما ماڭا: «سەنمۇ بىر كۈنى ماڭا ئوخشاش ئۇ ئۆيدىن قوغلاندى بولىسەن. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، مە-شەگە كەل» دېگەن. بولدى، شۇ يەرگىلا بارايلى.

— يولنى بىلەمسەن؟

— سەن مېنى كۆرابىغا ئاپىرىپ قوي. شۇ يەرگە بارساملا تاپالايمەن.

ئۇلار سۆزلەشكەچ بېكەت بار بىر كوچىغا كىرىپ قالدى. راجۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىۋېتىپ قەدىمىنى ئىتتىكلەتتى - دە، تارناغا:

— بول، ماشىنا كەلدى، تېز چىقىۋالايلى، بولمىسا پىيادە قالىمىز. بۇ ئاخىرقى ماشىنا، — دېدى. راجۇ ئۇچقانىدەك بېرىپ كېتىۋاتقان ماشىنىغا ئېسىلىپ چىقىۋالدى ۋە قولىنى سوزۇپ تارنانى تارتىپ چىقىرىۋالدى. تارنا ئۇنىڭ چاققانلىقى-غا هەيران قېلىپ:

— ئىسسىقدىمۇ؟ — دېدى، — ئاشۇ چاغدا سەن كېتىۋاتقان پويىزغا چىقالمىغانىدىڭ. ئىككى ئايدىن بۇيان جىق چاقاقان بولۇپ كېتىپسەن، راجۇ!

تارنا پەخىرلەنگەن ھالدا راجۇغا قارىدى، كۆزلىرىدىن ھاياجان ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇراتتى.

# 18

كاسىما ئۆتكى قارامتۇل، تېنى ساغلام، مىجەزى ئوچۇق - يورۇق قىز. ئۇ ئۈچ ئائىلىنىڭ قازان - قومۇچلىرىنى يۇيىدۇ. ئاپىسى بولسا ئىككى ئائىلىگە خىزمەتكارلىق قىلىدۇ، دادىسى راگىسمان ساقچىلاردىن ئوغرىلىقچە خەقلەرگە ھاراق توشۇپ بېرىدىغان ئىشلارنى قىلىدۇ. ئاق ھاراق دەمدۇ، مېۋە ھارىقىمۇ ياكى ۋىسكىمۇ، ئىشقىلىپ خەققە قايسىسى لازىم بولسا، شۇنى توشۇيدۇ.

راگىسماننىڭ ئوغلى بابۇراتۇ كاسىمادىن كىچىك، يەنى ئون ئىككى - ئون ئۈچ ياشلاردا بار. ئۇ ئانچە - مۇنچە يانچۇق كولايدىغان ئىشلارنى قىلىدۇ، يەنە دېگىز ساھىلىدىكى كىنوخانىنىڭ ئالدىدا كىنودىن چىققان بايۋەچچىلەرگە تاكسى توسۇپ بېرىپ پۇل تاپىدۇ. بابۇراتۇدىن كىچىك ئوغۇل بارپاگېرغا كەلسەك، ئۇ ئەمدىلا ئالتە ياش، شۇڭا ئۇنىڭغا بىرەر ئىشنى يۈكلىگىلى بولمايدۇ.

كاسىما ئون ئىككىنچى كوچىنىڭ پىيادىلەر يولىدا ئولتۇرىدۇ. بۇ كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئېگىز - ئېگىز بىنالار، جۈملىدىن بىر ساتىراشخانا، بىر ئاشلىق دۇكىنى ھەم بىر

سەيخانا بار. كاسىما ۋە ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەر ئون ئىككىنچى كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى كۆكتات دۇكىنىنىڭ ئۇدۇلىدا ياتىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى ئىستولبا مۇشۇ يەردە. بۇ يەردە شەھەر مەمۇرىيىتى تەرىپىدىن بېكىتىلگەن سۇ جۈمىكىمۇ بار. جۈمەك بار يەردىن تارتىپ ئون ئۈچىنچى كوچا باشلىنىدۇ. بۇ يەردە ئامموۋى تېلېفون، پوچتا ساندۇقىمۇ بار. بۇ نەرسىلەر شۇنچىلىك يېقىنكى، كاسىما يەردە يېتىپمۇ كۆرەلەيدۇ.

— بىز تۇرۇۋاتقان جاينىڭ ئورنى بەك ياخشى، — دەيتتى كاسىما تارناغا چاقچاق قىلىپ، — پوچتىخانا، تېلېفون، ئاشلىق پونكىتى، كۆكتات دۇكىنى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى يېنىمىزدا. لازىم بولسا، قولىمىزنى سۇنساقلا بولىدۇ.

كاسىما ئۆزىنىڭ يېنىدىن — ئىستولبىنىڭ تۈۋىدىنلا تارناغا جاي چىقىرىپ بەردى. راجۇمۇ بىر كۆكتاتچىنىڭ قېشىدىن جاي تاپتى. راجۇنىڭ قېشىدا كاسىمانىڭ دادىسى، ئالدىدا كاسىمانىڭ ئانىسى، ئۇنىڭ ئالدىدا بابۇرائۇ، ئۇنىڭمۇ ئالدىدا بارپاگېر ياتاتتى. كاسىما بىلەن تارنا بىر چەتتە ياتاتتى.

پىيادىلەر يولىغا كىچىك چاسا چاقچۇقلار ياتقۇزۇلغانىدى. بۇ ئەسلى كىشىلەرنىڭ ماڭغاندا تېيىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ياتقۇزۇلغان، لېكىن كېچىسى ئۇنىڭ ئۈستىدە ياتسا، ئادەمنىڭ بەدىنىگە پېتىپ جېنىنى قاقشىتىۋېتەتتى. لېكىن، بۇنى ئىنژېنېرلاردىن كۆرگۈلۈكمۇ؟ ئۇلار ئەسلى بۇ يولنى ئادەملەرنىڭ يېتىشى ئۈچۈن ئەمەس، مېڭىشى ئۈچۈن پىلانلىغان - دە!

«ئىككى قاسناقتىكى ئېگىز ئىمارەتلەر ئىچىدىكى ھايات بىلەن بۇ پىيادىلەر يولىدىكى ھايات نەقەدەر زور پەرقلىق - ھە!

— دەپ ئويلىدى راجۇ، — شۈكۈر، بۇ پىيادىلەر يولىنىمۇ بەك

ئەسكى دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. ھەرھالدا بۇ سىماي شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھېلىقى كوچىدىن كۆپ ياخشىكەن. ئۇ يەر ماي قاچىلاش پونكىتىنىڭ ئالدىدىكى جالاپ بازىرىغا بەك يېقىن ئىدى، ئۇ يەر - بۇ يەرلەردە بانان شۆپۆكلىرى، كۆيۈك نانىنىڭ پارچىلىرى بار؛ لالما ئىتلار پىتىراپ يۈرگەن، تېخى كىشىلەرنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇپ يېرىم كېچىلەردە قاۋاپ، تۇتۇشۇپ كېتىشلىرىچۇ! سولامچىلار كېچىلىرى قاراڭغۇ كوچىلاردىن قىزلارنى تۇتۇپ ئاچىقىپ، رىكشىدىكى مەستلەرنىڭ قۇچاقلىرىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇۋاتقان. مەستلەرنىڭ سەت كۈلۈشلىرى، قىزلارنىڭ چىرقىراشلىرى، سولامچىلارنىڭ تىللاشلىرى... ئۇ يەرگە قارىغاندا بۇ يەر پاكىز ھەم تىنچ ئىكەن»

ئەنە، ئاۋۇ بۇلۇڭدا ئايلىق ئالغان بىرنەچچىسى قارتا ئويناۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كۆك قالپاقلىق ئۇستەل چىرىغىنىڭ يورۇقى بىر ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن چۈشۈۋاتىدۇ. كاسسىمانىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇستا قارتىچىلاردەك قارايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ قانداق قىلغاندا ئۇتىدىغانلىقىنى ھېسابلايدۇ. ھەرھالدا بۇنى خېلى مەدەنىي كۈلۈبلاردىكىدەك كەيپىيات، دېيىشكە بولىدۇ.

قاراڭغۇ بۇلۇڭدىكى بالكوننىڭ ئاستىدا سەككىزىنچى نومۇرلۇق بىنانىڭ لىفت باشقۇرغۇچىسى، بانكا خىزمەتچىسىنىڭ ئۆيىدىكى بالا باققۇچى قىز بىلەن بىرنېمىلەرنى كۇسۇرلاشماقتا. ئۇ بالا باققۇچى قىزغا بىر قەغەز بولاقنى تەڭلىۋىدى، قىز ئۇنى دەرھال يانچۇقىغا سېلىۋالدى. ئۇ قىزنى يەلكىسىدىن تۇتۇپ قاراڭغۇراق يەرگە ئىتتەردى. قىز كەينىگە سىلجىغاچ كۈلۈپ، سەل قارشىلىق بىلدۈرۈپ قويۇۋاتتى.

ئاشلىق دۇكىنىنىڭ خوجايىنى دۇكىنىنىڭ ئالدىغا ياتىد-
غان ئورۇن راسلىدى. ئۇ ئۇخلاشتىن بۇرۇن «رامايانا» دىن
تۆت- بەش بەتنى ئوقۇپ، ئاندىن ھېسابات قىلاتتى. ئۇنى
قىلىپ بولۇپ دەپتەرنى يېنىغا قويۇپ ئۇخلايتتى. «رامايانا»
بىلەن ھېسابات دەپتىرى ئۇنىڭ يېنىدىن مەڭگۈ ئايرىلمايتتى.
ئالدىنقىسى بىر دۇنياغا، كېيىنكىسى يەنە بىر دۇنياغا تەئەللۇق
نەرسە ئىدى.

يەتتىنچى بىنانىڭ ئۈچىنچى ئىشىكىگە يېڭى توي قىلغان
بىر جۈپ ئەنگلىيىلىك ياش كۆچۈپ كەلگەنىدى. ئۇلار ھەر
شەنبە باندىرا كۇلۇبىغا بېرىپ تانسا ئوينايتتى.
ھەر چارشەنبە، جۈمە كۈنلىرى كاستۇم - بۇرۇلكا كىي-
گەن بىر خىرىستىئان تىلەمچى بۇ بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىس-
كىرىپكا چالاتتى. بىنادىكى ياش ئەر - خوتۇن ئىككىسى بال-
كونغا چىقىپ تانسا ئوينايتتى. بالكون ئالدىدىكى ھۇجرىنىڭ
ئىككى دېرىزىسى ئۇلۇغ ئوچۇق بولغاچقا، بۇ كۆرۈنۈش كى-
شىگە تىياتىرخانىنى ئەسلىتەتتى.

ئون ئىككىنچى كوچىنىڭ يەنە بىر بېشىدا، راكىيا دورىخا-
نا كارىدورىنىڭ تۈۋرۈكىگە يۆلەنگىنىچە ھەممە نەرسىگە كۆز
سېلىپ تۇرماقتا ئىدى.

راكىيا «پادىشاھ»، «پادىشاھ» بولغاندىمۇ «مۇستە-
بىت پادىشاھ»، مۇشۇنداق دېموكراتىك زاماندىمۇ خۇددا ئۇ-
نىڭغا ئاشۇنداق شاھانە خاراكتېر بەرگەن تۇرسا، بۇنىڭدا

ئۇنى ئەيىبلىگىلى بولامدۇ؟! راكىيا تۇغۇلۇشىدىنلا ھۆكۈمران ئىدى، ئۆزىگە قىلىنغان ھەرقانداق قارشىلىققا چىداپ تۇرالمايتتى. ئۇ يېزىدىكى چېغىدىلا بىر باجگىرنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. سەۋەبى ئاددىيلا، باجگىر ئۇنىڭ يېرىنى ئۆزىنىڭ ئۆلچىگۈچى بىلەن ئۆلچىگەنىدى.

ئۇ يېزىدىن كاپىتۇرغا قېچىپ كېلىپ ئىش بېشى بولدى. ئۇنىڭ ئىشچىلارنىڭ ئىش تاشلىشىنى بېسىقتۇرۇش ۋەزىپىسىمۇ بار ئىدى، كېيىن خەقلەرنىڭ ئۇنىڭغا دىققىتى چۈشتى. ئۇ بومبايغا كېلىۋالدى.

بۈگۈنكى كۈندە ئۇ «پادىشاھ»، ئۇنىنچى، ئون بىرىنچى، ئون ئىككىنچى ۋە ئون ئۈچىنچى كوچىلاردىكى پىيادەلەر يوللىرى ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا. ئۇنىڭ زېمىنىنىڭ قارشىسىدا باشقا بىر «دۆلەت»، باشقا بىر «پادىشاھ» تۇرىدۇ. ئۇ ئۇلار بىلەن بەزىدە ئىناق ئۆتىدۇ، بەزىدە تۇتۇشۇپمۇ قالىدۇ. ئۇلار بەزىدە تىنچلىق ئەھدىلىرى تۈزۈشىدۇ، بەزىدە بىر-بىرىگە پىچاق - توقماق كۆتۈرۈشىدۇ. لېكىن، پۇقرالىرى ئىسيان كۆتۈرسۇنچۇ، بۇ پادىشاھلار ئۇ - بۇ دېمەي دەرھال بىرلىشىدۇ. بۇنى ئۇلارغا شەك - شۈبھىسىز دېموكراتىيە ئۆگەتكەن.

راكىيا پاكار، دوقا ماڭلاي، تاقىر باش، گازىر كۆز، سۇپۇرگە قاش ئادەم. ئاچچىقى كەلگەندە بۇقىدەك بويۇنلىرى كۆپچۈپ تېخىمۇ تومپىيىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ زېمىنىدا پىچاقۋازلىققا كەلگەندە ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدۇ، چېلىشىشتىمۇ ھېچكىم ئۇنى باسالمايدۇ. يۈگۈرۈشتە، ئېگىزگە سەكرەشتىمۇ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلىدىغانلار يوق.

راكىيا ئادىللىق ۋە لىللالىقنىڭ نامايەندىسى. ئۇنىڭ ئى-

گىدارچىلىقىدىكى كوچىلاردا ئۇخلاۋاتقانلارنىڭ نەرسىسىنى
ھېچكىم ئوغرىلىيالمايدۇ. ھېچكىممۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا
سوقۇنۇپ كىرەلمەيدۇ. كىمنىڭ نەدە ياتىدىغانلىقىمۇ مۇقىم،
بىرىنىڭكىنى يەنە بىرى ئىگىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. بۇ مۇلازى-
مەتلىرىنىڭ ھېسابىغا ئۇ ھەربىر پۇقراسىدىن بىر كېچىگە بىر
پايسادىن، پەقەت بىر پايسادىنلا پۇل ئالىدۇ. بۇنىڭدىن ئوشۇق
ئېلىشقىمۇ رايى يوق. پۇل پاخاللىقىنىمۇ، مالىيە قىزىل رەقە-
مىنىمۇ خالىمايدۇ.

تۆت كوچىدا پىيادىلەر يولىدىن سەككىزى بار، بۇ يوللاردا
ياتىدىغان ئادەم تۆت يۈز سەكسەن بەش. راكىيانىڭ ستاتىستى-
كا ئىدارىسى ھېساباتقا ناھايىتى پىششىق. ھېچكىم باج ئوغ-
رىلىيالمايدۇ، ئوغرىلايمەن دەپ خىيال قىلىشىمۇ مۇمكىن ئە-
مەس. ئۇلار بىر پايسا تاپشۇرىدۇ، ئۇنىڭ ھېسابىغا بىر كېچە-
لىك ئارامخۇدا ئۇيقۇ ئالىدۇ، لۈكچەكلەرنىڭ پاراكەندىچىلى-
كىگە ئۇچرىمايدۇ، كۈندۈزى نەرسە - كېرەكلىرى مۇھاپى-
زەت قىلىنىدۇ.

دەسلەپتە ئۇنىڭغا قارشى چىققانلارمۇ بولغان. لېكىن،
دەسلەپتە ھەرقانداق پادىشاھ قارشىلىققا ئۇچرايدىغۇ. بىر ھې-
سابتا ئۇنى قارشىلىق دېگىلىمۇ بولمايدۇ. ئۇ پۇقرالارنىڭ
ئۆزىنى «پادىشاھ» دەۋالغان كىشىنىڭ ئۆزلىرىگە ھۆكۈمرانى-
لىق قىلىش ئىقتىدارى بارمۇ، يوق، شۇنى سىناپ باققىنى.
شۇڭا، پىيادىلەر يولىدا ئۇخلايدىغانلار، ئالايلۇق، ھۆپىگەر-
لەر، كۆكتاتچىلار، سۈتچىلەر، ھالۋىچىلار دېگەندەكلەرنىڭ
ھەممىسى ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ باققان. لېكىن، ئاقىۋىتى
نېمە بولدى؟ بۇلۇڭ - پۇچقاقلارغا قويۇلغان نەرسىلەر يوقال-

ـدى، ئاشلىق دۆكىنىنىڭ قۇلۇبى بىر ھەپتىدە تۆت قېتىم چې-
قىلدى. بىر كۈنى ئەتىگەندە، كۆكتاتچى ئورنىدىن قوپۇپ
دۆكىنىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئىشىكىنىڭ ھاڭغىرقاي ئوچۇق-
لۇقىنى، پىدىگەن، كاۋا دېگەندەك كۆكتاتلارنىڭ كوچىغا بىر
كەلگەنلىكىنى كۆردى. بىر كۈنى، سىرتتىن كەلگەن لۈك-
چەكلەر ھالۋىچىنىڭ ھارۋىسىنى ئۆرۈشتى، بىر لۈكچەك
لىفتچىنىڭ بالا باقىدىغان ئاشنىسىنى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق ھاقا-
رەتلىدى. شۇنىڭ بىلەن پۇقرالار ۋاك، دېدى، راكىياغا ياۋاش-
لىق بىلەن باج تاپشۇرىدىغان، ھەربىر كېچىگە بىر پايسادىن
پۇل بېرىدىغان بولدى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە ھەر ئېيىغا ھۆپى-
گەر ئون رۇپىيە، كۆكتاتچى بەش رۇپىيە، دورىگەر يىگىرمە
رۇپىيە، يەنە ھېلىقى ئۇزۇنتۇرا ھالۋىچى ھالۋىدىن باشقا، يەنە
ھەر كۈنىگە بىر رۇپىيە تاپشۇراتتى.

راكىيانىڭ بۇ تۆت كوچىدا قىمارۋازلار ئۇچۇن ئاچقان
يەتتە تاۋكاسى، ھەربىر تاۋكادا بىر ئادىمى بار ئىدى. بۇ ئادەم-
لەر راكىيانىڭ قىمارىغا ھە ـ ھۇ دېيىشىپ بېرىپلا قالماستىن،
يەنە قىمار ئۇيۇشتۇرۇشقا ۋە ساقچىلارغا كۆز ـ قۇلاق بولۇشقا
مەسئۇل ئىدى.

ئەلۋەتتە، راكىيانىڭ ھەققىنى يەۋالىدىغانلارمۇ يوق ئە-
مەس. راكىيا تۆت كوچىدىكى بەزى ئايالارنىڭ يۈزى تۆۋەن
كۆرۈنگىنى بىلەن، يوشۇرۇن بەزى ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەنلى-
كىنى بىلەتتى. بۇنىڭدىمۇ ئۇنىڭ ھەققى بار، ئەلۋەتتە.

ھاراق چەكلەنگەندىن بۇيان راكىيا بارلىق ھاراقنى كونت-
رول قىلىۋالدى. ئۇنىڭ بۇيرۇقىسىز ئۇنىڭ زېمىنىغا بىر بو-
تۇلكىمۇ ھاراق كىرگۈزۈلمەيتتى. ئۇ مۇشۇ زېمىنىنىڭ پادىشا-
ھى، ھالبۇكى بۇ پادىشاھنىڭ بىرلا ئاجىزلىقى خوتۇنباز ئىدى.



www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ پادىشاھلىقىدا بىرلا سارالىڭ بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ تېـ
رىمراج.

تېرىمراجنى پۈتۈنلەي سارالىڭ دېگىلىمۇ بولمايدۇ، بەزىدە شۇ ئالىجۇقا سۆزلەپ قويىدىغان يېرى بار. بەزىدە ئۇ تۇزۇكلا بولۇپ قالىدۇ. پوچتىخانىنىڭ سىرتىدا ئولتۇرۇپ ساۋاتسىز ئادەملەرگە خەت يېزىپ بېرىدۇ، گەپ ـ سۆز قىلماي، پەقەت ئۆز ئىشى بىلەنلا بولىدۇ.

لېكىن، ھەر قېتىم ئۇنىڭ ھېلىقى غەلىتە نېرۋا كېسىلى قوزغالغاندا، ئۆزىمۇ بىلمەي سارالىڭلاردەك بىر ئىشلارنى قىلىـ
دۇ، سارالىڭلارچە سۆزلەيدۇ، ئۆز ـ ئۆزىگە گەپ قىلىدۇ، كۈلىدۇ، يىغلايدۇ. بەزىدە جۇلدۇر كېپەن كىيىۋالىدۇ، بەزىدە ئېسىل كىيىم كىيىپ قېتىۋالىدۇ.

ئۇنىڭ ھايات پەلسەپىسى ھەر كۈنى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بىر كۈنى كۆڭلەك ـ تامبال كىيىۋېلىپ، سىمتاناپ تۇۋرۇكىگە يۆلەنگىنىچە:

— بۈگۈن مەن ھىندى دىنى مۇخلىسى بولدۇم، ئويلايدىـ
غىنىمىمۇ، سۆزلەيدىغىنىمىمۇ ئەمدى مۇشۇ دىن ئۇچۇن بولىـ
دۇ، — دەيدۇ. يەنە بەزى كۈنى يەكتەك بىلەن تەلپەك كىيىۋېـ
لىپ، — بۈگۈن مۇسۇلمان بولدۇم. ئەمدى مۇسۇلمانغا خاس پىكىر قىلىمەن، — دەيدۇ.

ئۇ يەنە بەزى كۈنى خرىستىئان، بەزى كۈنى يەھۇدىي دىنى مۇخلىسى بولۇۋالىدۇ. بەزى كۈنى ئۆزىنى جۇڭگولۇق دېسە، بەزى كۈنى نېگىر، بەزىدە ئۆزىنى دۇكاندار دېسە، بەزىدە ئۆي ئىگىسى، بەزىدە هاراق ساتقۇچى، بەزىدە ئىشچى دەۋالىدۇ. بەزىدە بىر كۈنىنىڭ ئىچىدىلا نەچچە خىل ئادەم بولۇۋېلىپ

www.uyghurkitap.com

ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەپ يۈرىدۇ.

بىراق، ئۇ مۇشۇ كۈنگىچە ھېچكىمگە ئاۋارىچىلىك تې-پىپ بەرگەن ئەمەس. ئۇ خەتەرلىك ساراڭلاردىن بولماستىن، بەلكى ناھايىتى ئەقىللىق ساراڭلاردىن ئىدى. ئۇنىڭ ئالاھىدە بىر يېرى — پادىشاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىتىراپ قىلمايتتى. راكىياغا ھەر كېچىگە تاپشۇرىدىغان بىر پايىسىنىمۇ تاپشۇرمايتتى، مۇقىم بىر جايدىمۇ ئۇخلىمايتتى، قاچان ئۇخلىغۇسى كەلسە شۇ چاغدا، قەيەردە ئۇخلىغۇسى كەلسە شۇ يەردە ئۇخ-لايتتى.

راكىيا ئۇنى ئىككى قېتىم ئۇرغاندا، ئۇ غىڭ قىلماي جىم تۇرۇپ بەردى. شۇنداقتىمۇ راكىياغا بىرەر پايىسا تاپشۇرۇپ باققىنى، ئۇنىڭ بىرەر بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىپ باققىنى يوق. بۇنىڭغا نېمە ئامال؟ راكىيا ئۇنى ساراڭ، دېدى - دە، بولدى قىلىۋەتتى.

تارىخنىڭ بىزگە بېرىدىغان تەلىمى شۇكى، قەيەردە پادى-شاھ بولىدىكەن، شۇ يەردە پادىشاھنىڭ پەرمانىغا بويسۇنمايدى-غان بىر ساراڭ بولىدۇ. بۇ يېڭىياچە ئىش ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمكى تارىخى.

## 19

تاڭ تېخى يورۇمايلا كاسىما تارنانى ئويغىتىپ دېدى:

— يۈر، چاپسان بېرىپ يۇيۇنۇۋالايلى. ھېلىلا تاڭ يورۇپ

كېتىدۇ.

بۇ چاغدا ئەتراپ قاراڭغۇ بولۇپ، ئېگىز بىنالار قېنىق كۆل رەڭ تۇمان ئىچىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. پەقەت ئۇستىدىلا سۇس بېلىق باغرى يورۇقلۇق پەيدا بولۇۋاتاتتى. تارنا كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ:

— ۋاي ئانام، تېخى قاراڭغۇ تۇرسا، — دېدى. كاسىما تارنانىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— هازىر ياخشى ۋاقىت. چوڭ خوتۇنلار قاچان يۇيۇنسا بولىۋېرىدۇ، بىز گە مۇشۇ ۋاقىت ئەڭ قۇلايلىق. قوپ، چاپسان بول!

تارنا كۆزلىرىنى چىمچىقلاتقىنىچە كاسىمانىڭ كەينىدىن ئاستا ماڭدى. كاسىما ئۇنى كوچىدىكى سۇ جۈمىكىنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ، سۇنى قانداق ئېچىشنى ۋە قانداق يۇيۇنۇشنى ئۆگەتتى.

تارنا كاسىمانىڭ كونىراپ كەتكەن پاسكىنا سارىسىنى تۇتۇپ بىر چەتتە تۇردى. كاسىما ئۇنىڭغا كەينىنى قىلىپ يۇيۇندى ۋە يۇيۇنۇپ بولۇپ تارنانىڭ كىيىملىرىنى تۇتۇپ تۇردى.

ئۇلار يۇيۇنۇپ قايتىپ كېلىۋاتقاندا، يولدا ئۇلارغا بىرمۇنچە ئاياللار ئۇچرىدى. كوچىدىكى ئاياللار ئۆيدە ئىشلەيدىغان ئاياللاردىنمۇ بالدۇر تۇراتتى.

زوررور ئەسلىھە سۇپىتىدە هەربىر بىنانىڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە ياللانما خادىملارنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن هاجەتخانا ياسالغان، لېكىن بۇنىڭغا بىنالاردا ئىشلەيدىغان خىزمەتچىلەرلا كىرەلەيتتى. شۇڭا، بەزىلەر كوزابى ۋە كىدالاردىكى هاجەتخانىلارغا، كۆپى دەريا بويىغا باراتتى.

بومبايلىقلار دېڭىزنى دەريا دەيتتى. شۇنىڭغا قارىغاندا،

دەريانى ئۆستەڭ، ئۆستەڭنى ئېرىق، دېيىشى مۇمكىن. ئەمدى رەسمىي ئېرىقنى نېمە دەر؟ بەلكىم ئۇنى ئېرىقتىنمۇ كىچىك-رەك بىرنېمە دېيىشكە مەجبۇر بولار!

ئون بىرىنچى كوچا بىلەن ئون ئىككىنچى كوچىنىڭ كې-سىشكەن دوقمۇشىدا بىر ئاق ساقال بوۋاي چاي چۆگۈننى تۇتۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ قىرىق يىلدىن بۇيان مۇشۇ دوقمۇشتا چايچىلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ قېشىدىكىسى نەۋرىسى بولۇپ، جىق بولسا ئون ياشلاردا بار ئىدى. بوۋاينىڭ ئوغلى بىرنەچچە يىل بۇرۇن كۆرابىدىكى لوكچەكلەر بىلەن بولغان جېدەلدە ئۆلۈپ كەتكەن، شۇندىن بۇيان بوۋاي نەۋرىسىنى ئۆزىگە يار-دەمچى قىلىۋالغانىدى. نەۋرە بالا تارنا بىلەن كاسىمانىڭ كېلە-ۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چىنىلەرنى جاراڭشىتىپ كەتتى. بوۋاي كاسىماغا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ماڭا دەسلەپكى سودىنى دائىم سىزلا قىلىپ بېرى-سىز، — دېدى.

— چۈنكى، مەن ھەممىدىن بالدۇر قوپىمەن - دە، بوۋا، — دېدى كاسىما پەخىرلەنگەن ھالدا.

— سەھەر تۇرغان كىشىنىڭ ئىشى بەرىكەتلىك بولى-دۇ، — دېدى بوۋاي چىنىدىكى چاينى ھۆرمەت بىلەن ئۇنىڭغا تەڭلەپ تۇرۇپ، — يېنىڭىزدىكى كىم بولىدۇ؟

— دوستۇم تارنا. بۈگۈندىن باشلاپ ئۇمۇ مەن بىلەن بىللە چاي ئىچىشكە كېلىدۇ.

— بولكا يەمسىلەر، راسىكمۇ؟

— راسىك يەيلى!

بالا ئۇ ئىككىسىگە راسىك ئېلىپ بەردى. چايدىن ئىس-

سىق ھور چىقىپ تۇراتتى، چىنىمۇ قولغا قىزىق بىلىنەتتى. تەملىك راسىك چايغا چىلانغاندا تېخىمۇ يېيىشلىك بولۇپ كەتتى.

چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن كاسىما بوۋايغا پۇلنى تۆلىۋەتتى. كاسىما كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز توختاپ قالدى. ئۇ راكىيانى كۆرۈپ قالغانىدى. ئۇ ئىككىسى يەنە مېڭىشىغا راكىيا بىنانىڭ قاراڭغۇ يېرىدىن چىقىپ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستى. كاسىما ئۇنى كۆرۈپلا قورقىنىدىن لاغىلداپ تىترەپ كەتتى. راكىيانىڭ كۆزى تارنادا ئىدى. لېكىن، ئۇ تارناغىمۇ، كاسىماغىمۇ گەپ قىلمىدى.

— سەن مېڭىپ تۇر، — دېدى كاسىما ئېغىر - ئېغىر تىنغان ھالدا، — ھېلى كەينىڭدىن بارىمەن.

كاسىما شۇنداق دەپلا راكىيانىڭ كەينىدىن مېڭىپ، يوغان ئوچۇق تۇرغان بىر قارا دەرۋازىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

تارنا خىيال بىلەن مېڭىپ ئىستولبىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. چاچلىرىنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن يېيىپ سىلكىۋىدى، چاچتىن چۈشكەن سۇ تامچىلىرى تاتلىق ئۇخلاۋاتقان راجۇنىڭ يۈزىگە چاچراپ ئۇنى چۆچۈتىۋەتتى. راجۇ ئۈندەرەپ تۇرۇپ:

— يامغۇر، ۋاي يامغۇر! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى. تارنا مېھىرلىك كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ:

— ھەئە، يامغۇر، مانا يامغۇر! — دېگىنىچە، چاچلىرىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ بولۇشىچە سىلكىۋىدى، راجۇنىڭ يۈز - كۆزلىرى سۇ بولۇپ كەتتى.

— ۋاھ، نېمىدېگەن پۇراقلىق يامغۇر بۇ! ئەتىگەندە مۇنداق يامغۇردا ئويغانسا، ئەجەب پەيزى بولىدىكەنغۇ!

— تۇرە ھۇرۇن، ئىشقا بارمامسەن؟

www.uyghurkitap.com

— نەگە؟ — بۇ گەپ راجۇنىڭ ئاغزىدىن تۇيۇقسىز چىقىپ كەتتى.

— ئۇنى نەدىن بىلىمەن؟ — دېدى تارنا ۋارقىراپ، — ئۆزۈڭ بومباي شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھامماللىق قىلىۋاتىمەن، دەۋاتاتتىڭغۇ؟

— شۇنداق ئىش بار ئىدى ـ ھە، راست. ھېلىمۇ ئېسىمگە سېلىپ قويغىنىڭ، بولمىسا سېنى كۆرۈپلا بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كېتىپتىكەنمەن.

راجۇ كىيىملىرىنى قېقىۋېتىپ ئورنىدىن تۇردى. كاسسىمانىڭ دادىسى راگىسمانمۇ ئويغىنىپ تازا بىر ئەسنەپ كېرىلدى. راجۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىۋىدى، راگىسمان:

— ماقۇل، يۇر، مەن سېنى باشلاپ باراي، — دەپ ئۇنى ئەكەتتى.

بىنادىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ چىرىغى قاپقاراڭغۇ، لېكىن پىيادىلەر يولىدىكى كىشىلەر كۈندىلىك جاھاندارچىلىقىنى باشلىۋەتكەنىدى.

سارالىڭ تېرىمراج نەلەردىندۇر سامان، ئەسكى قەغەزلەرنى تېرىپ كېلىپ بىنانىڭ سېمونت سالاسۇنىنىڭ قېشىدا ئوت ياقتى. تارنا ئوتنىڭ يورۇقىدا ئۇنىڭ غەلىتە چىرايىنى كۆردى. تېرىمراج ئەسكى كەپكە كىيىۋالغانىدى. كۆڭلەكلىرى يىرتىق بولسىمۇ، لېكىن ياقىسىغا قارا شاخ قىستۇرۇۋالغانىدى. ھەر قېتىم گەپ قىلسا ئۇ شاخ چۇشۇپ كېتەتتى، ئۇمۇ ئېرىنمەي ئېلىپ تاقىۋالاتتى. بۇ شاخ ئۇنىڭ غۇرۇرىغا ئوخشايتتى، يەرگە ئۆرۈلۈپ تۇراتتى، ئۇ ئۆرە قىلىپ تۇراتتى.

— تېرىمراج! — ئىشىك ئالدىدا ياتقان لىفتچى ئوت

يورۇقىنى كـۆرۈپ كـارىۋتتىدىن چـاچراپ قوپۇپ ۋارقىرىدى، — تېرىمراج! يولغا ئوت يېقىشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟!

— بۇگۈن سوغۇق تۇرسا!

— سوغۇق بولسىمۇ ئوت يېقىشقا بولمايدۇ! — لىفتچى غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى، — ئاڭلىدىڭمۇ!؟

— شۇ تاپتا سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلامدىم، سوغۇقنىڭكىنىمۇ؟ — دېدى تېرىمراج تىترەپ تۇرۇپ، — بۇ يەرگە بۇگۈن تاغنىڭ جۇتى كېلىپ قالدىغۇ دەيمەن.

— ۋۇ، ساراڭ! — دەپ يەنە ئەلپازىنى بۇزۇپ ۋارقىرىدى لىفتچى، — بۇ يەرگە نەدىكى تاغنىڭ جۇتى كېلىدۇ؟ ئوتنى تېز ئۆچۈر دەيمەن!

— بىـز ئـۇچۇن مـۇشۇ بـىنانىڭ ئۆزى بىر تاغ ئەمەسما؟! مۇشۇ چاغقىچە يۇرىكىڭنى بېسىپ تۇرغان مۇشۇ تاغنى ھېس قىلالمىدىڭمۇ، ھەي!؟ ئوتنى ئۆچۈرۈۋەتسەم بولمايدۇ، ئۇنى تېخىمۇ ئۇلغايتىشىم كېرەك!

— يەنە ساراڭلىقى تۇتتى بۇنىڭ! — دەپ غوتۇلدى لىفتچى كارىۋتىنى كۆتۈرۈپ ئىشىكنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىۋېتىپ، — بۇ يېرىم كېچىدە ئۇ ساراڭ بىلەن گەپ تالىشىپ نېمە قىلاي!

## 20

تارنا چاچلىرىنى تارىغاچ تاغ ناخشىسىغا غىڭشىيتتى، غىڭشىۋېتىپ ئۇنى سەل ئۇيقۇ باستى. تۇيۇقسىز ئۇنى بىرى

www.uyghurkitap.com

تۇرتكەندەك قىلدى، ئۇ كۆزىنى ئېچىپ يېنىدا كاسىمانىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ چىرايى سولغۇن، لەۋلىرى تىترەپ، كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

— تۇر، ئۇ سېنى چاقىرىۋاتىدۇ.

— كىم؟

— راكىيا، بايام مەن بىلەن بىللە كەتكەن ھېلىقى ئادەم.

— ئۇ چاقىرسىلا بارىدىغان گەپما؟

— بارمىساڭ بولمايدۇ!

— نېمىشقا؟

— ئۇ پادىشاھ.

— پادىشاھ؟

— ھەئە. ئۇ كوچىدا ياتىدىغانلارنىڭ پادىشاھى. ئۇنىڭ ساڭا كۆزى چۈشۈپتۇ.

— كۆزى چۈشسە قانداق قىلاي؟

— بېرىشىڭ كېرەك. مەن بېرىپ كەلدىم مانا، — كاسىما تارنانىڭ قولىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ ئىستولبىغا يۆلەندى، — قىز بالا ھامان قىزلىقىدىن ئايرىلىدۇ، ئېرىنىڭ قوينىدا بولمىسا، لۈكچەكلەرنىڭ قولىدا. يا ئۇ بىرىگە تېلىنىپ ئىشلەۋاتقاندا تۇگىشىدۇ، يا ساختا مۇھەببەتكە گول بولۇپ تۈگىشىدۇ.

— سەنمۇ... كاسىما، سەنمۇ...؟ — تارنا چۆچۈپ تىترەپ كەتتى.

— پادىشاھنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇپ، بۇ يەردە تۇرغىلى بولمايدۇ.

— ئۇنداقتا، باشقا يەرگە كەتكۈلۈك!

— ئۇ يەردىمۇ پادىشاھ بار، نەگە بارساڭ شۇ يەردە بار.

ئۇ يەرنىڭ پادىشاھى راكىيا ئەمەس، باشقا بىرى، لېكىن چوقۇم بار. مەن باشقا كوچىلارغىمۇ دوقۇرۇپ باققان، ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا پادىشاھى بار، ئۇلاردىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ.

— توي قىلىشۇالساڭ بولمامدۇ؟

— توي قىلىپ نېمە نىجاتلىق تاپقىلى بولىدۇ؟ يەنە بەربىر يولدا ياتىدىغان گەپ. بومبايدا ئۆي سېتىۋېلىشقا مىڭ رۇپىيە، ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇشقا يىگىرمە تۆت رۇپىيە كېتىدۇ. يىگىرمە تۆت رۇپىيە تېپىش ئۈچۈن ئىككى ئائىلىگە ئىشلىشىم كېرەك. ئېيىتىمنى ساقلاش ئۈچۈن ئۇنداق جىق پۇلنى نەدىن تاپالايمەن؟ . . . ئۇنداق جىق غەمنى قويۇپ، مۇشۇ كوچىدا ياتقىنىم تۈزۈك، كۆڭنگە راكىياغا بىر پايسا باج تۆلەپ. . . يەنە. . . يەنە باشقا مۇشۇنداق باجلارمۇ بار!

كاسىما بېشىنى ئىككى تىزىنىڭ ئارىسىغا تىقىپ يىغلاپ كەتتى.

— مەن بارمايمەن! — دېدى تارنا.

— سەن بارما، راكىيانىڭ ئالدىغا مانا ئۆزۈم بارىمەن!

بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ تارنا چۆچۈپ كەينىگە قارىدى. راجۇ راگىسمان بىلەن بىللە قايتىپ كەلگەنىدى. راجۇ يېنىدىن پىچىقىنى چىقاردى. كاسىما تارناغا ۋارقىرىدى:

— ئۇنى توسۇۋال، راكىيا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئۇ شۇ تاپتا سېنى دورىخانىنىڭ ئالدىدا ساقلاپ قالغان!

راگىسمانمۇ ئۇنى توسىدى، لېكىن راجۇ ئۇنىمۇ ئىتتىرىۋېتىپ راكىيانىڭ ئالدىغا كەتتى.

دورىخانىنىڭ ئالدىدا تۇرغان راكىيا راجۇنىڭ پىچاق كۆتۈ-

www.uyghurkitap.com

رۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دەرھال پىچىقىنى چىقاردى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بارلىق پەي - مۇسكۇللىرى چىڭىپ كەتكەنىدى. ئۆزۈندىن بۇيان ئۇنىڭ بىلەن قارشىلىشىدىغان، ئېلىشىدىغان بىرەرى چىقىپ باقمىغان، مانا ئەمدى بىرى كېلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىپ تازا پۇخادىن چىقىۋالغۇلۇق! ئۇ خۇشال بولدى. راجۇ قاراڭغۇدا ئۇنىڭ كۆزلىرى چوغدەك يېنىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. راكىيا راجۇنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كېلىۋېتىپ:

— نەدىن كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— پاتانكوتتىن.

— بۇ يەردىن تىرىك كېتەلەيمەن دەمسەن؟ — راكىيا سۆزلەۋېتىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. راجۇ دەرھال ئۆزىنى چەتكە ئېلىۋالدى.

راكىيا كەينىگە بىر قەدەم شوخشۇپ:

— دۇرۇس، پىچاقۋازلىقنى ئازراق بىلىدىكەنسەن - ھە. ئازراقلا بىلىدىكەنسەن شۇ، — راكىيا ئۇنىڭغا يەنە چاقماق تېزلىكىدە ھۇجۇم قىلدى، راجۇ يەنە ئۆزىنى قاچۇردى.

— ۋاھ، يامان ئەمەسقۇ! ياخشى، يارايسەن، يىگىت. بومبايغا كەلگىلى قانچە زامان بولدى؟

— ئىككى ئاي.

— نەدە تۇردۇڭ؟

— گىبمىر ئاكىنىڭ يېنىدا.

راكىيا ئۇياقتا دىۋەيلەپ قويۇپ، بۇياقتا ھۇجۇم قىلاتتى. لېكىن، راجۇمۇ ھوشيار ئىدى. ئىككىلىسى بىر - بىرىدىن كۆزىنى ئۈزمەي، چۆرگىلەپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇراتتى.

— گېمىر ئاكىنىڭ يېنىدا؟ — راكىيا ئۇچقاندەك تېزلىك بىلەن راجۇغا ئېتىلدى. بەدەن بەدەنگە سوقۇلدى. ئىككى پەچاقنىڭ بىر - بىرىگە زەرب بىلەن تېگىشىدىن قاراڭغۇدا ئۇچقۇن چىقىپ كەتتى. كېيىن ئىككىسىنىڭ مۇرە، بىلەك، بېغىشلىرى بىر - بىرىگە تېگىشىپ كىرىشىپلا قالدى. ھېچقايسىسى قەدىمىنى يۆتكىمىدى. كېيىن راجۇ پىچىقىنىڭ بىسىنى ئايىغان بولسا كېرەك، تۇيۇقسىز يېنىككىنە ھاسىراپ ئۆزىنى ئىتتىك بىر چەتكە ئالدى.

— خېلى چاقىقان ئىكەنسەن، خېلىلا، — دېدى راكىيا زوقلانغان ھالدا، — لېكىن، بۈگۈن جېنىڭنى ئالماي قويمايمەن، ئۆزۈڭدىن بېرى ئادەم ئۆلتۈرمەي قولۇم بەك قىچىشىپ كەتتى!

— ئەمدى مېنىڭ ئېلىشقۇم يوق.

— نېمىشقا؟

— گېمىر ئاكىغا ئىشلىگەن يەردە، ساڭا ئىشلىسەممۇ بولۋېرىدۇ.

— قانچە ھەق ئالىسەن؟

— گېمىر ئاكا ھەر كۈنلۈكىمگە بەش رۇپىيە بېرەتتى.

— ئۇ دېگەن بومبايىنىڭ كۆزى، جالاپ بازىرى، پويىزدا بومبايغا كەلگەن گالۋاڭ يولۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۆتىدىغان جاي. ئۇ يەردە جىق پۇل تاپقىلى بولىدۇ... ۋاي...

راجۇ ئۇنىڭغا پىچاق ئۇرۇۋىدى، ئۇ تۇرغان ھالىتىنى ئىتتىك ئۆزگەرتىپ راجۇغا ھۇجۇم قىلدى. راجۇ كەينىگە چېكىنگىنىچە بېرىپ دورىخانىنىڭ ئىشىكىگە تاقىشىپ قالدى. يەنە ئىككى پىچاق بىر - بىرىگە سوقۇلدى، ئىككىلىسى ھەدەپ كۈچەيتتى، ھاسىرايتتى.

www.uyghurkitap.com

— مەن ئىككى رۇپىيە بېرىمەن! — دېدى راكىيا چىشىنى غۇچۇرلىتىپ.

— بولمايدۇ! — دېدى راجۇ ئىنجىقلاپ.

— ئەمىسە، ئۈچ رۇپىيە؟

— ماقۇل! — دېدى راجۇ، — بىراق، تارنا بىلىپ قالمىسۇن.

— تارنا دېگىنىڭ كىم؟

— بايام سېنى چاقىرتقان ھېلىقى قىز... مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىمەن!... شۇڭا، كۆنگە ئۈچ رۇپىيىگە ماقۇل دەۋاتىمەن. يەنە، تارناغا قانات سۆرىشىڭگە بولمايدۇ!... مۇشۇ شەرتلەرگە كۆنسەڭ، گەپ قىل... بۈگۈندىن باشلاپ سېنىڭ خىزمىتىڭنى قىلىمەن.

— ماقۇل، ئۇبدان پىچاقچىكەنسەن. سەن قول - قانات بولساڭ، يەنە ئىككى كوچىنى قولۇمغا ئالىمەن.

راجۇ تۈيۈقسىز قولىنى بوشىتىۋەتتى. بومباينىڭ قائىدىسى بويىچە، راكىيا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسە بولاتتى، لېكىن ئۇ بۇ تاغلىق يىگىتنىڭ تۈزلۈكى ۋە باتۇرلۇقىنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى، شۇڭا كۈلۈپ تۇرۇپ پىچىقىنى يېنىغا سالدى.

— مە، ئالە، لايگېر كىنوخانىسىنىڭ قېشىدا بىر چايخانا بار، ھەر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئوندا شۇ يەردە كۆرۈشەيلى... ئالە، ئۈچ رۇپىيە!

راجۇ پۇلنى يانچۇقىغا سېلىپ دورىخانا پەلەمپىيىدىن مېڭىپ پىيادىلەر يولىغا چۈشتى.

تاڭ ئاتتى. تېرىمراج ياقىسىدىكى ھېلىقى قارا شاخنى ئېلىپ:

— كەتكىن، مېنىڭ غۇرۇرۇم! — دېگىنىچە ئۇنى ئوتقا تاشلىدى، ئاندىن ئەسكى كۆڭلىكىنىمۇ ئوتقا تاشلاپ، — كەتكىن، مېنىڭ هاياتىم! — دەپ قويدى، ئاندىن ئوتنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ شەپكىسىنى پۇلاڭلاتقىنىچە ئۇسسۇلغا چۈشتى.

راجۇ پىيادىلەر يولىدىن مېڭىپ تېرىمراجنىڭ قېشىغا كەلگەندە، تېرىمراجنىڭ كۆڭلىكى كۆيۈپ ئوتمۇ ئۆچۈپ بولغانىدى. تېرىمراج قىزىق كۆلنىڭ ئالدىدا دەرۋىشتەك زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى، بېشىدا يەنىلا هېلىقى يىرتىق شەپكىسى بار ئىدى.

راگىسمان راجۇنىڭ تىرىك قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ هەيران بولۇپ سورىدى:

— راكىيا سېنى كەچۈردىما؟

— هەئە!

— نېمىشقا؟

— ياخشىلىق قىلدى.

— ياخشىلىق قىلدى؟

— هەئە! ئۇ: «بولدى، كەت، سەن مۇشۇ يەرنىڭ ئادىمى بولدۇڭ. تارنا بىلەن ئىككىڭلارغا باشقا گېپىم يوق، هەر كېچىگە بىر پايسادىن باج تۆلىسەڭلەرلا بولدى» دېدى.

كاسىما بېشىنى يەردىن كۆتۈرۈپ دېدى:

— توۋا، ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان گەپقۇ بۇ!

— ئىشەنمىسىڭىز، — دېدى راجۇ كۈلۈپ، — ئۆزىڭىز بېرىپ راكىيادىن سوراڭ! ماقۇل ئەمىسە، مەن ئەمدى ئىشىمغا باراي!

www.uyghurkitap.com

— بارغىن! بارغىن! — دېدى تارنا خۇشاللىق بىلەن، — قارا، كۆن نەۋاخ بولۇپ كەتتى!

كاسىما بىلەن ئانىسىمۇ ئىشقا مېڭىشقا تەمشەلدى. كاسىمانىڭ ئانىسى تارناغا:

— بارپاگېر ئۇخلاپ قالدى ئەمسە، ئويغاندا ئۇنىڭغا چاي، راسلىك ئەپبېرەرسىز. مانا ئىككى ئەننا... — دېدى.

— مەن سۇرۇشتۇرۇپ باقاي، — دېدى كاسىمامۇ ئۇنىڭغا. — ساڭا ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئىچىدىلا چوقۇم ئىش تېپىلىدۇ، قازان بېشىنىڭ ئىشىنى قىلغۇزىدىغانلار جىق.

تارنا گەپ قىلماي ئىككى ئەننانى ئېلىپ يېنىغا قويۇپ قويدى.

سەھەرنىڭ ئاپتىپى ئۇخلاۋاتقان بارپاگېرنىڭ يۈزىگە چۈشۈۋىدى، تارنا سارىسىنىڭ ئېتىكى بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى چۈمكەپ قويدى.

بۇ ئالتە ياشلىق بالا كىشىلەرنىڭ ماڭىدىغان يولىدا خاتىرجەم ئۇخلاۋاتاتتى، پۇتلىرى يالاڭغىداق ھەم قاپقارا، جاراھەت ئىزلىرىمۇ خېلى بار، ئىشتىنىمۇ يىرتىق، پاقالچاقلىرى لاي، لېكىن چىرايىدىن ئادەمنىڭ ئامراقلىقى كەلگۈدەك سەبىيلىك تېمىپ تۇراتتى.

## 21

سائەت ئونلاردا ئانا ـ بالا ئىككىسى ئىشلىرىنى تۈگىتىپ قايتىپ كېلىشتى. بارپاگېر چېيىنى ئىچىپ، قېتىپ كەتكەن راسىكنى يەپ بولۇپ، كوچىدىكى باللار بىلەن ئوينىغىلى

چىقىپ كەتتى. ئۇ كوچىنىڭ دوقمۇشىغا چىقىپلا ماست چو-
نارنى كۆردى.
ماست چونار ئۇنىڭ بىلەن تەڭتۇش بولۇپ، ئەنگلىيە تەۋە-
لىكىدىكى ئەر - خوتۇننىڭ بالىسى. ئۇنىڭ مەكتەپتە ئوقۇيدى-
غانلىقى، رەتلىك، پاكىز كىيىنىپ يۈرىدىغانلىقىنىڭ ئۆزىلا
بارپاگېرنىڭ ئۆچلۇكىنى كەلتۈرەتتى.
شۇ تاپتا ماست چونار يالغۇز ئۆزى پىيادىلەر يولىدا بىرې-
زىنت پوپكىسىنى قىستۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. بۈگۈن شەنبە بول-
غاچقا، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنى سائەت بىردىلا قويۇۋەت-
كەنىدى.
بارپاگېرنى كۆرۈپلا ماست چونارنىڭ چىرايى تاتىرىپ
كەتتى. ئۇ بەكمۇ ئاۋاق ئىدى. بىر كۈنى بارپاگېر ئۇنى ئۇرغا-
نىدى، ئۇنىڭ ئەنگلىيىلىك دادىسى بارپاگېرنىڭ دادىسىنى تا-
پانچا بىلەن قورقۇتتى. راگىسمان بارپاگېرنى قاتتىق ئۇردى.
شۇندىن كېيىن بارپاگېر ماست چونارغا چېقىلىپ باقمىغانى-
دى. لېكىن، ئۇ ماست چونارغا ھەشەمەتلىك بىنادا ئولتۇرىدى-
غان بىر بالىنىڭ كوچىدا ياتىدىغان بىر يالاڭتۆش بالىدىن تاياق
يېگەنلىكىنى بىر ئامال بىلەن ئەسلىتىپ تۇرۇشنى ئۇنتۇمايت-
تى، شۇڭا ماست چونارنى كۆرسىلا قاقاقلاپ كۈلەتتى، ماست
چونار بولسا، چىرايى تامدەك تاتىرىپ، دەرھال يەرگە
قارىۋالاتتى.
بارپاگېر يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپ ئۇدۇل ماست چو-
نارنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى ۋە يېقىن كەلگەندە تۇيۇقسىز
توختاپ، ئۇنىڭ يولىنى توسىدى. ماست چونار ئەلەملىك ھە-
جىيىپ:
— ياخشىمۇسەن! — دېدى. بارپاگېر كالپۇكلىرىنى پۇ-

رۇشتۇرۇپ:

— يوقال! يوقال! — دەپ ۋارقىرىدى ـ دە، سەكرەپ ـ ئويناقشىپ كېتىپ قالدى. ماست چونار كۆزىگە لىق ياش ئالغان ھالدا ئۆيىگە كەتتى.

بۇ ھەر كۈنى بولىدىغان ئىش ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى ئانىسىغا:

— ئانا، پىيادىلەر يولى يوق بىر كوچىغا بېرىپ ئولتۇرساق بولمامدۇ؟! — دەيتتى. ئانىسى بالىسىنىڭ نادانلىقىغا كۈلۈپ:

— نەدە ئۇنداق كوچا بولسۇن، — دەيتتى، — قەيەردە ئېگىز بىنا بولىدىكەن، شۇ يەردە چوقۇم پىيادىلەر يولى بولىدۇ!

كاسىما بىلەن ئانىسى تونۇگۈن ئاخشام ئېشىپ قالغان تاماقنى سەيخانىنىڭ كەينىدىكى بۇلۇڭدا ئىسسىتىپ كېلىپ، داغ بولۇپ كەتكەن داستىخاندىن پارچە ـ پۇرات قازان نېنىنى ئېلىپ، تارنا بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ يېيىشتى، ئاندىن قازان ـ قومۇچ، سىلىنچا ـ يېپىنچىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ سەيخانىنىڭ يېنىدىكى ئۇستەلنىڭ ئاستىغا قويۇشتى ـ دە، ئۆزلىرى سېمونت ۋادەكنىڭ قېشىدىكى سايىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ يىگىنە ئىشى قىلغاچ پاراڭغا چۈشۈشتى. كاسىمانىڭ كوپتىسىمۇ يىرتىلىپ كەتكەنىدى، ئانىسىمۇ سارىسىنى ياماپ ئولتۇراتتى.

كۆچلۈك كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇرغان پىيادىلەر يولى خۇددى ئادەم يېتىپ باقمىغاندەك شۇنچىلىك پاكىز ۋە رەتلىك ئىدى.

كاسىما كىيىمىنى ياماۋاتقاچ سۆزلىدى:

— ئون ئۈچىنچى كوچىدا لوس خېنىم دېگەن بىرى قازان بېشىنىڭ ئىشىنى قىلىدىغان بىرىنى ئىزدەپ يۈرۈپتۇ. ئۆزى يالغۇز، ئىشى كۆپ ئەمەس ئىكەن. بۈگۈن كەچ مەن سېنى شۇ يەرگە ئاپىراي.

— قانچە پۇل بېرىدىكەن؟ — سورىدى ئانىسى.

— جىق بەرسە ئون ئىككى، ئون ئۈچ رۇپىيە بېرەر!

تارنا ئۈندىمىدى.

كەچقۇرۇن، كاسىما بىلەن ئانىسى ئىشلىرىنى تۈگىتىپ كېلىپ سەيخانىنىڭ كەينىدە تاماقتا تۇتۇنغاندا، تارنامۇ كېلىپ قاراشتى. ئۇلار كۈنىگە بىر ۋاخ تاماق ئېتىپ ئىككى قېتىمغا بۆلۈپ يەيتتى، لېكىن كوچىدىكى نۇرغۇن ئادەملەر تاماق ئېتىشكىمۇ قۇربى يەتمەي، ئاشخانىلاردا تىلەمچىلىك قىلىپ قورساق تويغۇزاتتى.

— ۋاي... ي، نېمىدېگەن تارتقۇلۇق بۇ! — دېدى كاسىمانىڭ ئانىسى جىلە بولۇپ، — كۈندۈزى خەقنىڭ ئۆيىدە ئىشلىگەن، كېچىسى كېلىپ يۇندىيۇرۇشلۇق قىلغان!

— گەندانىڭ كۈنى نېمىدېگەن راھەت، تاماق ئەتمەيدۇ! — دېدى كاسىما.

— نېمىشقا؟ — سورىدى تارنا، — ئۇ نېمىشقا تاماق ئەتمەيدۇ؟

— تاماقنى ئېرى ئېتىدۇ.

— ئېرى؟ توۋا، ئۇنداق قىلسا بولامدۇ؟

— نېمىشقا بولمايدۇ؟ گەندا زاۋۇتتا ئىشلىگەندىكىن، ئېرى تاماق ئېتىدۇ ـ دە.

— زاۋۇتتا نېمىشقا ئېرى ئىشلىمەيدۇ؟

— بۇرۇن شۇ ئىشلەيدىغان، كېيىن بىر قېتىملىق ھادىسە-

www.uyghurkitap.com

ىدە ئىككى پۇتى ئۇزۇلۇپ كەتكەن. شۇڭا، ھازىر خوتۇنىغا تاماق ئېتىپ بېرەلەمدۇ، ئۆزلىرىگىمۇ، ئاشلىق دۇكىنىنىڭ خـوجايىنىغىمۇ ئـېتىدۇ. قـارا، ئاشلىق دۇكىنىنىڭ قېشىدا! ئەنە! — كاسىما تاماق ئەتكەچ، تارناغا كۆز ئىشارىسى بىلەن كۆرسەتتى.

شۇ ئارىدا راگىسمان كېلىپ خوتۇنىغا ئون ئەننانى تۇتقۇزدى.

— مۇشۇلىمۇ؟ — دېدى كاسىمانىڭ ئانىسى نارازى بولغان ھالدا.

— كەچلەردە بولۇپ قالار يەنە، — راگىسمان شۇنداق دەپ قويۇپ كېتىپ قالدى.

— كەچلەردە نېمە بولۇپ قالار دەيدۇ؟ — سورىدى تارنا كاسىمادىن.

— كەچلەردە ھاراق ئىچىدىغانلار كۆپ. دادام بىنادىكلەرگە ھاراق توشۇپ بېرىدۇ.

— بۇ ياخشى تىجارەت ئەمەس! — دېدى تارنا ئويلىنىپ.

— ۋايتاڭ، ياخشى تىجارەت قايسىكىن؟ — دېدى كاسىما ئۇھ تارتىپ قويۇپ.

— ئائى! ئائى! نان پىشتىمۇ؟ — دېگىنىچە يېتىپ كەلدى. بابۇرائۇ. ئۇ ئانىسىنى «ئائى» دەپ چاقىراتتى.

— تاماق تېخى پىشمىدى، — دېدى ئائى.

— قورسىقىم ئېچىپ ئۆلەي دېدىم!

— بېشىمنى يەرسەن، ئىلاھىم! بىرنېمە ئەكەلدىڭمۇ ياكى قولۇڭنى بۇرنۇڭغا تىقىپ كەلدىڭمۇ؟

بابۇرائۇ شىمىنىڭ يانچۇقىدىن بىر رۇپىيىنى ئېلىپ ئائىغا

تۆتقۇزدى.

— ئاران مۇشۇما؟

— ئەتە يەكشەنبە، جىقراق بولۇپ قالار، ئەتە ئەتىگەندە دېڭىز ساھىلى كىنوخانىسىغا بارىمەن.

— ماڭ، بېرىپ ئىشىڭنى قىلىپ تۇر، بىر سائەتتىن كېيىن تاماق يەيسەن!

بابۇرائۇ كەتكەندىن كېيىن تارنا كاسىمادىن سورىدى:

— بابۇرائۇ نېمە ئىش قىلىدۇ؟

كاسىما ئۈندىمىدى، ئانىسى جاۋاب بەردى:

— دېڭىز ساھىلىدىكى كىنوخانىنىڭ ئالدىدا مۆتىۋەرلەرگە تاكسى توسۇپ بېرىدۇ، مۆتىۋەرلەر ئۇنىڭغا ئىككى ئەننا تاپان ھەققى بېرىدۇ.

— بابۇرائۇ ئوقۇمامدۇ؟ مەن يېزىدىكى چېغىمدا شەھەردىكى باللارنى ئالىي مەكتەپكىچە ئوقۇيدۇ، دەپ ئاڭلىغان.

— ئوقۇيدىغانلار ئوقۇيدۇ، — دېدى كاسىمانىڭ ئانىسى، — مەسىلەن، بىنادىكىلەرنىڭ، چونار ئەپەندىدەكلەرنىڭ باللىرى ئوقۇيدۇ. بىزدەك يالاڭتۆشلەرنىڭ باللىرى قورساق تويغۇزغۇدەك قوتۇرماچقىمۇ ئېرىشەلمەي تۇرۇپ قانداقمۇ ئوقۇيالىسۇن!

تارنا ئىستولبىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ راجۇنىڭ يولىغا قاراشقا باشلىدى. راجۇ نېمىشقا كەلمەيدىغاندۇ؟ ھەممە ئادەم كېلىپ بولدى، ھەممىسى يېتىشنىڭ تەييارلىقىدا، راجۇنىڭ كەلمىگىنى نېمىسى؟ تارنا خىيال بىلەن ئولتۇرغاندا تىزىنى كىچىككىنە بىر قول كېلىپ بېسىۋىدى، دەرھال بۇرۇلۇپ قارىدى، ئۇ باراپاگېر ئىدى، كۆزلىرىدە ياش مۆلدۈرلەپ

تۇراتتى.

— نېمە بولدۇڭ، بارپاگېر؟

— ئائى ئۇردى، — دېدى بارپاگېر ئۆكسۈپ، — ئائى ھېكايە ئېيتىپ بەرمىدى!

— ئائى ھېكايە ئېيتىپ بەرمىدىما؟ — بارپاگېرنىڭ ياشـ لىق كۆزلىرى ۋە ئۆچلىنىپ تۇرغان ئاغزىنى كۆرۈپ ئامراقلىـ قى كەلگەن تارنا ئۇنى قۇچىقىغا ئولتۇرغۇزۇپ يېقىنچىلىق بىلەن دېدى، — يىغلىما، ھېكايىنى مەن ساڭا ئېيتىپ بېرەي.

بارپاگېرنىڭ چىرايىغا دەررۇ كۈلكە يۈگۈردى.

— ئېيىق بىلەن بۆرىنىڭ ھېكايىسىنىما؟

— ياق، ئېيىق بىلەن بۆرىنىڭكىنى ئەمەس، پىل بىلەن يولۋاسنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بېرىمەن.

— ھۆيىۆ، — بارپاگېر تارنانىڭ بويىنىغا مەھكەم ئېسىلىپ يالۋۇردى، — بولە، تېز ئېيتە، تېز!

— باشلىدىم ئەمىسە... بۇرۇن... بومبايدىن يىراق، ناھايىتى يىراق بىر جاڭگالدا يوغان بىر پىل ياشايدىكەن...

تارنا سۆزلەۋېتىپ ئۆزىنى خۇددى بومبايدىن يىراقلىشىپ يىراق بىر جايلارغا بېرىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. بۇ ئۇنىڭ ماكانى — كىچىك دەريا بويىغا جايلاشقان يېزىسى ئىدى. دەريا بويىدىكى قويۇق ئورماندا ئېگىز - ئېگىز كېدىر قارىغايلىرى، شەمشادلار ئۆسەتتى. ياۋا ئۈزۈملەرمۇ بار ئىدى. بۇلاق بېشىـ دىكى ئالمىلارنىڭ چېچەكلىرى مەيىن شامالدا تۆكۈلۈپ تۇراتـ تى. كۆزلىرىدىن ھوشيارلىق ۋە گۈزەللىك چىقىپ تۇرغان بىر مارال بۇلاقتىن سۇ ئىچىپ بولۇپ، بىر چەتتە ئۆزىنى قوغداپ تۇرغان مەغرۇر جۈپتىگە بېشىنى كۆتۈرۈپ قورۇنۇپ قاراپ قوياتتى.



ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى www.uyghurkitap.com

تارنا ھېكايىنى سۆزلەۋېتىپ ئاشۇ مەپتۇنكار مەنزىرە ئىچىگە كىرىپلا كەتتى.

ئۇ ھېكايىسىنى تۈگىتىپ خىيال قۇچىقىدىن ئويغانغان چاغدا، ئۆزىنىڭ يالغۇز بارپاگىر بىلەن ئەمەس، بىرمۇنچە بالا بىلەن ئولتۇرغانلىقىنى سەزدى. ئون نەچچە بالا تەلمۈرگىنىچە ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ ئولتۇراتتى. ھېكايىنى ئاڭلاپ بولۇپ بالىلار تۇشمۇتۇشتىن سوئال سورىغىلى تۇردى:

— ئۇ بۇلاق قەيەردە؟ بۇلاق قانداق بولىدۇ؟

— ئۆزۈم تەكلىرى دېگەن قانداق بولىدۇ؟

— تاغ دېگەن قۇياش قەسرى بىناسىدىنمۇ يوغان بولامدۇ؟

قۇياش قەسرى بىناسى ئون ئىككىنچى كوچىدىكى ئەڭ ئېگىز بىنا بولۇپ، يەتتە قەۋەت ئىدى. بۇ كوچىدا ياتىدىغانلارنىڭ ھەممىسى بۇ بىنا بىلەن پەخىرلىنەتتى. نېمىلا دېگەنبىلەن، ئۇلار ئۇ بىنادا ئولتۇرمىسىمۇ، بىنانىڭ ئالدىدىكى يولدا ئولتۇرىدۇ ـ دە!

— ئەگەر سىلەر ئوقۇغان بولساڭلار، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلگەن بولاتتىڭلار.

— بىز مەكتەپكە كىرەلمەيمىز.

— نېمىشقا؟

— چۈنكى، بىز كوچىدا ياتىدىغانلار!

— كوچىدا ياتساڭلار نېمە بوپتۇ؟

— ئاپامنىڭ دېيىشىچە، مەكتەپ بىنادا ياتىدىغانلارنىڭلا بالىلىرىنى ئالىدىكەن.

تارنا گەپ قىلماي، نېمىنىدۇر ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. شۇ چاغدا كاسىمانىڭ ئانىسى ۋارقىرىدى:

— ھەي، بارپاگىر، تاماق يېمەمسەن ـ ھە؟! تارنا، تارنا!

بارپاگىر تارنانىڭ قۇچىقىدىن قوپتى.

— راجۇ ئەجەب مۇشۇ چاغقىچە قايتىپ كەلمىدى؟

— راجۇنىڭ تامىقىنى ئېلىپ قويىمىز، سەن ئاۋۋال يەپ تۇر.

— ياق.

— ھەي، دۆت قىز. راجۇ يېرىم كېچىدە كەلسە قانداق قىلىسەن، شۇ چاغقىچە ئاچ ئولتۇرامسەن؟

— قورسىقىم ئاچمىغان تۇرسا.

— ھەي، نادان قىز، — دېدى كاسىمانىڭ ئانىسى بېشىنى چايقاپ، — بۇ دېگەن بومباي، ئۇ ئىشلىرىڭ بۇ يەردە ئاقمايدۇ. مەنمۇ يېزىدىن يېڭى كەلگەندە ساڭا ئوخشاش ئەخمەق ئىدىم، يېرىم كېچىگىچە ساقلاپ ئاچ ـ ئاچ ئولتۇراتتىم. بومباي باشقىچە يەر ئىكەن بۇ. ئېرى بىر ياقتا بېرىپ ئىشلىگەن، خوتۇنى بىر ياقتا بېرىپ ئىشلىگەن. كىم قاچان كەلسە شۇ چاغدا تاماق يېمىسە بولمايدىكەن. بۇ يەردە بىر ـ بىرىنى كۈتىدىغان ئىش يوق. كۈتىمەن دەپ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولمايدىكەن! ئاچ ئۆلۈپ كېتىسەن بىكار، قوپ، ئەخمەق قىز، تۇر... تېخى توي قىلماي تۇرۇپ ئۆزۈڭنى نېمانچە ئۇپرىتىسەن! راجۇغا ئېيت، ساڭچۇ، ئۈچ سارى، بىر ئالتۇن ئۈزۈك، بىر بولاپكا، بىر ئالتۇن زەنجىر — ماۋۇ مېنىڭ بوينۇمدىكىدەك — ئېلىپ بەرسۇن، ئاندىن مەن سېنى بېرىمەن. سېنى بىكاردىن ـ بىكار ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويىدىغان ئىش يوق.

كاسىمانىڭ ئانىسىنىڭ مېھرىبانلىق بىلەن ئېيتقان سۆزلىرىدىن تەسىرلەنگەن تارنا ئورنىدىن تۇرۇپ داستىخانغا كەلدى.

# 22

راجۇ كېچە سائەت ئون بىرلەردە هارغىن هالەتتە قايتىپ كېلىپ، تارناغا ئىككى رۇپىيىنى تۇتقۇزدى ـ دە، بېشىنى ئىستولىغا تىرەپ سوزۇلۇپ ياتتى. تارنا ئۇنىڭ پۇتىنى تۇتۇـ ۋېتىپ:

— ئەجەب كەچ قالدىڭغۇ؟ — دېدى.

— كۇندۇزى پۇل تاپالمىدىم. شۇڭا، كەچقۇرۇن ئىشلەپ ئاخىرقى ئاپتوبۇس بىلەن كېلىشىم.

تارنا ئۇندىمىدى، ئۇنىڭ بىر پۇتىنى تۇتۇپ بولۇپ، يەنە بىر پۇتىنى تۇتۇشقا تەمشىلىپ، ئۇنىڭدىكى يارىنى كۆردى ـ دە، چۆچۈپ كەتتى:

— بۇ يەر نېمە بولدى؟

— پۇتۇمغا تۆمۈر ساندۇق چۈشۈپ كەتتى. تاڭدۇرۇش ئۈچۈن بىر رۇپىيىنى دوختۇرغا تۆلىدىم، بولمىسا، ساڭا ئۈچ رۇپىيە ئەكېلىپ بېرەتتىم، — راجۇ گەپنى تېزلا يۆتكىدى، — تامىقىمنى بەرسەڭچۇ!

تاماقتىن كېيىن راجۇ بىلەن تارنا بىر تامنىڭ تۈۋىگە بېرىپ ئولتۇردى.

— راجۇ، بومباي ساڭا يارىدىمۇ؟

— يارىدى. . . ساڭىچۇ؟

— هەم يارىدى، هەم يارىمىدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ ئەمدى؟

— ماۋۇ چىراغلىرى ياقتى. قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەنلا

كۇنۇپكىنى بېسىپ ئۆزۈڭ ئايدىڭ قىلىپ ئولتۇرىدىكەنسەن. سۇمۇ جۇمەكنى بۇرىساڭلا چۈشىدىكەن، ئىككى چاقىرىم يەر-دىن سۇ توشۇپ يۈرۈشىنىڭ هاجىتى يوق ئىكەن. ئۆيلىرىمۇ پۇختا، پاكىز ھەم رەتلىك ئىكەن. ناۋادا، بۇ نەرسىلەر بىزنىڭ يېزىمىزدا بولغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇ يەر دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېسىل جاي بولغان بولاتتى.

— هوي، يېزىدىمۇ توك بولامدۇ؟

— بولمايچۇ، مەن كىتابتا كۆرگەن، ياۋروپانىڭ يېزىلىرىدا بار ئىكەن.

— كىتاب! كىتاب! كىتابلا دەيدىكەنسەن... ئاشۇ كىتاب دېگەنلىرىڭدىن ئەجەپ تويدۇم مەن! — راجۇ زەردە بىلەن ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى. تارنامۇ ئەلەمدىن كۆكىرىپ كەتتى:

— مەنمۇ سېنىڭ جاڭگاللىقتەك گەپلىرىڭدىن تويدۇم!

— ھە، ياخشى، مەن جاڭگاللىق، مەڭگۈ جاڭگاللىق! ھە، يەنە نېمە گېپىڭ بار؟

تارنا ئۇنىڭغا زەردە بىلەن قاراپ قويۇپ، تەتۈر قاراپ ئولتۇرۇۋالدى.

— ھە، دېمەمسەن، يەنە نېمە گېپىڭ بار؟

— ھېچقانداق گېپىم يوق! — تارنا ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى.

— ماڭا قاراپ گەپ قىل!

— ياق!

— ياق؟

— ياق!

جاڭگىلى ئۇنىڭ قوللىرىنى بېلى بىلەن قوشۇپ تۇتۇپ

ئالدىغا تارتقىنىچە دېدى:
— ئۇنداق قىلما دەيمەن! ئۇنداق قىلما!
جاڭگىلى ئۇنى مەيدىسىگە مەھكەم باسقىنىچە ئالدىغا قاراتتى. تارنا ھەدەپ يۇلقۇناتتى، جاڭگىلى بولسا ئۇنى بۇقىدەك كۈچەپ تارتاتتى ھەم ئۇنى ئىچىگە سولىۋالماقچى بولغاندەك، ھاسىراپ تۇرۇپ مەيدىسىگە مەھكەم باساتتى.
تارنا ئۆپكىدەك قىزىرىپ كەتتى ۋە ھاسىرىغىنىچە قېيداپ بېشىنى تەتۈر بۇرىۋالدى. جاڭگىلى ئۇنىڭ ئېڭىكىنى تۇتۇپ ئۆزى تەرەپكە قايرىپ تۇرۇپ:
— ھازىرمۇ ياق؟ — دېدى.
— ياق، ياق، ياق! ۋايجان، بېشىڭنى يەيدىغان!
ئەمدى ئۇ گېپىنىڭ ئايىغىنى دېيەلمەي قالدى. جاڭگىلى ئاغزىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا چاپلىۋالغانىدى. ئۇ جاڭگىلىنىڭ قۇچىقىدا سىقىلىپ كەتتى، خۇددى قاپقانغا چۈشۈپ قالغان چۈپچەك ھەرقانچە قىلسىمۇ ئۆزىنى بىر چەتكە ئالالمىدى، كېيىن ۋۇجۇدىدا ئىللىق بىر ئېقىم پەيدا بولدى، كۆزلىرى ئىختىيارسىز يۇمۇلۇپ ئۆزىنى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا تاشلىدى.
بىرئازدىن كېيىن ئۇ كۆزلىرىنى ئاچتى ۋە باياتىن بېرى جاڭگىلىنىڭ ئۆزىنى خۇددى گۈلنى باسقاندەك مەيدىسىگە باسقانلىقىنى ھېس قىلدى، بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا لەپپىدە قارىدى ـ دە، چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىۋېتىپ:
— تاس قالدىڭ جېنىمنى ئالغىلى! — دېدى، ئاندىن بېشىنى جاڭگىلىنىڭ مەيدىسىگە قويۇپ يىغلىۋەتتى.

خېلى ۋاقىت ئۆتتى، ئىككىسى قۇچاقلاشقىنىچە تام تۈۋىدىن قوپماي ئولتۇردى.

— نېمانداق چۈشەنمەيدىغانسەن؟ — دېدى تارنا، — مەن ساڭا نەدە زەردە قىلدىم؟ مەن سېنى پەقەت بومبايدا مەدىكارچىلىق قىلىپ ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى ئۇنتۇپ قالمىسۇن، دېدىم. مەدىكارچىلىقتىن تاپقان پۇلنىڭ ھەرگىز بەرىكىتى بولمايدۇ، بىلىپ قوي!

— ئەمىسە، نەگە بېرىپ، نېمە ئىش قىلىمەن؟ — راجۇ ھەيرانلىق بىلەن سورىدى. تارنامۇ ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ:

— ۋىيىيەي، ئۇنتۇپ قالدىڭما؟... ۋەدەڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭما؟ «بومبايغا بېرىپ پۇل تېپىپ ئىككى ئۆكۈز سېتىۋالىمەن - دە، يېزامغا قايتىپ بېرىپ يەر تېرىيمەن» دېمە-گەنمىدىڭ؟ بىلىپ قوي، يەرلىرىڭ سېنى كۈتۈۋاتىدۇ، جۇ-مۇ.

راجۇ خىيال بىلەن تارناغا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ پىسىڭ-گىدە كۈلۈمسىرىدى - دە، مۇلايىملىق بىلەن:

— مېنى كۈتۈۋاتقان يەر سېنىمۇ كۈتۈۋاتقاندۇ. مەن ئۇز-تۇمىدىم، ئۇنداق تېز ئۇنتۇپ كېتىدىغان ئىش يوق، — دېدى.

— ۋايتاڭ، بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ. بومبايغا كېلىپ ھەممىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك تۇرىسەن، جۇمۇ!

— ياق، ئۇنداق ئىش يوق، تارنا!

— راست؟

— راست! مەن ساڭا قەسەم قىلىپ بېرەي.

تارنا خۇددى تولۇق خاتىرجەم بولغاندەك كۈلدى، ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويۇپ ئۇنىڭ مەيدىسىگە يۆلەندى. راجۇ ئۇ-نىڭ چاچلىرىنى ئويناپ تۇرۇپ:

— ساڭا بومباينىڭ ھېچنېمىسى ياقمىدىمۇ؟ — دېدى.

— بۇ يەردىكى ئادەمنىڭ جىقلىقىغا قاراپ قورقۇپ كەت-
تىم. بىر پارچىمۇ بوش يەر يوق ئىكەن بۇ يەردە، نەگىلا
قارىساڭ ئېگىز بىنا، ئادەمنىڭ دېمىنى تۇتۇلدۇرۇپ. ئاسمىنى
كەڭرى بىر كۆكۈلمەيدانىغا بېرىۋالغۇڭ كېلىدۇ. يەنە مۇشۇ
كوچىدا ياتىدىغان ئىشمۇ ماڭا ياقمىدى. بىزنىڭ يېزىلاردا
ھېچنېمە يوق دېگەن تەقدىردىمۇ، ھېچبولمىغاندا ياتىدىغان
ئۆي بولىسىمۇ بار.
— ھە، يەنىچۇ؟
— يەنە بۇ يەردىكى بالىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئوقۇمايد-
ىكەن.
— چۈنكى، كەمبەغەل - دە!
— بۇ ئەھۋالدىنمۇ قورقتۇم، بۇ يەرنىڭ بايلىرى بىزنىڭ
يېزىلاردىكى بايلاردىن جىق باي ئىكەن، كەمبەغەللىرىمۇ بىز-
دىن بەك كەمبەغەل ئىكەن. يەنە. . . يەنە. . . توۋا، بومبايغا
نېمىشقىمۇ كەلگەن بولغىيتتىم - ھە؟
— ھېلىقى قېرى كەنت باشلىقى بىلەن توي قىلمايمەن،
دەپ كەلگەن سەن!
— راست، لېكىن ھەرگىزمۇ كوچىدا خارلىنىپ ياتارمەن،
دەپ كەلمىگەن، جۇمۇ مەن! — تارنا ئېتىكى بىلەن يۈزىنى
تۇسۇۋالدى، — قەسەم قىل، — دېدى ئۇ جىددىي تەرىزدە، —
مېنى پات ئارىدا يېزامغا ئەكېتىمەن، دەپ قەسەم قىل، راجۇ!
— پۇل يىغىپ ئىككى ئۆكۈز ئېلىپ بولغاندىن كېيىن!
— قېنى، ئىككى پايسا! — تارنا ئېغىر چىققان بۇ ئاۋازنى
ئاڭلاپ، دەرھال ئۆزىنى راجۇدىن نېرى قىلدى.
راكىيا ئىچىگە بىرمۇنچە پايسا قاچىلانغان قۇتىنى تۇتۇپ
ئۇلارنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. تارنا قۇتىغا ئىككى پايسىنى تاشلى-

ـدى. راكىيا ئالدى تەرەپكە قاراپ كەتتى. تارنا بىلەن راجۇ
ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى. راكىيا قۇتنى تاراقلىتىپ كېتە-
ۋاتاتتى. ئۇ نەگىلا بارسا كىشىلەرنىڭ چىرايى تاتىرىپ كېتەت-
تى، قارتا ئويناۋاتقانلار قارتىسىنى يىغىشتۇراتتى، ياتقانلار
ئولتۇرۇپ، ئولتۇرغانلار قوپاتتى، پاراڭ سېلىشىۋاتقانلارمۇ
گەپنى توختىتىپ، ياۋاشلىق بىلەن يانچۇقلىرىغا قول ئۇزىتات-
تى. راكىيا كۈلۈپ تۇرۇپ ماڭاتتى. ھامان بىرى ئۇ كېلىپ
بولغۇچە، ئالدىدىكىلەرگە:

— پادىشاھ كەلدى! پادىشاھ كەلدى! ئورنۇڭلاردىن تۇ-
رۇڭلار! — دەپ ۋارقىراپ خەۋەر قىلاتتى.

— ئۇ نېمىسىگە تايىنىپ پۇل ئالىدىغاندۇ؟ — دېدى تارنا
ئاچچىقلىنىپ.

— ھەيۋىسىگە تايىنىپ! — دېدى راجۇ. تارنا راكىيا تە-
رەپكە قاراپ دېدى:

— قارا، مېڭىشىنىڭ سەتلىكىنى، خۇددى كەنت باشلىقى-
دەكلا. نەگىلا بارساڭ، بۇنداق كەنت باشلىقلىرىدىن قۇتۇلال-
مىغۇدەكسەن!

— ئۇمۇ مۇشۇ پىيادىلەر يولىنىڭ باشلىقى. ياخشىسى،
ئۇنىڭدىن نېرى تۇرغۇلۇق، — راجۇنىڭ ئاۋازى جىددىي تۇس
ئالدى.

— بۇندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشمايمەن، دەپ قەسەم
ئىچ!

— ئۇ ماڭا چېقىلمىسا، مەن ئۇنىڭ بىلەن نېمىشقا سو-
قۇشقۇدەكمەن؟ يا مەن ساراڭ بولمىسام!

راجۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

# 23

بىرەر ئايدىن كېيىن تارىنا گەنكاتېر بىلەن تۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ قالدى. گەنكاتېر تارىناغا قاراپ ھەيران قالدى: تۇۋا، تارىنانىڭ بىر ئاي ئىچىدىلا شەھەر قىزى بولۇپ قالغانلىقىنى قارىمامدىغان، ئۇستۇۋاشلىرىمۇ ئۆزگەرگەن، ئۆزىنى تۇتۇشلىرىمۇ ئۆزگەرگەن، خۇددى ئىشچىلىق قىلىدىغان شەھەر قىزلىرىدەك سالماق قىياپەتكە كىرىپ قاپتۇ.

گەنكاتېر ئاۋۋال خوتۇنىنىڭ ئۇنىڭغا ئەسكىلىك قىلغانلىقىغا كەچۈرۈم سوراپ بولۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى سورىدى. تارىنا دەپ بېرىۋىدى، ئۇ ھەيران بولۇپ:

— بىزگە يېقىن يەردە تۇرۇۋېتىپسىز. تۇۋا، بىرەر قېتىممۇ ئۇچرىشىپ قالماپتۇق - ھە؟ — دەپ كەتتى.

— مۇشۇ چاغقىچە شۇ كوچىدىن چىقىپ باقمىغان، بۈگۈن تۇنجى قېتىم بۇ يەرگە كېلىپ بېقىشىم.

گەنكاتېر يىغىۋېلىش ئورنىنىڭ ئادرېسىنى ئۇنىڭغا بېرىپ:

— ئەگەر بىرەر مۇشكۇللۇككە ئۇچرىسىڭىز، ئۆيۈمگە بارماي، ئىشخانامغا بېرىڭ، تېلېفون بەرسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دېدى.

تارىنا گەنكاتېرنىڭ قولىدىن يىغىۋېلىش ئورنىنىڭ ئادرېسى يېزىلغان كارتوچكىنى ئېلىپ خىيالغا چۆمدى: «ھېلىمۇ خۇدا يۆلىدى، بولمىسا، كىملەرگە تېلىنىپ يۈرەر ئىدىم. ھەرنېمە بولسا، ئۆزۈم ئىشلەپ پۇل تېپىپ جېنىمنى جان ئېتىۋاتىمەن.

www.uyghurkitap.com

تۇرمۇشۇم نامرات، هەتتا كوچىدا يېتىۋاتقان بولساممۇ، هەرهالدا قەدىر - قىممىتىم ئۆزۈم بىلەن».

تارنا كاسىمانىڭ ياردىمىدە قازان بېشى ئىشلىرىنى قىلدۇرىدىغان ئۇچ ئۆي تاپتى. بۇنىڭ بىرى رووۋس خېنىمنىڭ، يەنە بىرى ئىشىكنىڭ ئالدىدا دائىم قاتار - قاتار پىكاپلار تۇرىدىغان باجگىر ئەپەندىنىڭ، ئۇچىنچىسى ئۇزۇنتۇرا رەسسام پىرم نات دېگەن ئادەمنىڭ ئۆيى ئىدى. كۆزلىرى قورقۇنچلۇق پارقىراپ تۇرىدىغان پىرم نات دېگەن ئادەم خوتۇنىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا داڭقى چىققان كىنو چولپىنى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ كېلىپ، تارنانىمۇ چولپان بولۇشقا ئۇندەيتتى. بۇ گەپنى ئاڭلىغاندا خوتۇنى قاتتىق چېچىلاتتى:

— چولپان بولۇپ نېمە قىلىدۇ؟ چولپان بولغان ئادەم ئاخىر نېمە بولۇپ ئۆلتۈردۇم مانا!

— هېچبولمىسا ئون يىل بولسىمۇ راهەت كۆرىدۇ!

— ئـون يـىلدىن كـېيىن. . . يـەنە مـۇشۇ دەرد - ئېسەدۇ. . . ياق، قىزچاق، هەرگىز چولپان بولماڭ، نامرات، كەمبەغەل بولسىمۇ بىر ئۆينىڭ چولپىنى بولۇڭ. هەرگىز كىنو چولپىنى بولمەن، دېمەڭ.

—بۇ گېپىڭچە، بۇ قىز مۇشۇ ئايدەك چىرايى بىلەن ئۇمۇرۋايەت يۇندىپۇرۇشلۇق قىلىپ ئۆتسە بولغۇدەك - دە.

— مەندەك كۆڭۈلسىز تۇرمۇشتا ئۆتكەندىن، ئاشۇ يۇندىپۇرۇشلۇقمۇ مىڭ ئەلا!

— هەي، نېمە دەۋاتىسەن؟

— ۋاي، كاپشىمىغىنا!

ئۇ ئىككىسى هاراق ئىچىپ ئولتۇرۇپ مۇشۇنداق سوقۇ-

شۇپ كېتەتتى. تارنا بولسا ئۇندىمەيتتى. ئۇنىڭغا بۇ ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ جېدەلى قىزىقارلىق تۇيۇلاتتى. چۈنكى، بۇلار ئۇنى دەپ سوقۇشاتتى، ھەتتا چىنە - قاچىلارنى چېقىشاتتى، لېكىن ئۇنىڭ ئىش ھەققىنى ۋاقتىدا بېرىشنى ئويلاشمايتتى. نېمىدېگەن غەلىتە ئادەملەر - ھە!

ئۇلاردىنمۇ غەلىتىرەكى رۇۋس خېنىم بولۇپ، ئۇ ئورۇق، ئاجىز تېنى، كۆكۈچ يېشىل كۆزى، ئاپئاق ئۆڭى بىلەن قونچاققىلا ئوخشايتتى. تارنا ئۆزىنىڭ يۇرتىدا كۆك كۆز قىزلاردىن بىرنەچچىنى كۆرگەن، لېكىن مۇنداق يېشىل كۆزلۈكنى بومبايدا تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى. چاچلىرىنى ئوغۇل باللاردەك قىسقا ياستىۋالغان رۇۋس خېنىم ئەنگلىيە ۋاكالەتخانىسىدا ھىندى تىلىنى ئاران - ئاران سۆزلەپ ئىشلەپ يۈرەتتى.

تارنا ئالدى بىلەن رۇۋس خېنىمنىڭ ئۆيىگە باراتتى. ئۇنىڭ ئۆيى بىنادىكى ئىككى ئېغىزلىق پاكىز، رەتلىك ئۆي ئىدى. «ھە»، «ياق» تىن بۆلەك گەپنى قىلمايدىغان ياللاڭ قاپاق بىر سەت ئايال ھەمىشە تارناغا كۆز - قۇلاق بولۇپ تۇراتتى. ئۇ ئۆي تازىلىقىغا مەسئۇل ئايال ئىدى.

تارنا ئەتىگەن سائەت يەتتىدە كېلىپ سەككىزگىچە ئاشخانىدا ئىشلەيتتى، ئاندىن كېتىپ، سائەت ئۇچتە يەنە كېلەتتىدە، تۆتكىچە ئىشلەپ قايتاتتى. ئۇ كېلىپ بىرنەچچە كۈنگىچە رۇۋس خېنىمنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرەلمىدى، ھەتتا ئۇنىڭ ھۇجرىسىغىمۇ يېقىن يولاپ باقمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا ھېلىقى سەت خوتۇندىن بۆلەك ھېچكىم كىرەلمەيتتى.

تارنا رۇۋس خېنىمغا بەك ھەۋەس قىلاتتى، ئۇنىڭدەك ئىشخانىدا خەت يېزىپ ئولتۇرۇشنى، ئېتىكى ئۇچۇپ تۇرغان

كۆڭلەك، ئېگىز پاشنىلىق توپلەيلەرنى كىيىپ، رەڭدار كۆڭ-
لۆكنى تۇتۇپ «تاق ـ تاق ـ تاق» دەسسەپ ئىشخانىلارغا
بېرىپ ئىشلەشنى خالايتتى، لېكىن ئۇنىڭغا يۇندىپۇرۇشلۇق-
تىن باشقا نېمە ئىش بار دەيسىز؟ تارنا ئىچىگە تىنىپ قويۇپ،
ماكانىغا قاراپ ئىلدام ـ ئىلدام ماڭدى. چۈنكى، ئۇ راجۇغىمۇ
تاماق ئېتىشى كېرەك ـ دە، سائەت يەتتە بولۇپ قاپتۇ
ئەمەسمۇ!

سائەت ئون بىرلەردە راجۇ ھارغىن ھالدا قايتىپ كەلدى.
تارنا ئۇنىڭ جىلىتكە ـ كۆڭلەكلىرى يىرتىق، تىزلىرى سۈرۈ-
لۈپ كەتكەن، سول بىلىكىدىن قان ئېقىپ تۇرغان ھالىتىنى
كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى:
— بۇ... بۇ نېمە ئىش؟ كىم بىلەن سوقۇشتۇڭ؟
راجۇ يەردە ئولتۇرۇپ قولىدىكى قاننى سۈرتكەچ:
— ئىككى ھامىمال بىلەن سوقۇشۇپ قالدىم، — دېدى.
— مەن خەق بىلەن سوقۇشما دېمىگەنمىدىم، ساڭا؟!
— ۋاي، مەن سوقۇشمىدىم! بىر ئەپەندىنىڭ يۈكىنى ئاپى-
رىپ بەرگەنىدىم، ئىككىسى ئىچى تارلىق قىلىپ مېنى
ئۇردى...
— ھامماللار ساڭا نېمىشقا ئۆچلۈك قىلىدۇ؟ ئۇلارمۇ
ھامال، سەنمۇ ھامال تۇرسالڭ؟
— باشقىلىرىغا قارىغاندە مەن جىق ئىش قىلىمەن، شۇڭا
ئۆچلۈك قىلىدۇ.
— ھە، كېيىن نېمە ئىش بولدى؟
— كېيىن ئۇلار مېنى ساقچىخانىغا ئاپىرىپ بەردى. ھېلى-
مۇ ھامماللارنىڭ باشلىقى ماڭا كېپىللىك قىلدى، باشقىلار-

نىڭ رايى بويىچە بولغان بولسا، ئىش چاتاق بولاتتى.

— قانداق چاتاق بولاتتى؟

— ئەرز قىلىمىز، دەيدۇ، ئەرز قىلسا، مېنى تۈرمىگە سولايدۇ، شۇ! يارامنى تېخىمۇ تىكىنە!

— ۋاي، خۇدايىمەي! — تارنا لەسسىدە يەرگە ئولتۇرۇپ قالدى.

— ئەمدى قانداق قىلارمىز، راجۇ؟

— ھامماللارنىڭ باشلىقى يىگىرمە رۇپىيە بەرسەك بولىدى، دەيدىغۇ.

— كىمگە يىگىرمە رۇپىيە بېرىدىكەنسەن؟

— ئوتتۇرىدىكى ئادەمگە. ئۇنىڭغا شۇ پۇلنى بەرسەك، ئۇلارنى ئەرز قىلىشتىن ياندۇرىدىغان ئوخشايدۇ.

— بۇ گەپچە، تاياقنىمۇ يەپ، يەنە يىگىرمە رۇپىيە بېرىدىغان گەپكەن، دېگىنە؟!

راجۇ لەۋلىرىنى چىشلەپ غەزەپ بىلەن دېدى:

— ھەي... ي! جېنىمىزغا پۇتۇلگەن بومباي!

ئۇ ئىككىسى بىر ئايدا ئاران تەستە ئوتتۇز رۇپىيە يىغقان، ھەر ئايدا ئوتتۇز رۇپىيىدىن يىغقاندا، بىر يىلدا يىغقان پۇلغا ئىككى ئۆكۈز سېتىۋېلىپ بومبايدىن كەتكىلى بولاتتى. لېكىن، بۈگۈن تۇنجى ئايدا يىغقان پۇل بىكارغا كەتتى. بۇلارنى ئويلىغاندا تارنانىڭ يۈرىكى ئېچىشمايدۇ، دەمسىز.

راجۇ تارنانىڭ قولىدىن يىگىرمە رۇپىيىنى ئېلىپ يېنىغا سېلىپ:

— ئەمىسە ھامماللارنىڭ باشلىقىنىڭ قېشىغا باراي، — دېۋىدى، تارنا ئۇنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ:

www.uyghurkitap.com

— ئاۋۋال تامىقىڭنى يەۋېلىپ ماڭ، — دەپ تۇرۇۋالدى. راجۇ ماقۇل بولدى. تارنا كۆكتات دۇكىنىنىڭ ئالدىدىكى تاختىنىڭ ئاستىدىكى قازاندىن تاماقنى ئېلىپ ئەكەلدى. راجۇنىڭ گېلىدىن تاماق ئۆتمىدى. ئۇ بىرنەچچە لوقما يەپلا ماڭماقچى بولۇۋىدى، تارنا يەنە ئۇنى توختىتىۋېلىپ:

— ياراڭنى تېڭىپ قوياي، — دېدى. راجۇ ئامالسىز ئولتۇردى. تارنا كۆزىگە لىققىدە ياش ئالغىنىچە ئۇنىڭ يارىسىنى تېڭىپ تۇرۇپ:

— قايسى كۈنى ئاۋۇ قولۇڭمۇ يارىلانغانىدى - هە؟ — دېدى.

— هەئە، كېمىدىن بىرنېمە توشۇۋاتقاندا تۆمۈر پارچىسى كېسىۋەتكەن.

— مۇشۇمۇ تۇرمۇشمۇ! — دېدى تارنا ئۆپكىدەپ تۇرۇپ، — يۈر، راجۇ، بىز بۈگۈنلا بومبايدىن كېتەيلى!

— ئۆكۈزنىمۇ ئالماي؟

— ئۆكۈزنىڭ ئورنىدا ئۆزىمىز ئىشلەيمىز، بولدى!

— سارالىڭ بولدۇڭمۇ، هوي! كىچىككىنە قاننى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكىنىنى قارا بۇنىڭ. مەدىكارچىلىقتا بولۇپ تۇرىدىغان ئىشلار بۇ!

تۆيۈقسىز كوچا ئۆپۈر - تۆپۈر بولۇپ كەتتى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى هەممە ئادەمنىڭ كۆزى دورىخانا تەرەپتە ئىدى. بىرمۇنچە لۈكچەكلەر يارىلانغان بىر ئادەمنى كۆتۈرۈپ ئۇ تەرەپتىن كېلىۋاتاتتى. ئۇلار قىيما - چىيما قىلىنىپ چىرايى تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن بۇ يارىدارنى كۆتۈرۈپ ئۆتكەندە، يولدا ئۇزۇنغا سوزۇلغان قان ئىزى قالدى. ئۇلارنىڭ كەينىدە

ئىككى ساقچىمۇ كېتىۋاتاتتى.
— ھوي، ئۇ كامىنغۇ... كامىن...! — بەزىلەر ئۇ يارىلانغۇچىنى تونۇپ كۇسۇرلىشىپ كەتتى.
كامىن ئون تۆتىنچى كوچا بىلەن ئون بەشىنچى كوچىنىڭ زومىگىرى ئىدى. بۇ كوچىغا كۇرابى رايونى بويىچە ئەڭ بازىرى چىققان رەققاس ئاياللار توپلانغانىدى. راكىيانىڭ تۆت كوچىدىن تاپقان پۇلى كامىنىنىڭ ئىككى كوچىدىن تاپقان پۇلىنىڭ ئالدىدا ھېچنېمە ئەمەس ئىدى. راكىيا ئۇزۇندىن بۇيان بۇ ئىككى كوچىنىڭ قەستىدە يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى قولغا چۈشۈرەلمىگەنىدى.
كامىنىنىڭ ئادەملىرى ئۇنى كۆتۈرۈپ ساقچىخانا تەرەپكە ئېتىلىپ كېتىپ قالدى. كوچىدىكىلەر كەينىدىكى ساقچىلارنى كۆرۈپ غۇلغۇلا قىلىشىپ كەتتى:
— راكىيا نەدە؟ راكىيا نەگە يوقالغاندۇ؟
— راكىيا پۇناغا كەتكەن، — دېدى لىفتچى پاتان.
— كامىننى كىم ئۇنداق قىلغاندۇ؟ — سورىدى كاسىمانىڭ ئانىسى راگىسماندىن.
— بۇنى بىلمەيمەن، — دېدى راگىسمان ناھايىتى خۇشال ھالدا، — بىراق، بۈگۈن ياخشى كۈن بولدى. راكىيا يەنە ئىككى كوچىنى — ئون تۆتىنچى، ئون بەشىنچى كوچىنى ئىگىلىدى. ئۇ ئىككى كوچىنىڭ ھارىقىنى ئەمدى مەن ساتىمەن. بابۇرائۇنىڭ ئوقىتىمۇ يۈرۈشىدىغان بولدى!
— بابۇرائۇنىڭ ئوقىتى قانداق يۈرۈشىدۇ دەيسىز؟ — سورىدى تارنا.
— ھە... ھە... — راگىسماننىڭ چىرايى ئوڭايسىزلىنىپ كەتتى. ئۇ خوتۇنىغا گەپ قىلىۋاتقاندا تارنانىڭ بۇ يەردە

www.uyghurkitap.com

ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلمىغانىدى، شۇڭا كۈلۈپ تۇرۇپ، — تاكسىچىلىق ئوقىتىنى دەيمەن، تاكسى توسۇپ بېرىدىغان بابۇرائۇ تۇرىدىغان كوچىدىن ئىككىسى كۆپەيدى دېگەن گەپ. ئۇ ئەپەندىلەرگە تاكسى چاقىرىپ بېرىدىغان ئىشنى قىلىدۇچۇ!

— ئاڭلىدىڭمۇ؟ — تارنا راجۇغا گەپ قىلىۋېتىپ بۇرۇلۇپ قارىدى، لېكىن بۇ چاغدا راجۇ كېتىپ قالغانىدى.

تېرىمراج ئۇدۇلدىكى يولنىڭ دوقمۇشىدا تۇراتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ قولىدا بامبۇك ياغىچىغا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قارا بايراقنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. بايراققا ئاق قەغەز بىلەن قىيىلغان ئادەمنىڭ باش، پاقالچاق سۆڭىكى چۈشۈرۈلگەنىدى. ئۇ ئادەملەرگە بۇ قارا بايراقنى پۇلاڭلىتىپ:

— بىزنىڭ بايرىقىمىز كۆتۈرۈلدى! — دەپ ۋارقىرايتتى.

## 24

راكىيا، راجۇ قاتارلىق بىر توپ ئادەم دېمانېرنىڭ ئۆيىگە يىغىلىشتى. راكىيا چاپارمەنلىرىنى ماختاپ:

— يارايسىلەر، بۈگۈن قالتىس ئېسىل ئىش قىلدىڭلار، يارايسىلەر! — دېدى. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ چاپارمەنلەرنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. پاكىنەك گۈرى مەيدىسىگە تارتىۋالغان كۆك كاتەكچە قول ياغلىقىنى تارتىپ ئېلىۋېتىپ:

— ئاتامان، بۈگۈن بىزنىڭ غەلىبە قىلغان كۈنىمىز، ئۇبىدان تەبرىكلەيلى! — دېدى.

— ۋاي، تەبرىكلىمەمدىغان! — راكىيا ئورنىدىن تۇرۇپ

ۋارقىرىدى، — ئەي. . . ي، دېمانىر، يەنە بىرنەچچە بوتۇلكا هاراق كەلتۈر. گۆرى، قارتىنى چىقار، بۈگۈن پۇخادىن چىقـقۇدەك بىر ئوينايلى!

گۆرى يانچۇقىدىن قارتىنى چىقاردى. ئەتراپتىكىلەر يانلىرىدىن پۇللىرىنى چىقاردى. راجۇ يانچۇقىدىن ھېلىقى ئون رۇپىيىلىك ئىككى قەغەزنى چىقىرىپ تاۋاكاغا قويدى.

تۈنۈگۈن ئاخشام توققۇزلاردا بابۇرائۇ دېگىز ساھىلى كىنوخانىسىنىڭ ئالدىدا بىر ئادەمنىڭ يانچۇقىنى كولاۋېتىپ تۇتۇلۇپ قالغانىدى. راگىسمان خەۋەرنى ئاڭلاپلا يۈگۈرۈپ راكىيانىڭ ئالدىغا كەلدى.

بۇ چاغدا راكىيانىڭ كەيپى شۇنداق چاغ بولۇپ، كەينىـ كەينىدىن تۈت رومكا ئىچىۋېتىپ پەيزى بىلەن قىمار ئويناۋاتـتى. ئۇ راگىسماننىڭ يەلكىسىگە قولىنى يېقىنچىلىق بىلەن قويۇپ:

— بۇ خېلى ئاۋارىگەرچىلىكى بار ئىش، ھازىرچە مەن بىرنېمە قىلالمايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن ئۇ ئىشلار بولغاندا ئۇ يەردە يوق، پۇناغا كەتكەن، — دېدى.

— ئۇنداقتا بابۇرائۇ تۈرمىگە كىرىپ ياتامدۇ؟ — دېدى راگىسمان ئەندىشە بىلەن.

— ياتسا ياتامدۇ! بىرىنچى قېتىم جازالىنىشىغۇ بۇ! — دېدى راكىيا پەرۋاسىز.

— تۈرمىدە ياتماسلىقى مۇمكىن، — دېدى قېشىدا تۇرغان گۆرى، — بىرىنچى قېتىم تۇتۇلغاندا تەربىيىلەشكە ئاپىرىپ بېرىدۇ.

— ئۇنداقتا ياخشىكەن، — دېدى راكىيا، — تەربىيىلەپ

قويۇپ بېرىدۇ، دېگىنە!

— ھەي، راگسىمان، — دېدى گۆرى بېشىنى چاي-
قاپ، — بىر ـ ئىككى قېتىم تۇرمىدە يېتىپمۇ باقسۇن. بولمى-
سا، قانداق ئوغۇل بالا بولىدۇ ئۇ؟!

راكىيا راگسىمانغا ئۇچ رۇپىيە بېرىپ:

— تۇتە بۇنى! بابۇرائۇنىڭ ئىشىدىن غەم قىلما! ئىككى
ئاينى ئۆتكۈزۈپ كېلىدۇ ئۇ! ئۇ ئۇ يەردىن خېلى دىتى بار
ئۇستا بولۇپ چىقامدۇ، تېخى! — دەپ كۈلۈۋىدى، چاپارمەن-
لىرىمۇ قاقاقلاپ كۈلدى. راگسىمان بېشىنى ساڭگىلىتىپ كې-
تىپ قالدى.

ئۇ كېتىشى بىلەن راكىيا ئىچىدىكى ئۆيگە قاراپ
ۋارقىرىدى:

— راجۇ، چىقە، راگسىمان كەتتى!

راجۇ چىقىۋىدى، راكىيانىڭ چاپارمەنلىرى ئۇنى زاڭلىق
قىلىپ كەتتى.

— ئاناڭنى! ئوغۇل بالا تۇرۇپ خوتۇن كىشىدىن قورقىد-
نىنى قارىمامدىغان! تارنا بىلىپ قالسا قانداق قىلارسەن، بىچا-
رە؟ باش ـ كۆزىگە ئۇرۇپ، يەرگە يىقىتىپ دەسسىگۈلۈك.
قىز بالا دېگەن تېپىلماسىنىڭ خورمىسىمىدى؟ — دېدى گۆرى.

غەزەپتىن راجۇنىڭ چىرايى كۆكىرىپ كەتتى. راكىيا دەر-
ھال گۆرىنى ئەيىبلەپ:

— سەن تولا راجۇنىڭ چىشىغا تەگمە جۇمۇ، گۆرى، —
دېدى.

بۇ گەپ بىلەن تەڭ ھەممىسىنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈش-
تى. راجۇمۇ گەپ قىلماي كېتىپ قالدى.



www.uyghurkitap.com

راجۇ كەچ سائەت ئون بىرلەردە قايتىپ كېلىۋىدى، تارنا ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئاڭلىدىڭمۇ؟

— نېمىنى؟

— بابۇرائۇ خەقنىڭ يانچۇقىنى كولاپ تۇتۇلۇپ قاپتۇ.

— ھە، ئاڭلىدىم.

— بابۇرائۇنىڭ دادىسى مېنى ئالداپ، ئۇ خەققە تاكسى چاقىرىپ بېرىدۇ، دېگەنىدى.

— ۋاي، نېمە قىلسا قىلمامدۇ! كۆن كۆرسىلا بولدى!

— ئۇنداق كۈن كۆرگۈچە، ئۆلۈپ تۇگىگەن ياخشى ئەمەسمۇ!

تارنانىڭ زەردە بىلەن ئېيتقان بۇ سۆزىگە راجۇ جاۋاب قايتۇرماي بىرئاز تاماق يەپ، ئاندىن:

— تارنا، سەن مەن بىلەن توي قىلساڭ بولمامدۇ؟ — دېدى.

— توي؟

— ھەئە!

— نەدە؟

— نەدە بولماقچى، مۇشۇ يەردە.

— مۇشۇ كوچىدا؟

— بومبايدا تالاي - تالاي كىشىلەر كوچىدا ياشايدىغۇ.

— بىز مۇشۇ كوچىدا توي قىلىمىزما؟ — تارنا ھەيرانلىق بىلەن سورىدى.

— ھەئە!

— راجۇ، بىزنىڭ يېزىنىڭ چاشقانلىرىنىڭ ئەھۋالىمۇ بارغۇ، بىزنىڭكىدىن كۆپ ياخشى. قاراپ تۇرۇپ، بۇ نېمە دېگە-

ىنىڭ ئەمدى؟
راجۇ گەپ قىلماي قوشۇمىسىنى تۇرۇپ ئولتۇردى. تارنا يەرگە قاراپ تۇرۇپ:
— راجۇ، مەن ئاشۇ كۈن ئۈچۈن ياشاۋاتىمەن. كېيىنكى گەپ بولسۇن. پۇل يىغىپ ئۆكۈزلەرنى سېتىۋېلىپ، مېنىمۇ يېزاڭغا بىللە ئەكەت، — دېدى. راجۇ تامىقىنى ئىتتىك يەپ بولۇپ ئورنىدىن تۇردى.
— نەگە؟
— دېڭىز... بويىغا! — دەپ ۋارقىراپ قويۇپ، راجۇ لوك - لوك دەسسەپ كېتىپ قالدى.
تارنا يىغلىغىنىچە تامغا يۆلىنىپ قالدى.

بابۇرائۇ ئالتە ئايلىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. ھۆكۈم قىلىنغان كۈنى ئۆيىدىكىلەرنىڭ ھېچقايسىنىڭ گېلىدىن تاماق ئۆتمىدى، تارنا بىلەن راجۇمۇ تاماق يېمىدى.
ئەتىسى خېلى ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ راگىسمان ئىشقا ماڭمىغانىدى. ئۆز - ئۆزىدىن زەردىگۈش بولۇپ بىردەم ئاسمانغا قارايتتى، بىردەم چىشلىرىنى غۇچۇرلىتاتتى، بىردەم چوڭقۇر ئويغا چۆمگىنىچە ئالتە ياشلىق ئوغلى بارپاگېرغا تىكىلەتتى.
سائەت ئون ئىككىلەردە تارنا، كاسىما ۋە ئۇنىڭ ئانىسى ئىشتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ يېرىم يولدا راگىسمانغا ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ بارپاگېرنى تارتىپ ئەكېلىۋاتاتتى.
— ئۇنى نەگە ئاپىرىسەن؟ — سورىدى كاسىمانىڭ ئانىسى ۋارقىراپ.
— ئىشقا!

— ئۇ تېخى كىچىك بالا! — دېگىنىچە ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستى كاسىما.

— خەقنىڭ باللىرى مۇشۇ يېشىدا جىق ئىش قىلىۋاتىدۇ. پاتوگېرنىڭ بالىسىمۇ مۇشۇنچىلىكقۇ، ئۇمۇ كۈنىگە ئۆيىگە بىر - ئىككى رۇپىيە ئەكىرىۋاتىدۇ. تېلىكىنىڭ بالىسىمۇ مۇشۇنچىلىك، ئۇنىڭ قوللىرىنىڭ چاققانلىقى! ھەتتا چوڭ يانچۇقچىلارمۇ ھەيران قالىدۇ! بالا دېگەننىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق ئەسقاتىدىغان يېرى بولىدۇ. كەينىڭدە تۇر، يولىمىزنى توسىما...

— ئۇنى نابۇت قىلماڭ، تاغا، — دېدى تارنا، — ئۇنى مەكتەپكە بېرىڭ، ئوقۇسۇن، ئىستىقبالىنى تاپسۇن!

— تۇنۇگۈنكى ھېلىقى ساراڭمۇ ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن، — دېدى راگىسمان ئەلەملىك ھىجىيىپ تۇرۇپ، — ئۇ ئىستىقبالىنى تاپالىدىمۇ؟ سەنمۇ باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپتىكەنسەن، يۈندىپۈرۈشلۈق قىلىپ يۈرۈپسەنغۇ مانا! مېنىڭ بالامىغىمۇ مۇشۇ كۈندۇ ئاخىر؟... ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ مەكتەپكە كىرسە، پاكىز - پاكىز كىيىمنى نەدىن تېپىپ بېرىمەن؟ كىتابىنىچۇ؟ قەغەزنىچۇ؟ قەلەم - سىياھىنىچۇ؟ باشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنىچۇ؟ ئۇ نەرسىلەرنى ماڭا كىم بېرىدۇ؟ بۇ ئۆيدە بابۇرائۇنىڭ ئورنىنى كىم باسىدۇ؟ بىز شۇ تاپتا نەدە تۇرۇۋاتىمىز، بىلەمسەن؟

— تاغا... — تارنا كۆزلىرىگە لىقىدە ياش ئالدى.

— كەينىڭگە تۇرۇش، يولنى توسۇشما!

ئۈچ ئايال كەينىگە چېكىندى.

بارپاگېر يىغلىۋىدى، راگىسمان ئۇ كاچىتىنغا بىرنى، بۇ كاچىتىنغا بىرنى سىلىپ، ئۇنى ئۇدۇل دېڭىز ساھىلى كىنوخا-

www.uyghurkitap.com

نىسى تەرەپكە ئېلىپ كەتتى. كوچا دوقمۇشىدىن بارپاگېرنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ:

— دادا، مەن يانچۇقچىلىق قىلمايمەن! دادا، مەن يانچۇقچىلىق قىلمايمەن! — دەپ ۋارقىراۋاتقىنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. غەزەپ، ئەلەم تارنانىڭ يۈرىكىنى يوپۇرماقتەك تىترىتەتتى.

## 25

كەچقۇرۇن بىنالار يەنىلا قۇياش نۇرىغا چۆمۈلۈپ تۇراتتى. پەستىكى يولدا ئاپتاپ بىلەن سايە گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، خۇددى چىپار گىلەم سېلىپ قويغاندەك كۆرۈنەتتى. ساراڭ تېرىمراج بىر بۆلۈڭگە ئۈچ باش كىيىمنى قويۇپ بالىلارغا سۆزلەۋاتاتتى:

— بالىلار! بۇ باش كىيىملەرنىڭ ئاستىدا نېمە بارلىقىنى دەپ بەرسەڭلار، تۆت ئەننا مۇكاپات بېرىمەن.

— تېرىمراج، — دېدى بىر بالا، — نېمە بارلىقىنى سەل پۇرتىپ قويمىساڭ قانداق تاپىمىز؟

— باش كىيىم ئۈچ، تۇرۇشى تۈز، بىرى گەندىچە، بىرى تۈركچە، بىرى كەتمەنچە. مانا، ئۈچىلىسى قاتار بىر سەپتە، — ساراڭ گەندى پاسونىدىكى ھىندى شىلەپىسىنى كۆرسىتىپ، — بۇنىڭ ئاستىدىكى نەرسە ھىندىلارنىڭ جىنىدىنمۇ قىممەتلىك، — دېدى، ئاندىن تۈركچە تەلپەكنى كۆرسىتىپ، — بۇنىڭ ئاستىدىكىگە مۇسۇلمانلار بەك ئامراق، — دېدى، ئاخىرىدا كەپكە شەپكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — بۇنىڭ تېگىدىكى نەرسە ئۈچۈن ياۋروپالىقلار ھەتتا ھاياتىدىنمۇ

كېچىدۇ. قېنى، ئەمدى دەپ بېقىڭلار، بۇلارنىڭ تېگىدىكى نېمە؟ — دېدى.

بىر ھىندى قىز قوپۇپ بىرىنچى شىلەپىنى كۆرسىتىپ:

— ئۇنىڭ ئاستىدىكىسى گانگې دەرياسىنىڭ سۈيى، — دېدى.

بىر مۇسۇلمان ئوغۇل بالا تەلپەكنى كۆرسىتىپ:

— بۇنىڭ ئاستىدىكىسى تەسۋى، — دېدى.

بىر خرىستىئان بالا كەپكىنى كۆرسىتىپ:

— ئۇنىڭ ئاستىدىكىسى ئىنجىل. ئۇ بىزنىڭ ھاياتىمىز-دىكى ئەڭ قىممەتلىك، — دېدى.

— خاتا! — ساراڭ ھاياجان بىلەن ۋارقىرىغىنىچە باش كىيىملەرنى بىردىن - بىردىن ئاچتى.

بىرىنچى باش كىيىمنىڭ ئاستىدىكىسى بىر پايسا پۇل ئىدى. ئىككىنچىسىنىڭ ئاستىدىكىسىمۇ بىر پايسا پۇل، ئۈ-چىنچىسىنىڭ ئاستىدىكىسىمۇ ئوخشاشلا بىر پايسا پۇل ئىدى.

باللار بۇ ئىشقا قاراپ ھەيران قالدى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ساراڭغا قاراشتى. ساراڭ ئۈچ پايسانى خاتا جاۋاب بەرگەن ئۈچ بالىغا بۆلۈپ بېرىپ، خاپا بولغان ھالدا:

— كېتىڭلار، بۈگۈنكى دەرس تۈگىدى! — دەپ ۋار-قىرىدى.

باللار تېرىمراجنىڭ ساراڭلىقى تۇتقانلىقىنى كۆرۈپ دۈررىدە تارقاشتى. تېرىمراج ئىككى باش كىيىمنى قاتلاپ كەپكىنىڭ ئىچىگە تىقىشتۇرۇۋاتقاندا بىر ئاياغ تىۋىشى ئاڭ-لاندى. ئۇ بېشىنى كۆتۈردى، ئۇنىڭ ئالدىدا تارنا بىر كىتابنى تۇتۇپ تۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

— ھە، نېمە ئىش؟ — ساراڭ زەردە بىلەن سورىدى. تارنا كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— ئاڭلىسام، سىز ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپتىكەنسىز، — دېدى. تېرىمراج دەرھال جاۋاب بەرمەي، ئاۋۋال ساقىلىنى ئاندىن قويۇق قاشلىرىنى سىلىۋېتىپ، ئاندىن سۆزلىدى:

— ھە، پۈتتۈرگەن، نېمە ئىش بوپتۇ؟

تارنا تېرىمراجنىڭ ئالدىغا يېقىن كېلىپ دېدى:

— كەچۈرۈڭ، بىلەلمىدىم، سىزنى ئەقلىدىن ئازدۇرغان نېمىدۇ؟ قارىسام، زادى ساراڭغا ئوخشىمايسىز. قەستەن شۇنداق بولۇۋالدىڭىزمۇ، يا بەزىدە ئازراق تۇتۇپ قالىدىغان بىر يېرىڭىز بارمۇ؟

— مەن بىلەن نېمە چاتىقىڭ؟ سېنىڭ باشقا ئىشىڭ يوقمۇ؟ ماڭ، ئىشىڭنى قىل، — دەپ ۋارقىرىدى تېرىمراج چىچىلىپ.

— مەن ئىككىمىز بىرلىشىپ كوچىدىكى باللارغا مەكتەپ ئاچايلىمىكىن دېگەن، ئۇلارنى ئىككىمىز ئوقۇتساق.

— ئوھۇي... — تېرىمراجنىڭ كۆزلىرى ھاياجاندىن چاقناپ كەتتى، — كوچىدىكى باللارغا مەكتەپ ئاچساق؟ ياخشى... ناھايىتى ياخشى...

— بۇ تەكلىپىم سىزگە يارىدىما؟ — سورىدى تارنا خۇشال بولۇپ.

— ياخشى... ناھايىتى ياخشى... — دېدى تېرىمراج بېشىنى سىلىكىپ.

— مەن بىلەن بىللە ئوقۇتامسىز، ياقمۇ؟ — سورىدى تارنا زور ئىشەنچ بىلەن.

— نېمىشقا ياق؟ نېمىشقا ياق؟ مەن ئوقۇتمىسام، كىم

ئوقۇتقۇدەك؟ لېكىن، ئېسىڭىدە بولسۇن، مەكتەپنى شەھەر قۇرۇلۇشى مەمۇرىيىتى ئىچىدە ئاچىمىز، باشقىلار ئاچسا بول-مايدۇ!

— ئەلۋەتتە، سىز ئاچىسىز، — دېدى تارنا، — مەن ئاران باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. مېنىڭ بىلىدىغىنىم ئازراقلا، كۆپىنى سىز ئۆگىتىسىز. ئۆتۈلىدىغان دەرسلەر ئېسىڭىزدە بارمۇ؟

— ئېسىمدە! ئېسىمدە بار! — دېدى ساراڭ جىددىي تەرىزدە، — بىرىنچى سىنىپنىڭ دەرسى، دېرىزىگە تاش ئې-تىش؛ ئىككىنچى سىنىپنىڭ دەرسى، مەكتەپكە كېتىۋاتقان بالىنى ئۇرۇش؛ ئۈچىنچى سىنىپنىڭ دەرسى، يانچۇق كولاش؛ تۆتىنچى سىنىپنىڭ دەرسى، نەرسە ئوغرىلاش؛ بەشىنچى سى-نىپنىڭ دەرسى، تۈرمىدە يېتىش... سەن قورقما، كوچىدىكى بالىلارنى مۇشۇنداق تەربىيىلەيدىغان بولسام، بەش يىل ئەمەس، ئۈچ يىل ئىچىدىلا ئىلمىي ئۇنۋان ئالىدۇ.

— چاقچاق قىلماڭ، — دېدى تارنا، — بالىلارغا سىز شۇنى ئۆگىتەرسىزمۇ؟

— باشقىسىنى ئۆگەتسەك جىنايەت بولىدۇ، — دېدى سا-راڭ يەرگە قاراپ. تارنا خاپا بولدى:

— مەن سىزنى يالغان ساراڭمىكىن دېسەم، ئەسلىدە راست ساراڭ ئىكەنسىز ئەمەسمۇ!

— شۇنداق، تارنا، — دېدى ساراڭ ئازابلىنىپ، — بارلىق ئادەملەرنىڭ ئىچىدە پەقەت مەنلا ساراڭ!

— ياش نوتىدەك بالىلارنىڭ ۋەيران بولۇپ كېتىۋاتقانلىقى-نى ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىز، سىز ھېچنېمىنى بىلگۈ-چىلىكى يوق ئادەم ئەمەس، ئوقۇغان ئادەمغۇ! ئەجەبا، سىز

ھېچنېمىگە ئىشەنمەمسىز؟

— ھېچنېمىگە ئىشەنمەيمەن!

— ھېچنېمىگە؟

— پەقەت ئالتە نەرسىگىلا ئىشىنىمەن، — دېدى تېرىمىراج بارماقلىرىنى پۈكۈپ سۆزلەشكە باشلىدى، — ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنى ھىندى دىنىغا، ئىككىنچى كۈنى ئىسلام دىنىغا، ئۈچىنچى كۈنى بۇددا دىنىغا، تۆتىنچى كۈنى خرىستىئان دىنىغا، بەشىنچى كۈنى يەھۇدىي دىنىغا، ئالتىنچى كۈنى كاتولىك دىنىغا.

— يەكشەنبە كۈنىچۇ؟ يەكشەنبىدە قايسى دىنغا ئىشىنىسىز؟ — سورىدى تارنا زەردە بىلەن. ساراڭ كۈلۈپ تۇرۇپ ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن سۆزلىدى:

— يەكشەنبە كۈنى مەن ھېچقانداق دىنغا ئىشەنمەيمەن. يەكشەنبە كۈنى ساھىبجامالىلار كۈنى، لېكىن ھېچقانداق ساھىبجامالنىڭ دىنى يوق. سەن ئىشەنسەڭ بولىدۇ، لېكىن قايسى ساھىبجامالنىڭ دىنىغا ئىشىنىسەن؟ گۈل - چېچەكلىرى ئېچىلىپ تۇرغانلىقىمۇ؟ چاچلىرىنى تۇگۇۋالغانلىقىمۇ؟ قىزىل نۇر چاقناپ تۇرغانلىقىمۇ؟ زادى قايسىنىڭ دىنىغا؟ كەل، تارنا، بايرىقىمنىڭ ئاستىغا كەل، مەن سېنىڭ گۈزەل رۇخسارىڭنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ قوياي!

ساراڭ كۈلگىنىچە سول قولىدا بايراقنى ئېگىز كۆتۈردى. قارا بايراق تارنانىڭ كۆز ئالدىدا پۇلاڭلاشقا باشلىدى. تارنا بايراقتىكى ئىسكىلىتىنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپ قورقۇپ بەدەر قاچتى.

ساراڭ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

راجۇ كوچىدىكى ماكانىغا ئەڭ ئاخىرىدا كېلىدىغان بولغاچقا، تارنا مۇنداق ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋالغانىدى: ئاۋۋال كاسىمانىڭ ئانىسى بىلەن بىللە كوچىدا تاماق ئېتەتتى، ئاندىن ئاۋۋال قايتىپ كەلگەن چوڭ - كىچىك ئەركەكلەرگە تاماق بېرىپ بولۇپ، كېيىن كاسىما ۋە ئۇنىڭ ئانىسى ئۈچى بىللە ئولتۇرۇپ تاماقلىناتتى، تاماقتىن كېيىن يولدىكى مۇقىم ئورۇنغا ياتىدىغان جاي راسلاپ بولۇپ، يىڭنە ئىشى قىلغاچ پاراڭلىشاتتى.

بەزىدە بارپاگېر ئۇيقۇسى قېرىشىپ ئورنىدىن تۇرۇپ تارنانىڭ ئالدىغا كېلەتتى. تارنا ئۇنى قۇچىقىغا ياتقۇزۇپ:

— مۇشۇ يەردە ئۇخلامسەن، بارپاگېر؟ — دەيتتى. بارپاگېر ئۇنىڭ قۇچىقىدا ئۇزۇن سوزۇلۇپ ياتاتتى. تارنا ھېكايىسىنى باشلايتتى، بارپاگېر ئاڭلاپ يېتىپ پۇشۇلداپ ئۇيقۇغا كېتەتتى. بۇ بارپاگېر بىلەن تارنانىڭ ھەر كۈنى قىلىدىغان ئىشى ئىدى.

لېكىن، بۈگۈن تارنا ئۇنىڭغا رەسىملىك كىتابچە ئەكەلگەنىدى. بۇ كىتابچىنىڭ رەسىملىرى رەڭلىك بولۇپ، ئاستىغا يوغان - يوغان قىلىپ شۇ نەرسىنىڭ ئىسمى يېزىقلىق ئىدى.

— بۇ نېمە؟ — سورىدى بارپاگېر.

— كىتاب.

— مېنى كۆرسۇن دەپ ئەكەلدىڭمۇ؟

تارنا كىتابچىنى ئۇنىڭغا بەردى. بارپاگېر كىتابنى ئاۋايلاپ ئېچىپ زوق بىلەن كۆرۈشكە باشلىدى ۋە بىر بەتتە ئافرىقىدا بولىدىغان تاغىل ياۋايى ئاتنى كۆرۈپ:

— بۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى.

www.uyghurkitap.com

— زېبرا.

— بويىنى ئاجايىپ ئۇزۇنكەن - ھە؟

— ھەئە.

— ھى، ھى... — بارپاگېر كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى، — ئۇ بۇ يەردە ئۇخلىسا، چوڭلۇقىدىن بىزنىڭ ياتىدىغان يېرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئىگىلىۋالغۇدەك - ھە؟

بۇ گەپتىن تارنامۇ كۈلۈپ كەتتى. بارپاگېر تۇيۇقسىز سورىدى:

— مەكتەپتىكى بالىلارمۇ مۇشۇ كىتابنى ئوقۇمدۇ؟

— ھەئە. سەنمۇ ئوقۇيسەن - ھە!؟

— مەن قانداق ئوقۇيالايمەن؟ — دېدى بارپاگېر مەيۈسلىنىپ.

— مەن ساڭا ھەر كۈنى ئۆگىتىمەن، ماقۇلمۇ؟ — دېدى تارنا كۆيۈنۈپ.

— ماقۇل! — بارپاگېر خۇشال ھالدا يېڭى بىر بەتنى ۋاراقلىدى.

تۇيۇقسىز بىر قول كېلىپ كىتابنى تارتىپ ئەكەتتى. تارنا بىلەن بارپاگېر چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى. كىتاب راگىسمانىنىڭ قولىدا تۇراتتى. ئۇ كىتابنى پارچە - پارچە قىلىپ يىرتىپ، تارناغا:

— سەن بالامنى نابۇت قىلىۋەتمەكچىمۇ؟ تۇرساڭ بۇ يەردە تۈزۈك تۇر، بولمىسا، يوقال، — دېدى.

تارنا ئۇنىڭغا گەپ قىلماي ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالدى. بارپاگېر كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى، كالپۇكلىرى تىترەپ كەتتى، قورقىنىدىن بېشىنى تارنانىڭ مەيدىسىگە قويۇۋالدى، تارنامۇ ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىدى.

راگىسمان پارچە ـ پارچە قىلىپ يىرتىۋېتىلگەن كىتابنى دەسسەپ ئۆتۈپ كەتتى. تارنا ئۈمىدسىزلەنگەن هالدا يىرتىق كىتابنىڭ ۋاراقلىرىغا قاراپ قالدى. زېبرانىڭ رەسىمىمۇ تۆت پارچە قىلىپ يىرتىۋېتىلگەنىدى.

## 26

ئەتىسى تارنا ئىشقا بارماي، گەنكاتېرنى ئىزدەپ يىغىۋې-لىش ئورنىنىڭ ئىشخانىسىغا باردى.

— كوچىدىكى باللارغا مەكتەپ ئاچاي دېۋىدىم، — دېدى ئۇ گەنكاتېرغا.

— كوچىدىكى باللارغا؟

— هەئە.

— بۇ ئۇبدان پىلان ئىكەن! — دېدى گەنكاتېر ئويلى-نىپ، — توۋا، مۇشۇ كۈنگىچە مېنىڭ خىيالىمغا كەلمەپتى-كەن بۇ ئىش. هەقىقەتەن ياخشى ئويلاپسىز، قىزچاق!

تارنا ئۈمىدلەنگەن ۋە خۇشال بولغان هالدا:

— تاغا، سىز ياردەم قىلمىسىڭىز بولمايدۇ. ماڭا كىتاب، قەغەز، قەلەم، سىياھ، دوسكا هەم بور كېرەك، — دېدى.

— ئۇلارغۇ تېپىلار، مۇھىمى ئۇلارنى نەدە ئوقۇتىسىز؟

— ئۇ كوچىدا بولمايدۇ، هەممىسىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچ-راپ كېتىمەن. يوشۇرۇن بولغىنى ياخشى. يەنە باللارغىمۇ دەپ قويۇش كېرەك، دەرستىن چۇشۇپ كوچىسىغا كىرگەندە هەرگىز بۇ ئىشنى دېمىسۇن. بولمىسا، مەن ئۇ كوچىدىن قوغلاندى بولىمەن.

— ئەمىسە، نەدە ئوقۇتىسىز؟

— مۇنداق بىر جاي، بىر كوچا تاپساق بولاتتى، بىزنىڭ كوچىدىن سەل يىراق، لېكىن بەك يىراق بولماسلىقى كېرەك. بولمىسا، بىزنىڭ كوچىنىڭ بالىلىرى بارالمايدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ گەنكاتېرنىڭ چىرايىغا خۇشاللىق يۈگۈردى.

— ھە، راست، سىلەرنىڭ كوچىدىكى ھېلىقى بىنانىڭ كەينىدە تۆت تەرىپى تام بىلەن قورشالغان بىر ئوچۇقچىلىق بار. شۇ يەرنى مەكتەپ قىلىسىڭىز بولمىدىمۇ؟ بىنانىڭ ئىگىسىدىن سورىساقلا بولىدى. ئۇ مېنى تونۇيدۇ، مەن ھازىرلا بېرىپ سوراي. مەنمۇ مەكتىپىڭىزگە بېرىپ دەرس ئۆتۈپ بېرىمەن. سىز ناھايىتى ساۋابلىق ئىش ئويلاپسىز، قىزچاق، — ھاياجانلىنىپ سۆزلىگەنسېرى گەنكاتېرنىڭ چىرايى نۇرلىنىپ كەتتى، — غەم قىلماڭ، ھەممە ئىش جايىدا بولىدۇ. ئۇ بىنانىڭ ئىگىسى بىلەن بۇگۈنلا سۆزلىشىمەن. بۇ ساۋابلىق ئىش، ئۇمۇ ياردەم قىلىدۇ.

— ئۇنداقتا... مەن ئەمدى سىز بىلەن قاچان كۆرۈشىمەن، تاغا؟

— چۈشتىن كېيىن قېشىڭىزغا بېرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىمەن.

— بولىدۇ، — دېدى تارنا سەل ئويلىنىۋېلىپ.

كەچقۇرۇن گەنكاتېر كەلدى. تارنا ئۇنى بىر چەتكە تارتتى. گەنكاتېر ئۇنىڭغا مەكتەپنىڭ ئىشى پۈتكەنلىكىنى، بىنا ئىگىسىنىڭ قوشۇلغانلىقىنى، يەنە بالىلارغا كىتاب - دەپتەر سېتىۋالىدىغان پۇلمۇ بېرىشكە قوشۇلغانلىقىنى ئېيتقاندا، تارنا

خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كەتتى ۋە ئېگىلىپ تۇرۇپ گەنكاتېر-
نىڭ پۇتلىرىغا قولىنى تەگكۈزۈپ سالام قىلدى. گەنكاتېر ما-
ڭىدىغان چېغىدا:

— ئىشلەپ پۇل ئالمىسىڭىز، تۇرمۇشىڭىزنى قانداق
قىلىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇنىڭمۇ بىر يولى بولار!

گەنكاتېر گەپ قىلماي تارناغا رازىمەنلىك بىلەن بىرھازا
قاراپ تۇرۇپ:

— ماقۇل، — دېدى، — ئەتە ئەتىگەندە بېرىڭ. باشقا
ئىشلارنى شۇ چاغدا سۆزلىشەرمىز.

ئەتىسى ئەتىگەندە تارنا ماڭاي دەپ تۇرغاندا راجۇ:

— تۈنۈگۈن ئاخشام كىم كەلدى؟ — دەپ سورىدى.

— گەنكاتېر، يىغىۋېلىشىنىڭ خادىمى.

— ئۇ نېمە دەيدۇ؟ — سورىدى راجۇ ھوشيارلىق بى-
لەن، — بىرەرسىنىڭ توي خەۋىرىنى ئەكەلمىگەندۇ؟

— ياقەي، — تارنا دەررۇ گەپ توقۇدى، — ئۇ. . . ئۇ.
. . ئۇلارنىڭ كوچىسىدا ئۇنىڭ بىر دوستى بار ئىكەن. شۇ-
نىڭغا قازان بېشىنىڭ ئىشىنى قىلىدىغان بىر ئادەم لازىم ئى-
كەن. . . — تارنا دۇدۇقلاپ قالدى. شۇ ئارىدا كاسىما پەرۋا-
سىز سورىدى:

— تۈنۈگۈن ئىشقا بارماپسەنغۇ؟ ھەممىسى مەندىن
سورىدى.

تارنا گەپ قىلالماي بېشىنى تۆۋەن سېلىپ كېتىپ قالدى.
راجۇ ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن قاراپ قالدى، ئۇنىڭ بويۇن
تومۇرلىرى كۆپچۈپ، مۇشتلىرى تۈگۈلۈپ كەتكەنىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئەسكىلىك قىلمىدى، نېمىدۇر بىرنېمىنى ئويلىنىپ قالدى.

بۈگۈن يانچۇقىغا ئوتتۇز رۇپىيە چۈشكەن راجۇ نامايىتى خۇشال، شۇڭا ئۇ تارنانى كىنوخانىغا تارتىپ تۇرۇۋالدى.

— بۈنچە جىق پۇلنى نەدىن تاپتىڭ؟ — سورىدى تارنا.

— بۈگۈن دېھلىدىن ياۋروپاغا ساياھەت ئۆمىكى كەپتىكەن، — دېدى راجۇ خۇشال ھالدا، — مەخسۇس شۇلارنىڭ يۈكىنى توشۇپ، ھەممىمىز بىر ھەپتىلىك پۇلنى تېپىۋالدۇق. بۈگۈن مەن بىلەن كىنو كۆرگىلى بارمىساڭ بولمايدۇ.

كىنودىن كېيىن ئۇلارر قايناق بازارنىڭ ئىچىدىن ئۆتتى.

ئاھ، بۈگۈنكى بومباي نەقەدەر چىرايلىق بولۇپ كەتكەنھە. ھەممە ئادەمنىڭ چىرايىدىن سەممىيلىك، ئاق كۆڭۈللۈك چىقىپ تۇرىدۇ. ماگىزىنلارنىڭ دېرىزىلىرىدە جۇلالىق، يۇمشاق سارىلار، خۇددى ھەممىسىلا تارنا ئۈچۈن تىكىلگەندەك؛ سەرراپخانىلاردا ئالتۇن - كۇمۇشتىن قىلىنغان ئېسىل زىننەت بۇيۇملىرى، ھەممىسىلا راجۇنىڭ تارناغا ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن ياسالغاندەك؛ ماشىنا دۇكانلىرىدا شۇقەدەر چىرايلىق پىكاپلار، بۇلارمۇ خۇددى راجۇنىڭ تارناغا ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن ياسالغاندەك. . . بۈگۈن راجۇ بىلەن تارنا بۇ دۇنياغا ۋە بۇنىڭدىكى ھەممە نەرسىگە ھەرگىز پەرۋاسىز قارىمايدۇ. بۇ دۇنيا ئۇلار ئۈچۈن يارىتىلغان. مانا، ئۇلار خۇددى شەھەرنى سېتىۋالغاندەك، كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېتىۋاتىدۇ.

بۈگۈن ئۇلارغا ئاپتوبۇسقا چىقىدىغانلارنىڭ ئۆچرەتلىرىمۇ ئازىيىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى، گويا باققاللارمۇ دۇكانلىرى-

نى ئۇلار ئۇچۇن زىننەتلىگەندەك، تاتلىق يېمەكلىك ساتىدىغان-
لارمۇ رەڭلىك سايىۋەنلىرىنى يېيىپ قويۇپ ئۇلارنى چاقىرى-
ۋاتقاندەك، فونتانلارمۇ كۈمۈش سۇلىرىنى ئۇلار ئۇچۇن چاچ-
رىتىۋاتقاندەك، ئاسمانمۇ ئۇلارغا ئېچىلىپ- سۈزۈلۈپ قارى-
غاندەك، دېڭىز دولقۇنلىرىمۇ ئۇلار ئۇچۇن ساماغا چۇشكەن-
دەك تۇيۇلاتتى.

ئۇلار نارمان چوققىسىغا چىقىپ قۇياشنىڭ ئولتۇرۇۋاتقان-
لىقىنى تاماشا قىلدى. پېتىۋاتقان قۇياشنىڭ رەڭدار نۇرلىرى
تارنانىڭ يۇزىنى يورۇتتى، شامال تارنانىڭ چاچلىرىنى يەلپۈيت-
تى، بۇ ئىككى ئاشىق - مەشۇقنىڭ يۇزلىرىگە ئۇششاق سۇ
تامچىلىرىنى ئەكېلىپ ئۇراتتى. راجۇ تارنانىڭ قولىنى تار-
تىپ:

— تارنا، چەكسىز دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىرنېمە بار،
كۆردۈڭمۇ؟ — دېدى.

— ھىم!

— نېمە؟

— ئۆي!

— ھەسەن - ھۆسەندىن ياسالغانمۇ؟

— ھەئە. يەنە مەرۋايىت، گۆھەر تاشلاردىن ياسالغان دەر-
ۋازىسىمۇ بار ئىكەن.

— دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا بىر قىزمۇ تۇرۇپتۇ، ئەنە!

— سېنىڭ خوتۇنۇڭ؟

— ھەئە. خوتۇنۇم!

— سېنىڭ تارنايىڭ؟

— شۇنداق، مېنىڭ تارنايىم! — دېدى راجۇ تارنانىڭ
بېلىدىن قۇچۇپ تۇتۇپ.

www.uyghurkitap.com

كېيىن ئىككىسى جىمجىت تۇرۇشۇپ كەتتى. دولقۇنلار خادا تاشلارغا ئۇرۇلۇپ ئاپئاق كۆپۈكلەرنى چاچرىتاتتى. قۇ-ياش چىرايىنى قىزارتقان هالدا دېڭىز كەينىگە چۆكتى. شامال بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى. يىراقتىن خۇش پۇراقلار ئۇچۇپ كەلدى، ئەتراپتىن يېقىملىق ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى. خۇش پۇراقلار نەپەسنى غىدىقلىسا، ناخشا يۈرەكنى ئويناتات-تى. ئۇلار پۈتۈن دۇنيانى ئۇنتۇغان هالدا بىر- بىرىگە مەهكەم يۆلىنىپ تۇراتتى، قەلبىدە بىرلا نىيەت، بىرلا مەقسەت بار ئىدى.

— تارنا، ماڭا تەگكىن! — دېدى راجۇ پەس ئاۋازدا،

— ماڭا ئاشۇ ئۆينى بەرسەڭ، — تارنا بۇ گەپنى راجۇغا ئەمەس، ئۆزىگە سۆزلىگەندەك دېڭىزغا قاراپ پىچىرلىدى.

— قايسى ئۆينى؟

— ئابايا ئۇ ئۆينى كۆرگەنمىدىڭغۇ؟ — تارنا خۇددى چۈشىدىن ئويغانغاندەك جىددىي بۇرۇلۇپ تىترىگەن هالدا راجۇنىڭ مەيدىسىگە يۆلىنىپ ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى، — ماڭا ئالتۇن - كۈمۈشتىن ياسالغان ئۆي كېرەك ئەمەس، بىر كەپە بولسىلا بولىدى. راجۇ، ماڭا شۇ ئۆينى تېپىپ بەرگىن!

راجۇ يەرگە قارىۋالدى.

ئەتىسى تارنا گەنكاتېرنىڭ قېشىدىن كېلىۋاتقاندا، بىر پىكاپ كېلىپ ئۇنىڭ يېنىدا توختىدى - دە، بىرى ئىشىكنى ئېچىپ:

— تىنچلىقمۇ؟! — دېدى. تارنا بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ مۇهتار بېگىمنىڭ هېجىيىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى، كۆرۈپلا بېشىنى شاققىدە بۇرىدى - دە، يولىغا مېڭىۋەردى. مۇهتارمۇ

ماشىنىسىنى ئۆنىڭ بىلەن تەڭ سۆرەتتە ھەيدەپ گەپ قىلدى:
— تېخىچە بومبايدىكەنسىز؟
— سىلەرنىڭ سېتىۋالغان شەھىرىڭلار بولمىغىيتتى بۇ.
— ھوي، نېمانداق ئاچچىق بۇ! ھە، نېمانداق ئاچچىق!
قەدىرلىكىم، ئاچچىقىڭىزنى بېسىۋېلىڭ! كېلىڭ، ماشىنامغا
چىقىڭ!
— ياق!
— ئەزىبىرايى، چىشىڭىزغا تېگىدىغان گەپ قىلمايمەن.
— ياق! ياق!
— ساقچى...
— ساقچى چاقىرامسىز؟ — تارنا دىمىغىنى قېقىپ
قويدى.
— چاقىرىپ.. ئەگەر مەكتەپ ئاچقۇڭىز بولمىسا...
ئۇ چاغدا...
تارنا بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇيۇقسىز توختاپ قالدى. ئۇ مۆھ-
تارنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنىپ، غەزەپتىن گې-
پىنى تاپالماي قالدى:
— سىز... سىز...؟
مۆھتار بېشىنى ئاستا لىڭشىتىپ دېدى:
— توغرا. مەن! ئاشۇ بىنانىڭ ئىگىسى، سىزگە
مەكتەپ ئۈچۈن ھەممىنى راسلاپ بەرگەن مەن. مەن سىز
ئويلىغاندەك يامان ئادەم ئەمەس. كېلىڭ، ماشىنامغا چىقىڭ.
ئەزىبىرايى، چاتاق گەپ قىلمايمەن.
تارنا ئۇنىڭغا ئاچچىقى بىلەن قاراپ قويۇپ ماشىنىسىغا
چىقىپ ئولتۇردى.
مۆھتار ماشىنىنى دەرھال ھەيدەپ:

— نەدە ئولتۇرىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— دېگىنىز ساھىلىنىڭ قېشىدىكى ئون ئىككىنچى كوچىنىڭ دوقمۇشىدا. ئون بىرىنچى كوچىدا چۈشۈپ قالىمەن.

ئون بىرىنچى كوچىغا كەلگەندە تارنا ماشىنىدىن چۈشمەكچى بولۇۋىدى، مۆھتار ئۇنىڭغا دېدى:

— سىز ناھايىتى باتۇر قىز، بۇ تەرىپىڭىزگە مەن قايىل. شۇنداقتىمۇ، قىز بالا دېگەن ئاجىز. مۇشۇنداق ئايدەك چىرايىڭىز بىلەن كوچىدا ياتسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ سىزنىڭ ئۆيىڭىز بولۇشى كېرەك. ئەگەر خالىسىڭىز، مەن سىزگە بېرىپ تۇراي. ئاۋۋال قىممىتىڭىزنى بېكىتىۋالايلى.

— مېنىڭ قىممىتىم؟

— شۇنداق، — دېدى مۆھتار ناھايىتى ئىشەنچ بىلەن، — ھەربىر ئادەمنىڭ قىممىتى بولىدۇ. خوش، ئۆزىڭىزگە نەچچە باھا قويىسىز؟

تارنانىڭ غۇژژىدە جۇدۇنى ئۆرلىدى، لېكىن مەكتەپنى ئويلاپ ئاچچىقىنى يۇتتى ـ دە، كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— ماقۇل، ماڭا ئۆي بېرىپ تۇرىدىغان غوجام، بىر كۈنى سىزگە باھايىمنى دەپ بېرەي، جۇمۇ! — دېدى.

— قايسى كۈنى؟

— بىر كۈنى! — تارنا تەتۈر قارىغىنىچە ئىشىكنى جالاققىدە يېپىۋېتىپ، ئۇدۇل مېڭىپ ئون ئىككىنچى كوچىنىڭ دوقمۇشىدا كۆزدىن غايىب بولدى.

مۆھتار تارنانىڭ كەينىدىن بىرھازا قاراپ تۇرۇپ كېتىپ كالپۇكلىرىنى چىشلىدى ـ دە، ماشىنىسىنى ھەيدەپ ئون ئىككىنچى كوچىغا يانداش ئون ئۈچىنچى كوچىنىڭ ئىچىدىن



www.uyghurkitap.com

چىقتى ۋە تارنانىڭ ئون ئىككىنچى كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى ئىستولبىنىڭ تۈۋىدە كاسىما بىلەن سۆزلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى، ئۇ ئىككى قىزمۇ ئۇنى كۆردى. مۆھتار ئۇلارنى كۆرمىگەندەك تەمكىن قىياپەتتە، ئالدىغا قاراپ ماشىنىسىنى ھەيدەپ ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

مۆھتار تارنانىڭ تۇرىدىغان يېرىنى كۆردى، تارنامۇ مۆھ-تارنىڭ ئون ئىككىنچى كوچىدىن ئۆتكەنلىكىنى كۆردى، لې-كىن ئىككىلىسى راجۇنىڭ بىر قاراڭغۇ بۇلۇڭدا تۇرۇپ ئۇزلە-رىگە دىققەت قىلغانلىقىنى سەزمىدى.

## 27

كوچا مەكتىپى ئېچىلغىنىغا ئون كۈن بولغاندا، راكىيا ئۆز پادىشاھلىقىدا سەل ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىقىنى، بۇ ئۆز-گىرىش چوڭ بولمىسىمۇ، ھەرھالدا كۆڭۈلسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدى. تۇيۇقسىز، بالىلارنىڭ توپلىشىپ مۇشتە-لىشىپ ئوينايدىغان ئىشلىرى يوقالدى، يانچۇقچىلىقمۇ ئازى-يىپ كەتتى، لۈكچەكلەر ئۈچۈن كۆز - قۇلاق بولۇپ بېرىدى-غان ئىشلارمۇ يوق، ئۆيلەرگە ئوغرىلىقچە ھاراق توشۇپ بې-رىدىغان بالىلارنىمۇ گۈگۈم چۈشۈشى بىلەنلا ھېچ يەردىن تاپ-قىلى بولمايدۇ. بالىلارنىڭ كۆزىدە غەلىتە بىرنەرسە پارقىراي-دۇ. بۇ قورقۇمسىزلىق! توۋا، بۇ نېمە ئىش، ئادەمنىڭ يۈرى-كىنى ئاسقىتۇرۇپ!

راكىيا ئۆۋىسىدىن چىقىپ بىرنېمىگە ئېتىلىدىغان بۆرى-دەك ئەتراپقا خىرىس بىلەن نەزەر تاشلىدى، لېكىن كىمگە

ئېتىلىدۇ؟ ئۇ ئاۋۋال بۇ كۆڭۈلسىز ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قى-
لىۋاتقان نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى بىلىشى كېرەك!

ئۇ كوچىدىكى بالىلاردىن سوراپ باقتى، لېكىن ئۇلار ھوشيار كەلدى، ئۇنىڭغا ھېچقانداق قۇيرۇق تۇتقۇزمىدى. ئۇ چۈشەندى، بۇ يەردە چوقۇم بىر ئىش بارلىقىنى چۈشەندى. بالىلارنى قورقۇتۇشتىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى، ئۇ باش-قىچە ئامال قىلىش قارارىغا كەلدى. چۈنكى، كوچا بالىلىرى لۈكچەكلەرنىڭ ئەڭ ياخشى دەسمايىسى، ئۇلارنى قولدىن چى-قىرىۋېتىشقا بولمايدۇ!

«ئۇلار نەگە بېرىۋاتقاندۇ؟»

«بۇ يەردىمۇ كۆرۈنمەيدىغۇ؟»

«نېمە قىلىۋاتقاندۇ؟»

ئۇ ئۇلارنىڭ كەينىگە ئادەم سېلىشى كېرەك، ئۆزىنى خۇددى ھېچنېمە بىلمىگەندەك، ھېچنېمە سەزمىگەندەك تۇتۇ-شى كېرەك، ئۆزىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغان بالىلارغىمۇ ھېچنې-مە دېمەي، پەرۋاسىز يۈرۈپ تۇرۇشى كېرەك!

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن راكىيا ھەممىنى بىلدى.

ئون ئۈچىنچى كوچىدىكى مۆھتار بېگىمنىڭ بىناسى كەي-نىدىكى قورشاۋ تامنىڭ ئىچىدە مەكتەپ ئېچىلغان، كۈنىگە گەنكاتېر ئىككى سائەت دەرس بەرگەن. بالىلارغا كىتاب - دەپتەر ھەقسىز بېرىلگەن. بالىلارنىڭ، ھەتتا كىچىككىنە قىز-لارنىڭمۇ ئۆگىنىشكە بولغان قىزغىنلىقى كۈندىن - كۈنگە ئاشقان.

دەسلەپكى ئون نەچچە كۈن ئىچىدە ھەممە نەرسە مەخپىي بولغانىدى. بالىلار سىزغۇچ، دەپتەر، كىچىك دوسكا قاتارلىق-

لارنىڭ ھەممىسىنى مەكتەپكە قويۇپ كەلگەن. ئون نەچچە
كۈندىن كېيىن بالىلار ھېچقانداق قارشىلىقسىز ئۇچرىمىغاچقا،
بىردىنلا يۈرىكى يوغىنىغان، ئوچۇق - ئاشكارا كىتابلىرىنى
كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان، خەقلەرنىڭ كۆزىچىلا دەپتەرلىرىگە يول-
ۋاس، پىلىلارنىڭ رەسىمىنى سىزىدىغان، تاختىلارغا ھەرپلەر-
نى، يەرلەرگە سان - سېفىرلارنى يازىدىغان بولۇۋالغانىدى.

بۇرۇن ئاشلىق دۇكىنىنىڭ ئۇستىدىكى بىنادا ئولتۇرىدىغان
ئەنگلىيىلىك بالا مەكتەپكە ماڭغاندا بارپاگېر ئىچىدە ھەۋەس
قىلاتتى ھەم گېزى كەلگەندە «دۇر، دۇر»①دەپ ئۇنى دۇشكەل-
لىۋالاتتى. نېمىلا دېگەنبىلەن، بارپاگېر كوچا بالىسى - دە.
ئانىسىغا ئەركىلەپ ئۇسكەن ئۇ ئاجىز ئىنگلىز بالىغا قارىغاندا
كۆپ كۈچلۈك، بىر ئىشلاردا جېنى بار، يەنە ئۇنىڭ پۇل
تېپىپ ئۆز ئالدىغا ياشىيالايدىغان كىچىك ئاغىنىلىرى بار.
شۇنىمۇ دېيىش كېرەك، بۇ بالا ئاغىنىلەرنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ
كىيىمى پاكىز بولۇپ باققان ئەمەس، ئۇ يەر - بۇ يەرلىرى
تۆشۈك، مەيدىلىرىدە يىرتىقلار خۇددى مېدال - ئوردېنلاردەك
ساڭگىلاپ تۇرىدۇ... ئۇلار بىرەر قۇر يېڭى كىيىمگە ئې-
رىشسە دەرھال كىيمەيدۇ، بەلكى ھېيت - ئايەملەردە كىيىدۇ.
تېخى كىيگەندىمۇ پەخىرلىنىپ كىيىدۇ، دەمسىز، ياق، قورۇ-
نۇپ كىيىدۇ، پاسكىنا بولۇپ كەتمىسۇن دەپ، ھېچبولمىغاندا
ئىككى سائەتكىچە ئاغىنىلىرى بىلەن ئازادە يۈمۈلاپ - دومى-
لاپ ئوينىيالمايدۇ. يەنە بۇلارنىڭ ئىچىدە شۇنداقلىرىمۇ بار،
يېڭى كىيىملىرىنى ئەكېلىپ ئاغىنىلىرىگە كۆرسىتىدۇ، ئۇلار
ئۇ كىيىمنى خۇددى ئۆز كىيىملىرىدەك ئۇستىلىرىگە ئارتى-

① ئوردۇچە: «يوقال!» دېگەن مەنىدە.

شىپ، ئۇياقتىن بۇياقىا مېڭىشىپ كېتىدۇ. كەمپىغەللەر مۇ-شۇنداق، ئازغىنا نەرسىنى بولسىمۇ تەڭ كۆرۈشنى خالايدۇ. بايلار بولسا ئۇنداق ئەمەس، ھامان ئۆزىنىلا كۆزلەيدۇ.

لېكىن، مەكتەپ ئېچىلغاندىن كېيىن كوچا باللىرى پا-كىزلىققا دىققەت قىلىدىغان، كىيىملىرى كونا بولسىمۇ، رەت-لىك، پاكىز كىيىدىغان بولدى. ئۇلار ئەمدى يۈزلىرىنى يۇيات-تى، چاچلىرىغا ئانچە ـ مۇنچە بولسىمۇ سۇ تەگكۈزۈپ، ئوتتۇرىدىن ياما ئايرىپ تارىۋالاتتى.

يەتتىنچى كوچىدىكى رائۇ دەيدىغان باللىق قەيەردىندۇر تېپىۋالغان بىر سۇنۇق تارغىقى بار ئىدى. يىگىرمە نەچچە بالا ھەر كۈنى مۇشۇ تارغاقتا چاچلىرىنى تاراپ، ئاندىن مەكتەپكە كىرەتتى. بۇمۇ تارنانىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە بولغان ئىش ئىدى.

بارپاگېر يەتتە ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن قىلىقلىرى چوڭ باللارنىڭكىدەك بولۇپ قالدى. ئۇ ھازىر ئۆز كىيىمىنى ئۆزى يۇياتتى. دادىسى ھەرقانچە زورلىسىمۇ، ئۇ يانچۇقچى-لىق قىلمىدى، ھەتتا ئۇرسىمۇ ئۇنىمىدى.

مانا بۈگۈن بۇ ئىنگلىز بالىسى ناھايىتى ھەيرانلىقتا. بارپا-گېر ئۇنىڭغا «دۇر!» دەپ ۋارقىرىغىنى يوق، بەلكى كۈلۈپ تۇرۇپ:

— خەيرلىك سەھەر! — دېدى. ئىنگلىز بالىسى دەسلەپتە قېتىپ تۇرۇپ قالدى، كېيىن بارپاگېرنىڭ قولىدىكى كىتابلار-نى كۆردى- دە، خۇشاللىق بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ:

— خەيرلىك سەھەر! ئىسمىم چونار، — دېدى.

— مېنىڭ ئىسمىم بارپاگېر، — دېدى بارپاگېر پەخىرلەن-گەن ھالدا. ئىككى بالا قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ۋە كۈلكە-

چاقچاق بىلەن بىلەن مېڭىشتى.

بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ بوۋاينىڭ قاپىقى تۈرۈلدى. كاسىما دادىسىغا قاراپ ئىچىدە: «خوپ بولدى» دەپ ئاجايىپ خۇشال بولدى، لېكىن ئىچىدىكىنى دېيەلمىدى، دېسە، تاياق يېمەمدۇ! ئۇ ئىنگلىز بالا بىلەن بىللە كېتىۋاتقان ئىنىسىغا قاراپ چەكسىز ھاياجانلاندى ۋە خۇشال بولدى، ئىنىسىدىن پەخىرلەنگەن ھالدا تاكى ئۇلارنىڭ قارىسى كۆزدىن يىتكۈچە كەينىدىن قاراپ قالدى.

راكىيا دېمانىرنىڭ ئۆيىدە يىغىن چاقىردى، ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى كەلدى. بۈگۈنكى كۈندە راكىيانىڭ پادىشاھلىقى خەتەر ئىچىدە قالغان، راكىيا پادىشاھ بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ ئىسياننى قەتئىي باستۇرۇش نىيىتىگە كەلگەنىدى. ئۇنىڭغا ئايان: ئۇ كىچىككىنە سەرگەردان گۆدەكلەرنى يامان ئىشلارغا سېلىش ئوڭاي، چوڭلىرى چاتاق، ھەدېسە جىق پۇل ئالىمەن، دەپ جېدەل قىلىدۇ. بۇنداق دانا پادىشاھلار ئۈچۈن بۇ ئۇششاق ئەسكەرلەرسىز ئىش قىلىش ئاقمايدۇ. دۇرۇس، ئۇنىڭغا ئوفىتسېرلار كېرەك، لېكىن ئەسكەر بولمىسا، ئوفىتسېرنىڭ نېمە كېرىكى؟

— بىز ئىسيانغا دۇچ كەلدۇق، — دېدى راكىيا، — بىلىۋاتامسىلەر، ئىسيانغا! مۇنداق ئىسيانغا ئەبلەخ ئىنگلىزلارنى دۇچ كېلىپ باقمىغان.

— راكىيا تاغا، — دېدى گۈرى، — غەلىتە گەپ قىلىدىڭغۇ؟ مەن ئۇ شۇمتەكلەرنى كاچات بىلەن ئىككى كۈندىلا بويسۇندۇرىمەن.

— توغرا، بۇ توغرا گەپ بولدى، — دېدى باراگېنزا.

ئۇنىڭ ئىچكىدە پىچاقتىن قالغان يوغان تارتۇق بار ئىدى، —
ھەربىر كوچىدىن ئىككى - ئۈچىنى ھەممىنىڭ ئالدىغا ئاچ-
قىپ قويساق، ئۇلار قوينىڭ قوزىسىدەك بولۇپ كېتىدۇ.
— بۇنداق قىلساق بالىلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ كېتىد-
ىمىز، — دېدى راكىيا، — سەن بالىلارنىڭ مىجەزىنى چۈشەن-
مەيدىكەنسەن، بالىلارغا بۇ ئاقمايدۇ.
بۇ گەپتىن كېيىن باراگېنزانىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشتى.
— ئەمىسە، - دېدى پەتەك چاندمونى، — بىر - ئىككىسى-
نى ئۆلتۈرۈۋېتەيلى. بىزنىڭ كوچىدا مادگېر دەيدىغان بىر بالا
بار، بالىلارنى مەكتەپكە بېرىشقا قوتراتقان شۇ. ئەتە - ئۆگۈن
شۇنداقلارنى ئۆلتۈرۈپ كوچىغا تاشلىۋەتسەك، ياكى ئىز -
دېرەكسىز يوق قىلىۋەتسەك بولمامدىمۇ!
راكىيا بېشىنى كەسكىن چايقاپ تۇرۇپ:
— ھەي ئەخمەق، — دېدى، — ئۇنداقلارنى ئۆلتۈرۈۋەت-
سەڭ بالانىڭ چوڭى تاشمامدۇ! بالىلارمۇ، قېرىلارمۇ، يىگىت-
لەرمۇ، قىزلارمۇ، ئاتىلارمۇ، ئانىلارمۇ. . . ھەممىسى بىزگە
يوپۇرۇلىدۇ. . . ئۇ چاغدا جاننى نەگە قويىمىز؟
— ئەسلىدە بۇ بالانى تارنا تېرىغان، — دېدى گۆرى.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ راجۇنىڭ چىرايى شاپپىدە قىزاردى.
— مېنىڭچە، ئۇنىڭ بىلەن گەنكاتېرنىڭ چوقۇم بىر ئالا-
قىسى بار. ئۇ يىغىۋېلىشنىڭ ئادىمى تۇرۇپ ئۇ يەردە دەرس
ئۆتۈۋېتىپتۇ. نېمە ئۈچۈن؟ ئەجەب نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان بۇ
بالىلارنى ئوقۇتۇشنى ئويلىماپتىكەنا ئۇ؟ — دېدى بىرەيلەن
سۆز قىستۇرۇپ. بۇ گەپتىن كېيىن باراگېنزامۇ زۇۋانغا
كىردى:
— بۇرادەر، ئەجەب دۆتكەنسەن! تارنانىڭ گەنكاتېر بىلەن

ئەمەس، مۆھتاربەگ بىلەن مۇناسىۋىتى بار. مەكتەپنىڭ ئالدى-
دىكى بىنا مۆھتاربەگنىڭ. مۆھتارنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكى-
نى بىز بىلمەيمىزما؟ كۆرابىنىڭ ئۆزىدىلا ئۇنىڭ ئون پاھىشى-
خانىسى بار.
— زوۋانىڭنى يىغ جۇمۇ! — راجۇ ۋارقىرىغىنىچە پىچى-
قىنى چىقاردى. باراگىنزامۇ پىچىقىنى چىقاردى.
— بىر خوتۇننى دەپ، — دېدى ئۇ ئاستا ئېزىلىپ
سۆزلەپ، — شۇنچە يىلدىن بېرى قىلىۋاتقان ئىش - ئوقىتى-
مىزنى ۋەيران قىلىۋەتمە! بىز ياشامدۇق، ياشىمامدۇق؟ قىز
بالا دېگەن ساماندەك جىق نېمە ئۇ. لېكىن، ئاۋۋال قورسىقى-
مىز توق بولمىسا بولماس.
باراگىنزا بىر قولى بىلەن پىچاقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يەنە
بىر قولى بىلەن قورسىقىنى ئۇرۇپ قويدى. راجۇمۇ پىچىقىنى
ئۇنىڭ ئالدىدا پۇلاڭلاتتى. راكىيا دەرھال ئۇلارنىڭ ئارىسىغا
كىردى:
— ئۇرۇشماڭلار! ئۇرۇشماڭلار! سىرتنىڭ ئىشىنى تىن-
جىتماق يوق، ئۆزلىرى ئۇرۇشۇپ كېتىۋاتقىنىنى ماۋۇ خەق-
نىڭ. ھەي ئەخمەق! ھەي نادان! بىز ئەتە بالىلارنىڭ ئەدىبىنى
بەرمەيمىز. ئۇلار ئۆزىمىزنىڭ بالىسى، بىزنىڭ دەسمايىمىز،
ئۇلارنىڭ بىر تال مويىغىمۇ تېگىشكە بولمايدۇ، لېكىن مەك-
تەپنى تاقايمىز. پۈتۈن بالايىئاپەتنىڭ مەنبەسى شۇ. مەكتەپنى
تاقىساقلا، بالىلار گېپىمىزنى ئاڭلايدىغان بولىدۇ.
— ۋاي، شاھىم، بەلەن گەپ بولدى، بەلەن! — دەپ
ۋارقىرىدى سېنگىر. باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ۋارقىراش-
تى:
— بەلەن گەپ بولدى، بەلەن!

— خوش، — دېدى راكىيا، — مەكتەپنى كىم تاقايدۇ؟ بۇنىڭغا كىم مەسئۇل بولىدۇ؟

گۆرى بىلەن باراگېنزا ئورۇنلىرىدىن شاققىدە تۇردى. ئۇلار ئارىدا راجۇمۇ ئورنىدىن تۇردى - دە، راكىيانىڭ چىرايىغا قاراپ تۇرۇپ دېدى:

— بۇنى مەن قىلاي، شاھىم!

راكىيا گۆرى، باراگېنزا ۋە راجۇلارغا تازا بىر قارىۋېتىپ، ئاندىن:

— توغرا، — دېدى، — بۇنى راجۇ قىلىشى كېرەك. مۇشۇنداقتا دۇرۇس بولىدۇ. لېكىن، راجۇ، مەكتەپ چوقۇم ئەتە تاقىلىشى كېرەك! ساڭا نەچچە ئادەم لازىم، دېگىنە؟

— ياق، ئاتامان، — دېدى راجۇ، — ئۆزۈم يالغۇز ھۆددىسىدىن چىقالايمەن.

## 28

ئۇ كۈنى ئاخشىمى ھاۋا ئىنتايىن تۇتۇق، شامال دىدارى يوق، كوچىلار قاپقاراڭغۇ ئىدى. راجۇنىڭ ئىچى بەك سىقىلىپ كەتتى. تارىنا ئىستولىبىنىڭ تۇۋىدە ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ ئۈچ ئۆينىڭ ئىشىنى قىلاتتى، مەكتەپتە ئىككى سائەت دەرس بېرەتتى، يەنە ئۆزى ئۆگەنمىسىمۇ بولمايتتى. شۇڭا، كەچ كىرىشى بىلەنلا ھېرىپ - چارچاپ، تاماقنى يەپلا ئۇيقۇغا كېتەتتى. ئۇلار بۇرۇن ھەمىشە تاماقنى يەپ بولۇپ تېلېفون بوتكىسىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ سائەتلەپ مۇڭدىشاتتى. لېكىن، يېقىندىن بۇيان بۇ ئىشلار يوق بولدى. بىر كۈنى راجۇ ئۇنىڭ بىلەن

پاراڭلاشقۇسى بارلىقىنى ئېيتتى، لېكىن تارنا ئۇيقۇسى كېلىپ كەتكەچكە ئۇنىڭ تەلپىنى رەت قىلدى.

بۈگۈن راجۇنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۇزۇنغىچە ئۇياق ـ بۇياققا ئۆرۈلۈپ يېتىپ، ھەممەيلەن ئۇيقۇغا كەتكەندىن كېيىن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ تارنانى ئويغاتتى.

تارنا ئويغىنىپ سەل خاپا بولغان ھالدا:

— نېمە بولدى؟ — دېدى.

— مۇھىم بىر گەپ بار.

— ئەتىگەندە دېگىنە، بىرئاز ئۇخلىۋالاي.

— ياق، ھازىر دېمىسەم بولمايدۇ، — دېدى راجۇنىڭ ئاۋازىدىن بىر خىل زورلۇق پۇراپ تۇراتتى.

تارنانىڭ ئۇيقۇسى قاچتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ راجۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى ۋە تېلېفون بوتكىسىنىڭ كەينىگە كەلدى.

— ھە، دېگىنە، تۈن كېچىدە ئۇيقۇنى بۇزۇپ، دېمىسە بولمايدىغان قانداق گەپكىن ئۇ، ئاڭلاپ باقاي؟

تارنا ئەسلىدە ئۇنى بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە سۆيىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن ئىسسىق لەۋنىڭ ئورنىغا قاتتىق كاچاتنىڭ تېگىشىنى كىم ئويلىغان! راجۇ ئۇنىڭ كاچىتىغا چاڭگىلدە بىرنى سېلىپ، ئاۋازىنى پەس قىلىپ تىللىدى:

— ۋۇ لەنتى، چوشقىنىڭ بالىسى! مەكتەپ ـ مەكتەپ دەپ ئاشنىلىرىڭ بىلەن ئويناۋاتامسەن ـ ھە؟ گەنكاتېر، مۇھتارلار بىلەن، شۇنداقمۇ؟ كۆزۈمگە توپا چاچاي دەمسەن؟

تارنا ياغاچتەك قېتىپ تۇرۇپ قالدى، كېيىن مەڭزىنى سىلاپ يۇم ـ يۇم يىغلىغىنىچە:

— ياق، — دېدى، — مەن باللارغا دەرس بېرىۋاتىمەن.

www.uyghurkitap.com

راجۇ، سەن مېنى بىلىسەنغۇ، راجۇ. شۇنداق تۇرۇپ، بۇ نېمە دېگىنىڭ ئەمدى؟

— يالغان... ھەممىسى يالغان... سېنىڭ ھارامزادىلىكىڭنى ئەمدى چۈشىنىپ يەتتىم. ھېلىقى كۈنى گەنكاتېز سېنى ئىزدەپ كەلگەندە، سەن ئۆي خىزمەتچىسى ئىزدەپ كەتتۇ، دېگەنىدىڭ. ئەمەلىيەتتە، مەكتەپنىڭ مەسلىھەتىنى قىلىشىپسىلەرغۇ؟

— مەن راگىسمان تاغىنى گۇمانلاندۇرۇپ قويماي دەپ، ساڭا شۇنداق دېگەن. ئۇ بىلىپ قالسا بارپاگېرنى مەكتەپكە ئەۋەتمەيتتى. يەنە...

— ھە، يەنە ئاشۇ مەكتەپنى دەپ مۇھتارنىڭ پىكاپىغا چۈشۈپ ئوينىدىم، دېگىن، — راجۇ سۆزلىگىنىچە تارنانىڭ كاچىتىغا زەردە بىلەن يەنە بىرنى سالدى. تارنا يىغلاپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— ئۇنداق ئەمەس. مەن ئۆيگە قايتىۋاتقان. ئۇ يولدا ئۇچراپ قالدى، مېنى ماشىنىسىدا ئون بىرىنچى كوچىنىڭ دوقمۇشىغا ئەكىلىپ قويۇپ كېتىپ قالدى. يولدا قولۇمنىڭ ئۇچىندمۇ تۇتقىنى يوق. ماڭا ئۇنداق تۆھمەت قىلما! مەن پەقەتلا سېنىڭ، راجۇ، راجۇ...

— ۋۇ پاسكىنا، جالاپ! — راجۇ ئۇنى تىللىغىنىچە مۇشتلاپ، تېپىپ كەتتى. بۇ چاغدا تارناغا يەر - ئاسمان پىرقىرىغاندەك بىلىنىپ كەتتى، سەنتۈرۈلگىنىچە راجۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى.

— ئەتىدىن باشلاپ، — دېدى راجۇ ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويۇپ، — ئاشۇ مەكتەپكە بارىدىغان بولساڭ، جېنىڭنى ئالدمەن!

راجۇ تارنانى ياتقان يېرىگە تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قالدى.

خېلى بىرھازادىن كېيىن تارنا ئورنىدىن تۇرۇپ كۆزلىرىنى سۈرتتى، سۇ جۇمەكنىڭ قېشىغا بېرىپ سۇ ئىچتى، يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇدى، ئۇستىۋاشلىرىنى، چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، يەنە بېرىپ ئىستولىبىغا يۆلىنىپ ئولتۇردى.

ئۇ پۈتۈن بىر كېچە راجۇنى ساقلىدى. ئۇنىڭ ھەممە ئىشنى راجۇغا ئېيتقۇسى، ھەممىنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرگۈسى، ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاپ، ئۇنىڭغا پۈتكۈل مۇھەببىتىنى بىلدۈرگۈسى، ئۇنىڭ بىھۇدە گۇمانلىرىنى يوقاتقۇسى بار ئىدى. شۇڭا، ئۇ بىر كېچە كۈتتى، لېكىن راجۇ كەلمىدى، بىر كېچە كەلمىدى.

ئەتىسى، ئۇ ئىشلىرىنى تۈگىتىپ مەكتەپكە باردى. ئۇ ھامان بارماي قويمايتتى.

بۇ غەلىتە مەكتەپ ئىدى. ئورۇندۇق، ئۈستەللىرىغۇ يوق، ھەتتا يېزا مەكتەپلىرىدەك كۆتەك بەندىڭلىرىمۇ يوق ئىدى. مەكتەپنىڭ ئىككى تەرىپى بىنانىڭ ئەۋرىزى. يەنە بىر تەرىپىگە خىش، تاش، ھاك، بامبۇك، ياغاچ پارچىلىرى، سىر تۇڭى، چوتكا دېگەندەك كېرەكسىز نەرسىلەر دۆۋىلىۋېتىلگەن، يەنە بىر تەرەپتىكى ئارغامچىغا كىر يېيىقلىق ئىدى. باللار ئوتتۇرىدىكى توپا يەردە ئولتۇراتتى.

ئوقۇشقا يىراق كوچىلاردىكى باللارمۇ كەلگەنىدى. دەسلەپتە بىرنەچچىلا بالا كەلدى، كېيىن ئون نەچچە، ئاندىن يۈز نەچچە بولدى. شۇ تاپتا بۇ يەردە ئىككى يۈزدىن ئوشۇق بالا ئوقۇيتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا يوغان قارا دوسكا، تارنا باللارغا ساناق ساناشنى ئۆگىتىپ بولۇپ، كەرزە يادلاتتى. بۇ بۈگۈنكى ئەڭ ئاخىرقى دەرس ئىدى. بۇ دەرستىن كېيىن ناخشا ئېيتىلاتتى.

تى. تارنا ھەمىشە باللارنى ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى بىر ناخشىنى ئېيتقۇزۇپ بولۇپ ئاندىن قويۇپ بېرەتتى.

مانا بۈگۈن ئۇ دەرسىنىمۇ سۆزلەپ تۈگەتتى، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى دەرد ـ ھەسرەت سۆزلەپ تۈگەتكۈسىز دەرىجىدە ئىدى. تۇۋا، راجۇ ئۇنىڭغا ئاجايىپ قوپاللىق قىلدى ـ ھە! بىر كېچە قايتىپ كەلمىگىنىچۇ، تېخى ئۇنىڭغا بوھتان قى-لىشلىرىچۇ... ئۇ نېمىشقا ئۇنداق قىلىدىغاندۇ؟ بوپتۇ، باش-قىلار نېمە دەپ ئويلىسا ئويلىسۇن، لېكىن ئۇ... ئەجەبمۇ كۆڭلى قارا ئىكەنا، ئۇنىڭ... ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟ ئۇ بۇرۇن ئۇنداق ئەمەستىغۇ؟ مېنى تاك ئېتىپ چېكىپ باقمىغان، ئەمدى تۇرۇپلا...

ئۇ ئۆزىنىمۇ سەزمىگەن ھالدا باللارغا كەررە يادلىتىۋەردى، كېيىن نېمىنىدۇر ئويلاپ تۇيۇقسىز توختاپ قالدى. شۇ چاغدا بىر قىزچاق ئۇنىڭ پېشىنى تارتىپ:

— ئاچا، دەرس تۈگىدىغۇ، ئەمدى ناخشا ئېيتايلى، — دېدى.

— ھە... — تارنا سەل مەڭدەپ گېپىنى تاپالماي قالدى، — ماقۇل... ماقۇل... ناخشا... ناخشا... بۈگۈن ھېلىقىنى ئېيتايلى، — تارنا زورىغا كۈلۈمسىرىدى، — «دۇنيادا ئەڭ گۈزەل جاي».

قىزلار ناخشىنى باشلىدى:

دۇنيادا ئەڭ گۈزەل جاي ھىندىستان،
ھىندىستان بىز ئۈچۈن ئىللىق ماكان.

ئوغۇللارمۇ خورغا قوشۇلدى:

ھىندىستانلىق ھەممىمىز قان قېرىنداش،
ھىندىستان بىز ئۈچۈن ئىللىق ماكان.

ئىككى يۈز نەچچە بالىنىڭ ئاۋازى — ئاددىي، نامرات، بەختسىز، جاپاكەش كوچا بالىلىرىنىڭ كۈچلۈك ئاۋازى ئاسمانىنى تىترەتتى.

تۈيۈقسىز بىرى تامدىن ئارتىلىپ چۈشتى. تارنا بۇرۇلۇپ قارىدى. راجۇ غەزەپ بىلەن دوسكا تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى.

راجۇ يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە تارنانى ئىتتىرىۋېتىپ، دوسكىنى ئېلىپ يەرگە ئۇردى. تارنا يىقىلدى. ئۇنىڭ يىقىلغانلىقىنى كۆرۈپ بالىلار داڭقېتىپ قالدى. قىزلار چىرقىرىشىپ قاچتى.

شۇ چاغدا، يەنە بىرنەچچە لۈكچەك تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ بالىلارنى باش - كۆزى دېمەي ئۇرغىلى تۇردى، ئۇلارنىڭ كىتاب- دەپتەرلىرىنى تارتىۋېلىپ پارچە - پارچە قىلىپ يىرتىۋەتتى. بالىلار قورقۇپ بەدەر قېچىشتى.

تۈيۈقسىز، ئۇلارنىڭ قۇلاق تۈۋىدە تارنانىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. تارنانىڭ ئۇستىۋاشلىرى يىرتىلغان، بىلىكىدىن قان ئېقىپ تۇراتتى. ئۇ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— قاچماڭلار. . . بالىلار، قاچماڭلار! بۇ سىلەرنىڭ مەكتىپىڭلار. سىلەر ئۇنى قوغدىشىڭلار كېرەك. ئەگەر بۈگۈن سىلەر كېتىپ قالساڭلار، بۇ مەكتەپ ئەمدى مەڭگۈ ئېچىلمايدۇ!

يۈگۈرۈشۈۋاتقان بالىلار شاپپىدە توختىدى، لېكىن ئۇلار

www.uyghurkitap.com

نېمە قىلىشىنى بىلمەيتتى.

تارىنا راجۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئىككى قولى بىلەن بېلىنى تۇتقىنىچە، غەزەپلىك ھومىيىپ تۇرۇپ:

— ھامماللىق قىلىشۋاتىمەن، دېگىنىڭ مۇشۇما؟ — دېدى، — ساندۇق كۆتۈرگىنىڭ مۇشۇما؟ ئۆزۈڭنى مۇشۇنداق قىلىپ زەخىملەندۈرۈۋالغانمۇ؟ ئوچۇقىنى دېسەڭ بولمامدۇ، راكىياغا ئىشلەۋاتىمەن، بۇ پۇل لۈكچەكلىك قىلىپ تېپىۋاتقان پۇل، دېسەڭ بولمامدۇ؟ ھە؟ ساڭا ئەجەب ئىشىنىپ كېتىپتىمەنا؟ سەن ماڭا نېمە دېگەنىدىڭ؟ سەن مېنى ھەر كۈنى، ھەر سائەت ئالداپ كەپسەنا؟ ھە، گەپ قىلمايسەنغۇ؟ زۇۋانىڭ تۇتۇلۇپ قالدىما؟ بومبايغا نېمىشقا كەلگىنىڭ ئېسىڭدىدۇ؟ كالا سېتىۋېلىشقا كەلمىگەنمىدىڭ، ھە؟ كالىغا ئېرىشمەي تۇرۇپ، خەقنىڭ كالىسى بولۇپ قالدىم، دېگىنە!

راجۇ ئاچچىقى بىلەن مۇشتىنى دۈۋەيلىدى. تارىنا ئەلەم بىلەن دېدى:

— تۈنۈگۈن سەن مېنى ئۇرغاندا مەن بوپتۇ، دېگەن، چۈنكى سېنى مېنى سۆيىدۇ، بىلمەي قىلدى، دەپ ئويلىغان. لېكىن، بۈگۈن ئۇنداق بولمايدۇ. قېنى، ئەمدى ئۇرۇپ باقە، مېنىڭمۇ كۆرسىتىدىغان كاراملىتىم بار!

— بۇ يەردىن كەت، تارىنا! بولمىسا، ۋەيرىنىڭنى چىقىرىۋېتىمەن!

— ھەرگىز كەتمەيمەن! قېنى، قايسىڭ مەكتەپنى ۋەيران قىلىدىكەنسەن، مەنمۇ شۇنىڭ ۋەيرىنىنى چىقىرىمەن! — تارىنا شۇنداق دېگىنىچە، يۈگۈرۈپ بېرىپ يەردىن بىر پارچە خىشنى ئېلىپ راجۇغا ئاتتى ۋە بالىلارغا، — ئېتىڭلار، بالىلار، بۇ لۈكچەكلەرنىڭ باش - كۆزىنى يېرىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى.

بۇ گەپ بىلەن تەڭ بالىلارغا جان كىردى. بۇلار كوچا بالىلىرى، باتۇر، قەيسەر، قورقۇمسىز بالىلار ئىدى؛ كوچا-كويلاردا نۇرغۇن جەڭگى - جېدەللەرنى باشتىن ئۆتكۈزگەن، دۈشمەنلىرىگە قانداق تاقابىل تۇرۇشنى بىلىدىغان ھوشيار، چاقفان بالىلار ئىدى. شۇڭا، ئۇلار بىردەمدىلا ئۆزلىرىنى رۇسلىدى. ئوغۇللار قىزلارنى دالدىسىغا ئېلىپ تۇرۇپ، لۈك-چەكلەرگە شىددەتلىك ھۇجۇم باشلىدى. تاشلار مۆلدۈردەك ياغدى. بالىلارنىڭ قولىدا خىش، تاش، ھەتتا ياغاچ پارچىلىرى-مۇ بار ئىدى، بەزىلىرى خەت يازىدىغان تاختىلىرىنىمۇ قورال قىلىپ كۆتۈرۈپ چىققانىدى.

لۈكچەكلەر بىرنەچچە مىنۇت قارشىلىق كۆرسەتتى، لې-كىن ئۇلار قانداق قىلغان بىلەن بەش - ئالتىلا ئادەم - دە. ئىككى يۈزدىن ئوشۇق بالا تاش - كېسەكنى مۆلدۈردەك ياغ-دۇرغىلى تۇرسا، ئۇنىڭغا بەرداشلىق بەرگىلى بولىدۇ دەم-سىز! لۈكچەكلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ پۇت- قوللىرى يارىلان-دى، بەزىلىرىنىڭ قاپىقى، بەزىلىرىنىڭ كاللىسى يېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بەدەر قاچتى. بالىلار خۇشال چۇرقىرىشىپ كەتتى.

لۈكچەكلەر قاچتى، لېكىن راجۇ قورشىلىپ قالغانىدى. بالىلار ئۇنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ تاختا، تاش، كالتەكلەر بىلەن ئۇرغىلى تۇردى. تەرەپ - تەرەپتىن كېلىۋاتقان زەربىدىن ئۇھ دېگۈچىلىكى قالمىغان راجۇ ئاخىر بولالماي پىچىقىنى چىقار-دى، بالىلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قارىغۇ بولۇپ قالغان يىرتقۇچ ھايۋاندەك ئۆزىنى ئۇياق - بۇياققا ئۇرۇپ، ئاخىر ھالسىزلىنىپ يىقىلدى. بالىلارغا قويۇپ بەرسە ئۇنىڭ بېشىنى چەيلىۋېتەت-تى، لېكىن تارنا كېلىپ ئۇلارنى توسۇۋالدى.

www.uyghurkitap.com

— بولدى ئەمدى! بولدى قىلىڭلار! ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايەت. مەكتىپىڭلارنى قوغداپ قالدىڭلار، بولدى، ئەمدى قولۇڭلاردىكى تاش، توقماقنى تاشلاڭلار!

بالىلار راجۇغا غەزەپ بىلەن ئالىيىپ قويۇپ، ئامالسىز قوللىرىدىكىنى تاشلاشتى ۋە يەردىكى يىرتىپ تاشلىۋېتىلگەن كىتاب - دەپتەرلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى.

تارنا ئېڭىشىپ راجۇغا قارىدى، راجۇ ھوشىدىن كەتكەنىدى، تېنىدىن قان ئېقىپ تۇراتتى. تارنا ئۇنى قۇچىقىغا ياتقۇزۇپ، يۈزىدىكى قانلارنى سۈرتكەچ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغان بالىلار بېشىنى تۆۋەن سېلىپ كېتىپ قالدى.

تۇيۇقسىز تارنا پۈتۈك ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىدى:

— بالىلار، ناخشىنى ئېيتىپ بولۇپ ئاندىن كېتىڭلار!

كېتىشكە تەمشىلىۋاتقان بالىلار توختاپ تارنانىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى، ناخشا ئېيتىۋېتىپ ئىختىيارسىز مۇشتلىرى تۈگۈلدى، ئاۋازلىرى بارغانسېرى ياڭراق چىقىشقا باشلىدى:

ھىندى بىز، ھىندى بىز، ھىندىستانلىق بىز،
ھىندىستان بىزنىڭكى، بىزنىڭ جايىمىز.

راجۇ تۇيۇقسىز ھوشىغا كېلىپ تارنانىڭ قۇچىقىدىن بېشىنى كۆتۈردى، تارنانى كۆردى، ئەتراپىدىكى سەبىي، گۆدەك بالىلارنى كۆردى. بالىلارنىڭ چىرايىدا ئىپتىخارلىق، قەتئىيلىك ئەكس ئېتەتتى. ئۇلارنىڭ رۇخسارىدىكى نۇرانىلىق كىشىگە تاڭ قۇياشىنى ئەسلەتسە، ناخشىسى بەئەينى دەريانىڭ ھەيۋەتلىك شارقىرىشىنى ئەسلىتەتتى.

ئەي دەريا، مۇقەددەس گانگې دەرياسى،
ئۇنتۇما، ئەي دەريا، ئۇنتۇما بىزنى.
ئاقىۋاچقا بىزلەردىن مۇنچاق ـ مۇنچاق تەر،
ئاقسەن قۇرۇماي سەن ھەم ئەبەدىي.

راجۇ ئورماننى ئەسلىدى، يۇرتىنى ئەسلىدى، يېزىسىدا ئۆتكەن سان ـ ساناقسىز كۈنلەرنى، جۇملىدىن دادىسى ئۆلگەن شۇ كۈننىمۇ ئەسلىدى، دېھقانچىلىق قىلىش ئۈچۈن ئۆكۈز سېتىۋالىمەن، دەپ يۇرتىنى تاشلاپ چىقىپ مۇساپىرچىلىقتا ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنىمۇ ئەسلىدى. تارنا بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان شۇ كۈن، تارناغا بەرگەن قەسەملىرى ھەم شۇ قەسەمنى بۇزغانلىرى كۆز ئالدىغا كەلدى.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، پىچىقى بېلىدىن چۈشۈپ كەت-تى. ئۇ ئېڭىشىپ پىچاقنى قولىغا ئالدى ۋە تازا سىنچىلاپ بىر قارىۋېتىپ غۇلىچىنى كېرىپ ئەۋرەزگە قارىتىپ ئاتتى ـ دە، يۈزىنى ئىككى قوللاپ ئەتكىنىچە تارناغا قارىماي، دەل-دەڭشىپ مېڭىپ كەتتى.

تارنا ئۇنىڭ ماڭغان يولىدا قالغان قان ئىزلىرىغا قاراپ چوڭقۇر ئويغا چۆمدى: «ئەمدى ئۇ مۇشۇ يېتى تۇگىشىپ كېتەرمۇ؟»

## 29

مەكتەپنى ۋەيران قىلىش ئىشىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقى

توغرىسىدىكى خەۋەر، خۇددى قانات ياساپ ئۇچقاندەك بىر-دەمنىڭ ئىچىدە ھەممە يەرگە تارىلىپ كەتتى. بۇ ۋەقە راكىيا-نىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەنىدى. لېكىن، راكىيا بىر ئىشلارنى ئوڭاي بولدى قىلىدىغان، مەغلۇبىيەتكە ئاسان تەن بېرىدىغان ئادەم ئەمەس، بەلكى ئىنتايىن ھىيلىگەر، قاقۋاش، جاھىل، ۋەھشىي ئادەم ئىدى.

شۇ ۋەقە يۈز بەرگەن كۈنى ئاخشىمى، راكىيا ئاتارمەن — چاپارمەنلىرىنى يىغىپ كېڭەش ئۆتكۈزدى. كېڭەشتە ئالدى بىلەن باللار تاش ئاتقاندا قورقۇپ قېچىپ كەتكەنلەرنى قاتتىق جازالاش قارار قىلىندى. بۇ «قاتتىق جازالاش»تا، گۇناھ ئۆت-كۈزگۈچىلەرنىڭ چاپان- كۆڭلەكلىرى سالدۇرۇلۇپ، ئىككى قولى كەينىچە قىلىپ باغلىناتتى، ئاندىن ئورۇندۇقا ياكى يەر-گە دۈم ياتقۇزۇلۇپ راسا قامچىلىناتتى.

يىغىن قارارى بويىچە قامچا جازاسى دەرھال ئىجرا قىلىن-دى. دېمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ باللاردىن يېڭىلىپ قاچقىنى نېمە-دېگەن رەسۋاچىلىق!... خوش، ئۇلارغۇ جازالاندى، لېكىن مەكتەپ تاقالغىنى يوققۇ!... مەكتەپنى يوق قىلىشنىڭ بىر-دىنبىر چارىسى بىر ئامال قىلىپ تارنانى بۇ يەردىن يوقىتىش، ئۇنى جازالاش. توغرا، ئەمدى ئۇنى جازالاش كېرەك. بىراق، ئەرلەرنى جازالاش بىلەن ئاياللارنى جازالاشنىڭ ئۇسۇلى ئوخ-شىمايدۇ. ئاياللارنى جازالاشتا قامچا كەتمەيدۇ. ئۇنى پاھىشە-خانىغا ئاپىرىپ خورلاش، دەپسەندە قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭدى-كى ئار - نومۇس، سۆلكەت ۋە غۇرۇرنى يوق قىلىۋېتىش كېرەك. ئۇنى بىرنەچچە ئايغىچە مۇشۇنداق جازالىغاندا، ئۇ ئاندىن باش ئېگىپ ئىپپىتىنى ساتىدىغان يولغا كىرىدۇ.

يىغىنغا قاتناشقانلار تارنانى جازالاشقا قوشۇلدى، لېكىن

راكىيا بۇنىڭ سىرتىدا ئىدى. ئۇ سەل ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئىش
قىلمىسا بولمايتتى، چۈنكى ھېلىقى تاش ئېتىشۋازلىقتا بىنا-
نىڭ نۇرغۇن ئەينەكلىرى چېقىلىپ كەتكەچكە، ساقچىلار ھا-
زىر مۇشۇ ئىشنى تەكشۈرۈۋاتاتتى. ساقچىلارنىڭ تىنتىش
ئېلىپ بېرىشى، بىر تۇركۇم لۇكچەكلەرنى تۇتۇشى ئېھتىمالغا
بەك يېقىن ئىدى. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، ئەگەر راكىيانىڭ
ئادەملىرى تارناغا قول سالسا، ساقچىلار ئۇلارنى ئاياپ
قويارمۇ؟

— بىز مۇنداق ۋاقىتتا، — دېدى راكىيا، - ھەرگىز ساق-
چىلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويماسلىقىمىز كېرەك. ئەڭ ياخ-
شىسى، دەرھال ساقچىلارغا ماسلىشىپ ئۇ شۈمتەكلەرنىڭ
ئەڭ يامانلىرىدىن بىرنەچچىنى يىغىپ تەربىيىلەيدىغان جايغا
ئاپىرىپ بېرەيلى. ئۇلار بىر كۈنى ئۇ يەردىن بىزگە ياراملىق
ئادەم بولۇپ چىقىشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاۋۋال تارنا-
غا قول سالماي تۇرۇپ مۆھتاربەگ بىلەن سۆزلىشىپ بېقىش
كېرەك: يەنە. . . ھە راست، راجۇ قېنى؟

راجۇ يىغىنغا قاتناشمىغانىدى. ئۇنىڭ نەدىلىكىنى ھېچ-
كىم بىلمەيدىغان بولۇپ چىقتى.

— ۋاي، ئۇ نەگىمۇ كېتەر، — دېدى گۇرى پەرۋاسىز
ھالدا، — ۋاقتى كەلگەندە پەيدا بولىدۇ ئۇ. ساقچىدىن يىراق
تۇراي، دەپ بىر يەردە يۈرگەندۇ! ئۇنى پادىشاھىمىز تاپىدۇ!

— بولىدۇ، ئۇنى ئۆزۈم تاپاي، — دېدى راكىيا تەمكىنلىك
بىلەن. — لېكىن، ھېلىقى ئىشتىن ئاۋۋال چوقۇم مۆھتاربەگ
بىلەن كۆرۈشۈش كېرەك.

بۇنىڭغا لۇكچەكلەر باش لىڭشىتىپ قوشۇلدى. چۈنكى،
مەكتەپ مۆھتارنىڭ قورۇسىنىڭ كەينىدىلا، ئەگەر ئۇ قوشۇل-

مىسا، مەكتەپنىڭ تاقىلىشى تۇرغانلا گەپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۆھتاربەگنىڭ مەكتەپ ئېچىشقا ماقۇل بولۇشتىكى ھەقىقىي مەقسىتى كوچا بالىلىرىغا ياخشى كۆرۈنۈش ئەمەس، بەلكى تارنانى قولغا كەلتۈرۈش.

— ئۇمۇ دۆت نېمىكەن! — دېدى راكىيا خاپا بولۇپ، — بىر خوتۇن كىشىنى دەپ، بىر ئوبدان ئىش – ئوقەتنى بۇزۇۋەتكىنىنى قاراڭلار. توۋا، ھەممىمىزنىڭ ئىشى بىر ئىش ئەمەسمىدى، بىزگە پايدا بولسا ئۇنىڭغىمۇ پايدا بولماسمىدى!؟

— شۇنداقتىمۇ، مۆھتاربەگنىڭ مەسلىھىتىنى ئالماي تۇرۇپ تارناغا بىر ئىش قىلىش مۇۋاپىق ئەمەستەك تۇرىدۇ، — دېدى باراگېنزا كۈلۈپ، — ھەرھالدا كېڭىشىپ بىر ئىش قىلغان ياخشى.

— ئەگەر مۆھتاربەگ قوشۇلمىسىچۇ؟ — دېدى سىنگىر.

راكىيا غەزەپكە كەلدى:

— قېنى قوشۇلماي باقسۇن، ماشىنىسى بىلەن قوشۇپ كۆمپەيكۇم قىلىۋېتەرمىنا!

راكىيانىڭ بۇ پادىشاھلىقى خەتەر ئىچىدە قالغاچقا، ئۇ قەتئىي ئېلىشىش قارارىغا كەلگەنىدى.

بىراق، راكىيا خاتالاشقانىدى. بۇ دۇنيا خۇددى ئېگىز پەلەمپەيگە ئوخشايتتى، ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس ئورنى ۋە مەرتىۋىسى بار ئىدى. پادىشاھنىڭ مەرتىۋىسى ھەرقانچە يۇقىرى بولسىمۇ، لېكىن ئىلاھنىڭكىگە يەتمەيتتى. ھەربىر زېمىننىڭ بىر پادىشاھى بار، بەلكىم بىرنەچچە پادىشاھىمۇ بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ھەر بىر جاينىڭ بىرلا ئىلاھى بار، خۇددى مۆھتار كۇرابىنىڭ ئىلاھى بولغانغا ئوخشاش. ئۇ ئىلاھ يەر يۈزىدىن خېلى ئېگىز قەسىرلەردە ياشايتتى. ئۇنى ھېچكىم

كۆرەلمەيتتى. ئۇ كوچىلاردىكى جېدەل ـ ماجىرالارغا ئارىلاش-
مايتتى، ھەممە ئىشقا سالقىن قارايتتى، لېكىن ئۇنىڭ بىلمەي-
دىغىنى، ئۇقمايدىغىنى يوق ئىدى. ئادەتتىكى ئادەملەر ئۇنىڭ-
دىكى سىرنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ بۇيرۇقسىز كۆرابىنىڭ
ھېچنېمىسىگە تېگىشكە بولمايتتى. بىر ئىش قىلىمەن دېگەن
ئادەم ئاۋۋال ئۇنىڭغا ئۇقتۇرۇپ قويۇشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ-
غا ئىتائەت قىلغانلار كۆن كۆرەلەيتتى، قارشىلاشقۇچىلار يەر
بىلەن يەكسان بولماي قالمايتتى.

راكىيا بىلەن مۇھتارنىڭ سۆھبىتى قارىماققا ئوبدان بول-
دى. مۇھتار راكىيانىڭ قاقشاشلىرىنى، رەنجىشلىرىنى، دەر-
دىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلدى،
ھەتتا ياردەم بەرمەكچىمۇ بولدى، راكىيا ئۇنىڭغا مەكتەپنى
تاقىۋەتمىسە، ئۇنىڭ ئىش ـ ئوقىتى تۆگەيدىغانلىقىنى، شۇڭا
ئۆزى بىلەن ھەمكارلىششى لازىملىقىنى پۇراتقانىدى، بۇنىڭ-
غا مۇھتارنىڭ بەكلا غەزىپى كەلدى. چۈنكى، بىر جاينىڭ ئەڭ
ئالىي ھۆكۈمدارى ھەرقانداق گەپكە چىدىسىمۇ، لېكىن ئۆزىگە
قىلىنغان پوپوزىغا چىدىمايدۇ ـ دە. لېكىن، ئىلاھنىڭ تەدبىرى
سىرلىق بولىدۇ. يۈكسەكلىكتە ئولتۇرغۇچىنىڭ كاللىسىدا نې-
مە ئويلاۋاتقانلىقىنى، مۇساپىرلار كوچىسىدا مەمەدانلىق قى-
لىپ يۈرگۈچى نەدىن بىلسۇن! ؟
مۇھتار راكىيانىڭ دوقىنى ئاڭلاپ كۈلدى ۋە ئورنىدىن
تۇرۇپ راكىيانىڭ يەلكىسىگە يېقىنچىلىق بىلەن ئۇرۇپ قو-
يۇپ:
— ماقۇل، — دېدى، — بىز ئۆز ئادەم، راكىيا، بولدى،
بۇ غەمنى قىلما، ئىشلار ئوڭشىلىپ كېتىدۇ. بىراق، سەل

www.uyghurkitap.com

تۇرۇپ تۇرايلى. سەككىزىنچى ئاينىڭ ئون بەشى ئۆتسۇن!
راكىيا بەگكە جىق رەھمەتلەرنى ئېيتىپ خۇشال قايتىپ
كېلىپ، بولغان پاراڭنى ئادەملىرىگە يەتكۈزدى. ئۇلارمۇ ئاڭ-
لاپ بەك خۇشال بولدى. چۈنكى، مۆھتارنىڭ ياردىمىگە ئېرى-
شىش بەك مۇھىم ئىش ـ دە!
— بۇ بەك ياخشى ئىش بولدى، — دېدى باراگېنزا، —
بومبايىنىڭ بېيى ھەرنېمە بولسا بىز بىلەن ھەمكارلىشىدىغان
بوپتۇ. بۇنداق ئىشقا ھەمكارلىشىدىغان ئادەم قانچە بولسا،
شۇنچىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. دېموكراتىيىنىڭ ئەڭ مۇ-
ھىم پرىنسىپى مۇشۇ.
باراگېنزا تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، راكىيانىڭ
سايلام مۇتەخەسسىسى ئىدى. بۇ جايدىكى سايلام ئىشىغا شۇ
ئىگە ئىدى. ئۇ باشلىقلارنىڭ كۆڭلىدىكىنىمۇ تاپالايدىغان ھەم
كەمبەغەللەردىنمۇ ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنالايدىغان ئادەم ئى-
دى. كۆڭلى ئوبدان بولغاچقا، لوكچەكلەرنىڭ ھېچقايسىسى
گېپىنى يېرمايتتى.

راكىيا كەتكەندىن كېيىن مۆھتار خېلى بىرھازا ئويلىنىپ،
ئاندىن بىر يەرگە تېلېفون بەردى:
— كامىن دوختۇرخانىدىن چىقتىمۇ؟... ھە؟... بىر
ھەپتىدىن كېيىن؟... ھە، ماقۇل. ئەمىسە، چىقىپلا مېنى
ئىزدىسۇن! — مۆھتار سۆزىنى تۈگىتىپ، تۇرۇپكىنى قويۇپ
قويۇپ يەنە چوڭقۇر خىيالغا پاتتى.

تارنا پۈتۈن بىر كېچە كىرپىك قاقمىدى. يۈرىكى تۇرۇپ-
تۇرۇپ پەسكە تارتقاندەك بولۇپ كېتەتتى. نېمىلا دېگەنبىلەن

ئۇ بىر قىز، يات بىر شەھەردە ھىمايىسىز ياشاش ئوڭاي ئەمەس-دە. بۇگۈن كىچە راجۇ يەنە كەلمىدى. تارنا ئۆزىنىڭ بۇگۈن كۈندۈزدە ئۇنىڭغا نەقەدەر زور قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكىنى ئويلىسا، قورقۇپ كېتەتتى، تۇرۇپ باتۇرلۇقى تۇتاتتى. «كۈنداشلىق، — دەپ ئويلايتتى ئۇ ئىچىدە، — راجۇنى تۇگەشتۇردى. ئەگەر ئۇ مېنى ھەقىقەتەن سۆيگەن بولسا، ئاشۇنداق ھەيۋە بىلەن تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ مەكتەپنى ۋەيران قىلاتتىمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا مەن ساپ، ساددا دەپ ئويلىغان ئۇ تاغلىق يىگىتنى كۈنداشلىق ۋەيران قىلىۋەتتى. ئۇ ھازىر مەن سۆيگەن، مەن بىلەن ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولىمەن، دەپ قەسەم ئىچكەن ھېلىقى راجۇ ئەمەس. مەن ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ ئۆمرۈمنى زايە قىلىمەنما؟! ياق، ئۇ ئادەملىك سۈپىتىنى يوقاتتى، ئەقىل - ھوشىنى يوقاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ شەھەرگە نېمە قىلغىلى كەلگەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇدى، نېمە قىلىش كېرەكلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ». ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلىغانسېرى ئۇنىڭغا ئەلەم قىلدى. ئۇ يۇم - يۇم يىغلاپ ئاخىر ئېسەدەپ كەتتى.

كاسىما ئۇنىڭ يىغلىغىنىنى ئاڭلاپ قېشىغا كېلىپ كۆڭلىنى ياسىدى:

— نېمىشقا كۆڭلۈڭنى بۇزىسەن؟ ئۇنداق قىلما... كېلىدۇ ئۇ... ئۇ نەگىمۇ كېتەر...

— ياق! — دېدى تارنا غەزەپ بىلەن، — ئۇنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق... قوي، ئۇنداق قۇلاق كەستىنى، ئۇنداق لۈكچەكنى!

كاسىما داڭقېتىپ قالدى، بىرئاز تۇرۇپ بېقىپ، كېيىن جايىغا بېرىپ ئۇخلىدى. تارنا ئازابلىنىپ، يىغلاپ بىر كېچە

www.uyghurkitap.com

كۆز يۇمىمىدى.

راجۇ ئەتىسىمۇ كەلمىدى، ئۆگۈنىمۇ كەلمىدى، ئارىدا ئون كۈنمۇ ئۆتتى، كەلمىدى.

تارنا خاپىلىقلىرى تېخى تارقالمىغان بولسىمۇ، لېكىن كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن راجۇنى سېغىنىپ قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى سەل يۇمشىغانىدى. ئۇ راجۇنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىشىنى، كېلىپ ئۆزىدىن كەچۈرۈم سورىشىنى خالايتتى. راست، شۇ تاپتا راجۇ كېلىپ ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلسا، ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ قۇچاقلىغىنىچە ئۇنى ئۆرە قىلغان، ئۇنىڭ ھەممە گۇناھىنى كەچۈرۈۋەتكەن بولماسمىدى. ئۇنى كەچۈرگىنى ئۆزىنىڭمۇ ئېگىلگىنى بولاتتى، ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولغىنى بولاتتى. . . راجۇ بولمىسا، بۇ كەڭرى، ئىللىق دۇنيا ئۇنىڭغا تار بىلىنىپ كېتىدىكەن، سوغۇق بىلىنىپ كېتىدىكەن.

ئۆزىنى راجۇنىڭ تاشلىۋەتكەنلىكىنى ئويلىغىنىدا ئۇنىڭ ئېرىۋاتقان يۈرىكى تاش بولۇپ قاتاتتى. يۈرىكىدىكى مۇھەببەتلىك پېچىرلاشلارنى غەزەپ - نەپرەتنىڭ شاۋقۇنلىرى بېسىپ چۈشەتتى، قەلبىدىكى سۆيگۈ گۈلى سولىشىپ خۇش پۇراق چاچالمايدىغان بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلىپ، تۇرمۇشىدىكى مەنىسىزلىكنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنى پەقەت ئىشقىلا ئۇراتتى.

## 30

سەككىزىنچى ئاينىڭ ئون بەشىگە ئىككى كۈن قالغاندا-

دى. تارنا خەقنىڭ ئۆيلىرىدىكى ئىش ـ كۈشلىرىنى توگىتىپ كېلىپ مەكتەپكە بىرىشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلىۋاتقاندا، تۇيۇق-سىز كوچىدا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئاۋازلار ئاڭلاندى.

— ئۆلۈپتۇ! ۋاي، ئۆلۈپتۇ!

— قان! قان!

— مۆھتار؟ . . .

بىرنەچچە يىگىت راكىيانىڭ قانغا مىلانغان جەسىتىنى كۆ-تۈرۈپ ساقچىلارنىڭ كەينىدىن ساقچىخانا تەرەپكە كېتىۋاتات-تى. ئۆلارنىڭ ئارقىسىغا بىرنەچچە كوچىنىڭ ئۇششاق بالىلى-رى كىرىۋالغانىدى.

بەزىلەر جەسەتنى كۆرۈپ پۈت ـ قولىدا جان قالماي لەس-سىدە ئولتۇرۇپ قېلىشتى. ئاياللار تەتۈر قارىۋالدى، بالىلار باشلىرىنى ئانىلىرىنىڭ مەيدىلىرىگە تىقىۋېلىشتى. ئەر خەق-لەرنىڭ بەزىلىرى بېرىپ جەسەتنى كۆردى. راكىيانىڭ بەدىنى-نىڭ ئون نەچچە يېرىگە پىچاق تىقىلغان، كۆزلىرى چەكچى-يىپ، قوللىرى ساڭگىلاپ قالغانىدى. تۈنۈگۈنكى «پادىشاھ» مانا ئەمدى ئۆلگەن، جەسىتى زەمبىلدە ساقچىخانىغا ئەكېتىلى-ۋاتقانىدى.

ئىككى ـ ئۈچتىن بولۇپ بىر يەرگە يىغىلىۋالغان ئادەم-لەرنىڭ چىرايلىرى تاتارغان، كۆزلىرى ئەنسىز پىلدىرلىغان هالدا، ئۆزئارا بىر نېمىلەرنى كۇسۇرلىشاتتى.

ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق، هە، قانداق قىلغۇلۇق؟

كېچە سائەت ئون بىردە، هەممە ئادەم ئۇخلاش تەرەددۇتى-نى قىلىۋاتقاندا، كامىن بىر قۇتىنى كۆتۈرۈپ مەغرۇر هالدا كوچىدا پەيدا بولدى. يېنىدا بىرنەچچە قولچوماقلىرى بار ئى-

www.uyghurkitap.com

دى. ئۇلار شۇ تاپتا راكىيانىڭ كوچىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ تەۋەسىگە قوشۇۋالغانىدى.

ئۇنىڭسىزمۇ بەزىلەر، كامىننىڭ قولچوماقلىرى بىلەن بىرلىشىپ يۇقىرىدىكى بەزى يوغانلارنىڭ ياردىمىدە راكىيانى ئۆلتۈرگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىشقان. مانا ئەمدى بۇ ئۇلارنىڭ پۇل يىغىشقا كەلگىنى ئىدى.

كامىن ھەيۋەتلىك قەدەم تاشلاپ كېلىۋاتاتتى، يۈزىدىكى تاتۇقى خۇددى غالىبلارنىڭ مېدالىدەك پارقىرايتتى. خەقلەر بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي ئۇنىڭ قۇتىسىغا پۇل تاشلايتتى، ئۇ پۇلنى ئېلىپ بولۇپ يەنە ئالدىغا قاراپ ماڭاتتى.

راگىسمان ئائىلىسى ئۈچۈن تۆلەيدىغان پۇل بىلەن تارنانىڭ پۇلىنى قوشۇپ كامىننىڭ قۇتىسىغا تاشلىدى. كامىن تارنا بىلە كاسىماغا ئالىيىپ قويۇپ يولىغا ماڭدى.

سارالىڭ كوچىنىڭ يەنە بىر دوقمۇشىدا تۇراتتى. ئۇ كامىننى كۆرۈپ سالام بەردى، ئاندىن قارا بايرىقىنى پۇلاڭلىتىپ، ئىنگلىز تىلىدا:

— پادىشاھ ئۆلدى! ياشىسۇن پادىشاھ! — دەپ تۇۋلىدى.

كامىن كۈلۈپ قويۇپ ئالدىغا كېتىۋەردى.

راجۇ بۇ كوچىلارغا پەقەت كەلمىدى. ئۇنىڭ لوكچەكلەر بىلەن بىللە يۈرگىنىنى كۆرگەنلەر يوق. ئۇ كۆرابىنىڭ ھېچقانداق يېرىدە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ نەگە كەتكەندۇ؟ خۇددى ئاسمانغا چىقىپ كەتكەندەك، يا بولمىسا يەر تېگىگە كىرىپ كەتكەندەك ھېچكىم ئۇنىڭ دېرىكىنى ئالالمىدى.

گەنكاتىرمۇ تارناغا دېمەي ئۇنى خېلى ئىزدەپ باقتى، لېكىن خەۋىرىنى ئالالمىدى. ئۇ بولغان ئىشنى تەپسىلىي بىلمە-

سىمۇ، تارنانىڭ چىرايىغا قاراپ بەزى ئىشلارنى ھېس قىلىپ يەتكەندى.

تارنا خىيالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆچەپ ئىشلىدى، لېكىن ھەرقانچە قىلىپ باقسىمۇ، ئۆزىنى قايغۇدىن نېرى قىلالمىدى.

كەچلىرى ئۇ ھەممە ئىشنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن تۇرۇپلا قاتتىق غېرىبسىنىپ قالاتتى. راست، مۇشۇنداق چاغلاردا ئۇ شۇنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇرغان بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن تاماق ئەتسە، تاماقنى ئىسسىتىپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ بەرسە، ئۇنىڭ يېگىنىگە قاراپ ئولتۇرسا ئوبدان بولماسمىدى! مۇشۇ جىمجىت كېچىلەردە، مەيلى ئۇ تارنادىن قانچىلىك يىراق ياتسا ياتسۇن، ئىشقىلىپ مۇشۇ كوچىدىلا بولسا، ئويغانغاندا ئۇنى يىراقتىن بولسىمۇ كۆرۈپ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ يۈرسە بولماسمىدى. ئەمدى مەلۇم بولدى، راجۇنىڭ يېنىدا بولۇشى ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇشاللىق ئىكەن، چوڭ ئىش ئىكەن. راجۇ بولسا، ئۇنىڭغا ھەممە نېمە ئىللىق كۆرۈنىدىكەن، ۋاقىتمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتكەندەك بىلىنىدىكەن... توۋا، ئاشىق دېگەن ئاجايىپ قۇدرەتكە ئىگە ئىكەن، ئەتراپىمۇ جان كىرگۈزۈۋېتەلەيدىكەن. شۇ چاغلاردا، بۇ كوچا، مۇشۇ بىنانىڭ تاملىرى ئۇنىڭ كۆزىگە قانداق كۆرۈنەتتى. جىمجىت كېچىلەردە تارنا ئۇنىڭ بوينىغا گىرە سېلىۋالاتتى، راجۇ ئۇنى بېلىدىن قىسىپ تۇتاتتى، ئىككىسى پىچىرلىشىپ ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا مۇڭدىشاتتى. شۇ چاغدا مۇشۇ بىنالار ئۇلارغا سايە تاشلاپ تۇرغان غايەت زور دەرەخلەردەك، مۇشۇ داق يەرلەر ئۇلارغا كۆكۈلمەيداندەك، تۇۋرۇكلەر ئارا تارتىلغان سىملار ئاللىقانداق چالغۇنىڭ سىرلىق تىترەۋاتقان تارلىرىدەك بىلىنەتتى.

ئەمدى قېنى ئۇ تارىنىڭ تىترەشلىرى؟ قېنى ئۇ كۆكۈلمەيدان؟ قېنى ئۇ خىيال قىلغان گۇل؟ قېنى ئۇنىڭ خۇش پۇرىقى؟

شۇ تاپتا، بىنا پەقەت بىنا، سىم پەقەت سىم، داق يەر پەقەت داق يەر!

شۇ تاپتا، ئۇنىڭ كۆڭلى سۇنۇق، ئۇ ئېغىر دەرد تارتىۋالدى، خۇددى مېيىپ ئادەمدەك بولۇپ قالدى، يار ـ يۆلەكسىز قالدى. شۇ تاپتا، ئۇنىڭ تېنىمۇ ئۆزىگە بويسۇنمايدۇ، لېكىن بۇرۇن ئۇنداق ئەمەس ئىدى، راجۇنىڭ قولى شۇنداق تېگىشى بىلەن تېنى خۇددى يېڭى كۈچ ـ قۇۋۋەت قوشۇلغاندەك دەرھال جانلىنىپ، خۇددى تەگشەلگەن تارىدەك دىرىلدىق ـ دىرىلدىق بولۇپ كېتەتتى.

ئەمدىچۇ؟ . . . ئۇھ . . .

شۇ تاپتا ئۇ نېمىگە موھتاج؟ راجۇغىما؟ ياق، ئۇ نائەھلىگە ھەرگىز موھتاج ئەمەس!

ئۇ راجۇنى ئويلامدۇ؟ ياق، ئۇنداق پىچاق كۆتۈرىدىغان قولاق كەستىنى ئۇ ئەمدى ئويلىمايدۇ.

ئۇ راجۇنى سېغىنامدۇ؟ ياق، سېغىنمايدۇ، ئەمدى سېغىنمايدۇ.

شۇنداقمۇ؟ ياق، ئۇنداقمۇ ئەمەس ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ قەلبىدە مىڭ خىل نىدا:

راجۇ، قايتىپ كەل، مەن يالغۇز قالدىم، بەك يالغۇز قالدىم.

بولدى، كەلمە، ماڭا گەپمۇ قىلما، ھازىر سەن مەن پاك ھېسابلايدىغان ھېلىقى راجۇ ئەمەس.

مەن سېنى سۆيەمدىم؟ سۆيەمدىم؟

مەن ساڭا نەپرەتلىنىمەن!

سەن قەيەردە، راجۇ؟ نەلەرگە مۆكۈۋالغانسەن؟ نېمىشقا كۆرۈنمەيدىغانسەن؟

بولدى، كەلمە، كەلمە! سېنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق، سېنى كۆرسەم كۆڭلۈم ئېلىشىدۇ!

ئەي، راجۇ، راجۇ، قايتىپ كەل!

كەچقۇرۇن تارنا مۇشۇنداق قالايمىقان خىياللار ئىچىدە كوچىدىن چىقتى. شۇ تاپتا ئۇ چەكسىز دېڭىزدا نىشاندىن ئازغىنىپ، دولقۇنلار ئىچىدە چايقىلىپ تۇرغان بىر قېيىققا ئوخشايتتى. ئۇ ھېچنېمىنى بىلمەيتتى. نەگە بارىدىغانلىقىنىمۇ، نېمىشقا بارىدىغانلىقىنىمۇ، نېمىگە موھتاجلىقىنىمۇ، كىمنى ئىزدەيدىغانلىقىنىمۇ، قانداق ئىزدەيدىغانلىقىنىمۇ، ئۆزىنىڭ نىيىتىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ، نېمىنى ئارمان قىلىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. . . ئاھ، مۇھەببەت تاتلىق بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ ئازابى ئاچچىق ئىكەن، ئاچچىق ئىكەن!

ئۇ بىرقانچە چاقىرىم ماڭدى، قىم - قىم ئادەملەر ئارىسىدا ماڭدى، ئادەمسىز كوچىلاردىمۇ ماڭدى، چىراغ يورۇقىدىمۇ ماڭدى، قاراڭغۇ دەرەخ كۆلەڭگىسى ئاستىدىمۇ ماڭدى، بىلىدىغان يەرلەردىمۇ ماڭدى، بىلمەيدىغان يەرلەردىمۇ ماڭدى، ھارۋا يولىدىمۇ ماڭدى، ماشىنا يولىدىمۇ ماڭدى. ئۇنىڭغا ھەممە نەرسە تونۇش ھەم ناتونۇش كۆرۈنەتتى. مېڭىۋاتقىنىمۇ تۇرۇپ ئولتۇرىدىكەندەك، تۇرۇپ چۆشىدىكەندەك بىلىنەتتى. ئۇنىڭ ھالىغا گۈل - چېچەكلەر يىغلايتتى، دېڭىز ھەسرەت بىلەن تولغىنىپ ئاھ ئۇراتتى.

تارنا تۆيۈقسىز توختىدى.

بۇ ئاۋاز؟

دەل شۇ ئاۋاز!

ئۇ خۇددى ئورماندا گۈلدۈرمامىنىڭ، تاغدا شارقىراتمىنىڭ ئاۋازىنى، جىلغىدا ھەيۋەتلىك ئەكس سادانى ئاڭلىغاندەك تۇرۇپ قالدى. بىر ئاۋاز... بىر ئاۋاز ئۇنى چاقىرماقتا ئىدى.

بۇ ئاۋاز خۇددى بەلدىن قۇچاقلىۋالغان قولدەك، يۈرەكنى چىگىپ قويغان يىپتەك ئۇنى تارتتى. ئۇ ئىختىيارسىز شۇ ياققا ماڭدى. ماڭدى... ماڭدى... قانداقلارچە راجۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالدى.

راجۇ تارنانى كۆرۈپ ھەيرانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش ئوينايتتى. بىنانىڭ دېرىزىسىدىن چۈشۈۋاتقان چىراغ نۇرى راجۇنىڭ باش ئۈستىدە قىپقىزىل چېچەكلىرىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغان ئالبىزىيە دەرىخىنى يورۇتۇپ تۇراتتى.

بىنانىڭ دېرىزىسىدە بىر قىز ئۇلارغا قاراپ تۇراتتى، قاپقارا سېكىلىكى تېگىپ تۇرغان سوقىچاق يۈزىدە تەمكىنلىك ۋە ئويچانلىق ئەكس ئېتەتتى. ئۆينىڭ ئىچىدە بىرى چېلىۋاتقان بولسا كېرەك، دېرىزىدىن پىئانىنونىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى. قىز بىر تۇتام چېچىنى چىشلىگەن، چوڭقۇر خىيال ئىچىدە، بەلكىم پىئانىنونىڭ سىرلىق كۈيىگە مەست بولۇپ تۇرغاندۇ، بەلكىم...

— تارنا! — راجۇ ۋارقىرىغىنىچە، قۇچىقىنى ئېچىپ ئۇنىڭ ئالدىغا ماڭدى.

مۇشۇ ۋارقىراش بىلەن تەڭلا تارنا خىيال قۇچىقىدىن چۆچۈپ ئويغاندى. ئۇنىڭ تېخى دەقىقە ئاۋۋال مېھىر - مۇھەببەت تېشىپ تۇرغان يۈرىكى، خۇددى بىر ۋەھشىي قول ئۈچە-

سىدىكى كىيىمنى تارتىپ يىرتىۋەتكەندە ئىختىيارسىز تۇگۇل-
گەن مۇشتتەك تۇگۇلدى.
— توختا! — دېدى ئۇ ۋارقىراپ، — ماڭا يېقىن كەلگۇ-
چى بولما!
راجۇ چۆچۈپ كەينىگە داجىدى، تارنانى قۇچاقلايمەن دەپ
كەڭ يايغان قوللىرى لەسسىدە چۈشتى، بېشىنى چەتكە بۇرۇ-
ۋالغان بولسىمۇ، لېكىن پات - پات ئۇنىڭغا قاراپ قويۇشنى
ئۇنتۇمىدى.
— ئۇيالمامسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى تارنا تېخىمۇ جۇدۇنى
ئۆرلەپ، — يەنە نېمە قىلماقچىدىڭ؟
راجۇ گەپ قىلمىدى، ئۇنىڭغا يالۋۇرۇش نەزىرى بىلەن
قارىدى، ئۇنىڭ غەزەپتىن قىزىرىپ، ئېسىلىپ كەتكەن چىرا-
يىنى، نەپرەت يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆرۈپ دەرھال يەرگە
قارىۋالدى. تۇرقى خۇددى سوتتا گۇناھىنى تىلەپ يەرگە قاراپ
تۇرغان ئادەمنى ئەسلىتەتتى.
— مۇنداق ياشىغۇچە ئۆلسەڭ بولمامدۇ! — دەپ زەردە
قىلدى تارنا.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ راجۇنىڭ يۈزى خۇددى قامچا تەگكەندەك
شاپپىدە تاتاردى. ئۇ ئەلەم بىلەن كەينىگە بۇرۇلدى - دە، يەرگە
قارىغىنىچە يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى.

ئۇ كېتىشى بىلەن تارنانىڭ يۈرىكى سىقىلدى. ئۇ ئۆزى-
نىڭ نېمىلەرنى ئويلاپ، نېمە دېگىنىنى بىلمەيتتى. بەلكىم ئۇ
ئويلىغىنىنى دېگەندۇ، لېكىن ئۇنى شۇنداقلا چۈشىنىشكە بول-
مايدۇ - دە. بەزىدە كۆڭلىدە ئۇنداق ئويلاپ، ئاغزىدا مۇنداق
دەۋېتىدىغان ئىشلارمۇ بولىدىغۇ. تىللىغىنىم كۆيگىنىم،

چىشلىگىنىم سۆيگىنىم!

— راجۇ. . . راجۇ. . . نەگە كەتتىڭ؟ — تارنا ساراسىمە ئىچىدە ۋارقىرىدى، — ئاڭلاۋاتامسەن، راجۇ؟

لېكىن، بۇ چاغدا راجۇ يىراقلاپ كەتكەنىدى، تارنانىڭ ۋارقىراشلىرىنى ئاڭلىمايتتى.

تارنا ئەلەم بىلەن ئالبىزىيە دەرىخىنى قۇچاقلىدى.

دەرەخ كەينىدىكى دېرىزە ئالدىدا تۇرغان قىز ھېلىھەم ئۇ- نىڭغا قاراپ تۇراتتى. پىئانىنونىڭ ئاۋازى توختىدى. بىر يە- گىت دېرىزىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇ قارا چاچلىق قىزنىڭ كۆزلىرىگە سۆيدى.

تارنانىڭ يۈرىكى ئەندىشىدىن، نائۇمىدلىكتىن تىترەيتتى.

«راجۇ، سەن قەيەردە؟ — دەپ نىدا قىلاتتى ئۇ، — مېنىڭ جاڭگىلىيىم، نەلەرگە كەتتىڭ؟ قايتىپ كەل، ياۋايى يىگىتىم، قېشىمغا قايتىپ كەل، مېنى سۆيۈپ قوي، مەن ساڭا ھېچنېمە دېمىگەن بولاي، ئالدىڭدا تىزلىناي، ئاياغلىرىڭغا سۆيەي. را- جۇ، ئاياللارنىڭ كۆڭلىنى راستىنلا چۈشەنمەمدىغانسەن - ھە؟ ئايال كىشىنىڭ ئۈنچىلىك نازى بولمىسا، قانداق بولىدۇ؟ ئەر كىشى دېگەن ئايال كىشىنىڭ خۇداسى، ئەجەبا، ئايال كى- شى خۇداسىنىڭ يۈزىگە قارا سۈركەرمۇ؟ . . . راجۇ، مېنىڭ ساراڭ جاڭگىلىيىم، سەن راستلا ئايال كىشىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەمسەن؟»

مەيىن شامالدىن ئالبىزىيە چېچەكلىرىنىڭ ھىدى كېلەتتى.

ھېلىقى قىز - يىگىت ھېلىھەم دېرىزە ئالدىدا يېقىن تۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

# 31

يېرىم كېچە بولدى، تارنا بىلەن كاسىما ھېلىھەم مۇڭدىشىۋاتاتتى.

ئاسمان قاپقاراڭغۇ، ئەتراپنى قويۇق تۇتەك قاپلىغان، ھاۋا شۇنچە پاسكىنا، تىنجىق، سېسىغان خاسىڭ بىلەن چايناپ تاشلىۋەتكەن قارىمۇچ يوپۇرمىقىنىڭ ئېچىغان پۇرىقى كېلەتتى. تارنانىڭ كۆزلىرى يىڭنە سانجىغاندەك ئېچىشاتتى، بۇرنىنىڭ ئۇستىدە مۇنچاق ـ مۇنچاق تەر تامچىسى، يۈرىكى ئوت كۆيگەندەك قىزىق، دېمى تۇتۇلۇپ تۇراتتى.

ئەتراپتا پۇتۇنلەي مەينەت ئادەملەر. غۇۋا چىراغلار سېرىق مونەكتەك كۆرۈنەتتى. ئېگىز بىنالارنىڭ تۈۋىدىكى يوللاردا ئادەملەر خۇددى تاختا مۇشۇككە قىسىلىپ قالغان چاشقانلاردەك تۇگۇلۇپ ياتاتتى.

تارناغا ھەقىقەتەن ھاۋا يېتىشمەيۋاتقاندەك بىلىندى. ھەي. . . ي، شۇ تاپتا ئۇنىڭغا ئۆز يېزىسىنىڭ ھاۋاسى بولسا! تارنا يەنە راجۇنى ئەسلىدى، ئۇنى ئەمدى كەلمەسكە ھەيدىۋەتكەنلىكىنى ئويلىغاندا ئۆزىنى ئەيىبلىدى.

ئۇ بۇگۇن كاسىماغا ھەممە ئىشنى ئېيتىش نىيىتىگە كەلگەنىدى. نېمىلا دېگەنبىلەن كاسىما ئايال كىشى، ئايال كىشى ئايال كىشىنىڭ ھالىغا يېتەلەيدۇ. . . لېكىن، ھالىغا يەتسە نېمە بولماقچى؟ ئۇنىڭ دەردىنى تەڭ تارتىشىپ بېرەلەمدۇ؟ دۇنيادا ھەرقانداق ئېغىرچىلىقنى تەڭ تارتىشقىلى بولىسمۇ، لېكىن يۈرەككە كەلگەن ئېغىرچىلىقنى تەڭ تارتىشىپ بەرگىلى بول-

مايدىكەن. ئەگەر مۇمكىن بولسا ئىدى، ئۇ بەلكىم سەل يەڭگىللىشىپ قالار ئىدى. لېكىن، بۇ خاپىلىق يالغۇز بىر ئادەمنىڭ بېشىغا پۈتۈلگەن خاپىلىق ئىكەن. بۇنداق خاپىلىقتىن قانداق قىلسىمۇ قۇتۇلغىلى بولمايدىكەن. راست، تارنا ھەرقانداق خاپىلىقنى — مەيلى ساقتىن، مەيلى ساراڭدىن كەلگەن بولسۇن، مەيلى كوچىدىن، مەيلى مەكتەپتىن كەلگەن بولسۇن — ئۆزىدىن نېرى قىلالايتتى، لېكىن راجۇدىن كەلگەن خاپىلىقنى نېرى قىلالمىدى، پەقەتلا. . .

ئاھ، خۇدا، ئۇنىڭغا نىجاتلىق ئاتا قىلغايسەن!

تارنا كاسىماغا راجۇ توغرۇلۇق ھېچنېمە دېمىدى، لېكىن كاسىما تارناغا ئۆزىنىڭ نۇرغۇن سىرلىرىنى دەۋەتتى.

كاسىمادا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەنىدى.

مەكتەپ ئىشىغا كەلسەك، كاسىما تارناغا ئاغزىدا بىرنېمە دېمىگىنى بىلەن، لېكىن كۆڭلىدە ھەسەت قىلىشتەك بىرنېمە بار ئىدى. «تونۇگۈنلا شەھەر كۆرگەن بۇ سەھرالىقنىڭ بۇ مەينەت كوچىدا ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى، باتۇرلۇقىنى، ئىرادىسىنى كۆز - كۆز قىلىپ كەتكىنىنى تېخى!» دەپ، خۇددى تارنانىڭ يېڭى كۆڭلىكىنى كۆرەلمىگەنىدەك ئۆزىچە ئىچى تارلىق قىلىپ كېتەتتى. كېيىن، قاپقاراڭغۇ بىر كېچىدە تارنانىڭ يالغۇز ئولتۇرۇپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، ئۇنىڭ كۆڭلىدە دوستىغا ھېسداشلىق قوزغالدى. تارنانى مەھكەم قۇچاقلاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ يۈزىنى سىلىدى ۋە كۆزلىرىدىكى ياشنى سۈرتكەچ ئۆزىمۇ يىغلىدى.

يەنە، راكىيا ئۆلگەندە، ئۇ بىرنەچچە كۈنگىچە ھېچكىم-

ـگە گەپ قىلماي بىرقىسما بولۇپ يۈردى. راكىيانىڭ ئۆلۈمىـ
ـگە قايغۇرۇپمۇ كەتمىدى، خۇش بولۇپمۇ كەتمىدى. ئىشقىلىپ، كۆڭلىدە بىر خىيال، بىر نىيەت بار ئىدى.

بىر كۈنى، تارنا كاسىمانىڭ مەكتەپتىكى باللارنى رەتلەپ ئولتۇرغۇزۇۋاتقانلىقىنى، ئۇلارغا كىتاب ـ دەپتەر تارقىتىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆردى. كاسىما يەنە بىر كىچىك بالىنىڭ ئىشتانىبېغىنى ئېتىپ قويدى، بىر قىزچاقنى تەرەتكە ئاچىقتى، بەزى باللارغا سۇ ئەكېلىپ بەردى. . . كېيىن ئۆزىمۇ ئولتۇـ
رۇپ دەرس ئاڭلىدى.

بىر كۈنى، تارنا بەكمۇ خۇشال بولىدىغان بىر ئىش بولـ
ـدى.

دەرستىن كېيىن ئىككى دوست كوچا ئايلانغاچ مۇڭداشـ
ـتى. كاسىما تارناغا جارنا توغرۇلۇق پاراڭ سېلىپ بەردى. ئۇ كۈندۈزى پىرىستاندا هامماللىق قىلىپ، كېچىسى دورىخانىنىڭ ئالدىدا ياتىدىغان جارنانى بەك ياخشى كۆرەتتى، لېكىن جارنا ئۇنى راكىيا بىلەن ئوينايدۇ، دەپ ياراتمىغانىدى. كاسىما مۇـ
شۇلارنى سۆزلەپ كېلىپ:

— شۇنىڭدىن كېيىن، — دېدى، — مەن ئەر خەق دېگەنگە بەك ئۆچ بولۇپ كەتتىم. مېنى پالانى دەيدۇ تېخى، ئۆزىچۇ؟ ئۆزى راكىياغا باش ئەگمەي ياشىسا بولماسمىدى؟ ئەجەب ئۇنىڭغا باج تاپشۇرىدىغۇ؟ ئۇنىڭ ئالدىدا خوش ـ خوش دەپ تۇرىدىغۇ؟ ئەر خەق دېگەن زادى نېمىسىگە ئۆزىنى ئاياللاردىن شۇنچە يۇقىرى تۇتىدىغاندۇ؟ ئاياللار تېنىنى ساتسا، ئەرلەر ۋىجدانىنى ساتامدىكەن؟ جارنا جىلىڭ ئوغۇل بالا بولسا، مېنى راكىياغا دەپسەندە قىلغۇزماي، قۇتۇلدۇرۇۋالسا بولماسمىـ

دى؟ راكىيا مېنى بوزەك قىلغاندا ئۇ نەدە قاپتىكەن؟ دەپ باقە، تارنا؟

— بۇ دۇنيادا، — دېدى تارنا، — ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ قۇتۇلدۇرمىساڭ، ھېچكىم سېنى قۇتۇلدۇرمايدۇ. ئەر كىشى بىلەن ئايال كىشىنىڭ غۇرۇرى ئوخشىمايدۇ، چۈنكى ئايال كىشى بالا تۇغۇشى كېرەك، ئەرلەر ئۇنداق ئەمەس. ئەرلەرنىڭ غۇرۇرى بىرلا بولىدۇ، ئاياللارنىڭ ئۈچ. بىز ئۇنى قوغدىشىمىز كېرەك.

— غۇرۇرىمىز ئۈچ؟ قايسى - قايسى؟

— ئاياللارنىڭ غۇرۇرى دېگىنىم، بىرى ئۆزىمىزنىڭ غۇرۇرى، ئىككىنچىسى ئەرلىرىمىزنىڭ غۇرۇرى، ئۈچىنچىسى بالىلىرىمىزنىڭ... قانداق، ئۈچمىكەن؟... ئەرلەرنىڭ غۇرۇرى قانچىلىك نېمىدى؟ ئۇلار پەقەت ئەيش - ئىشرەت قىلىشنى، غۇرۇرى قەيەرگە توغرا كەلسە، شۇ يەرگە سېتىۋېتىشنىلا بىلىدۇ، — تارنا سۆزلەۋېتىپ كۈلۈپ كەتتى. كاسىمامۇ كۈلدى.

شۇ ئەسنادا، ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىر قارا كۆلەڭگە كېلىۋىدى، كۈلكىلەر شاپپىدە بېسىلدى. ئىككىسى بېشىنى كۆتۈردى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا كامىن تۇراتتى.

— قوپە، كاسىما! — ئۇ كاسىمانىڭ قولىنى تۇرتۇپ ۋارقىرىدى.

كاسىما قورقۇپ تاتىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئورنىدىن قوزغالمىدى.

— تۇر! — كامىن شۇنداق قاتتىق ۋارقىرىدىكى، بۇ ئاۋازدىن ئەتراپتىكىلەر چوقۇم ئويغىنىپ كېتەتتى. لېكىن، شۇنداق توغرا كېلىپ قالدىمۇ ياكى قەستەن ئاڭلىماسقا سېلىشتىمۇ،



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئىشقىلىپ ھېچقايسىسى ئويغانمىدى، ھەتتا كاسىمانىڭ ئاتا-ئانىسىمۇ بېشىنى كۆتۈرمەي ئۇلۇكتەك ئۇخلاۋەردى.

كاسىما ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئەتراپىغا قارىدى. بەربىر ھېچكىمنىڭ ئورنىدىن تۇرمايدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. ئۇ تارناغىمۇ قارىدى. تارنا جايىدا تۇگمەن تېشىدەك مىدىرلى-ماي ئولتۇراتتى. خۇددى بۇتتەك، چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە يوق. بىردەم كاسىماغا، بىردەم كامىنغا قارايتتى.

كاسىما ئورنىدىن تۇردى.

تارنانىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سېلىپ كەتتى. ئۇ سالقىن نەزەردە كاسىماغا قارىدى، لېكىن ھېچنېمە دېمىدى.

كامىن كۈلدى ۋە قولى بىلەن شەرەتلەپ:

— كەينىمدىن ماڭ! — دېدى - دە، ئۆزى ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى، لېكىن كاسىما جايىدىن مىدىرلىماي ئىستولبىغا يۆلەن-گىنىچە تۇرىۋەردى. كامىن كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ قىمىر-لىماي تۇرغانلىقىنى كۆردى - دە، دەرغەزەپ ھالدا ئۇنى سۆ-رەپ ئەكەتمەكچى بولدى. شۇ ئەسنادا كاسىما ئۆزۈن بىر پىچاقنى غاچچىدە گېلىغا توغرىلاپ خىرىلداپ تۇرۇپ:

— ئەگەر ماڭا چېقىلىدىغان بولساڭ، ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئۆزۈمنى بوغۇزلاپ ئۆلۈۋالىمەن! - دېدى.

كامىن كاسىماغا چەكچىيىپ قارىدى، كاسىمانىڭ چىرايى-دا ھېچقانداق بوشاڭلىق ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى، بوغۇق ئاۋازىدىنمۇ، بوينىغا تەڭلەپ تۇرغان پىچىقىدىنمۇ قەتئىي بىر ئىرادىنىڭ نۇرى چاقنايتتى. كامىن سوزغان قولىنى يىغىشتۇ-رۇۋالدى، لېكىن خېلى ئۆزۈنغىچە كۆزىنى كاسىمانىڭ كۆزى-دىن نېرى قىلمىدى، كاسىمامۇ پىچاقنى بوينىغا تىرىگىنىچە ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇردى.

www.uyghurkitap.com

ئاخىر كامىن كۆزىنى ئەپقاچتى، ئۇ گايىسىز كۆلگىنىچە بىرنېمە دەپ غوتۇلداپ قويۇپ، كەينىگە بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى.

ئۇ كەتكەندىن كېيىن كاسىما لاغىلداپ تىترەپ كەتتى، پىچىقىنى تاشلاپ يىغلاپ سالدى.

تارنا ئۇنى قۇچاقلىدى، ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۇرتتى، ئۇنى سۆيدى، ئۇنى رىغبەتلەندۇرۇپ، ماختاپ:

— ئىشىنىڭ يولى مۇشۇنداق بولىدۇ، — دېدى، — ئايال كىشى جۇرئەت قىلىپ ئۆزىنىڭ غۇرۇرىنى قوغدايدىكەن، ھەرقانداق يوغان ئادەممۇ ئۇنى بوزەك قىلالمايدۇ.

— ئاپايا، — دېدى كاسىما غەزەپلىنىپ، — ئۇ ماڭا چېقىلسىلا، ئۆزۈمنى بوغۇزلىۋالاتتىم، راستلا، تارتىشمايلا شۇنداق قىلاتتىم.

— شۇنداق قىلىش كېرەك! يارايسەن! نوچىلىقىڭ باركەن جۇمۇ سېنىڭ، كاسىما، ئەمدى ئۇ ناتەھلى ساڭا يېقىن كېلەلمەيدۇ. ھە راست، بۇ پىچاقنى نەدىن تاپتىڭ؟

— سېنىڭ راجۇيىڭنىڭ. مەكتەپتىكى ئەۋرەزنىڭ ئىچىدىن ئالغان.

كاسىما پىخىلداپ كۆلگىنىچە تارنانىڭ بويىنغا ئېسىلىپ دېدى:

— ھەي، ئەقىلسىز، راجۇنى سېغىنمىدىڭما؟ ئۇنى شۇنداق تېز ئۇنتۇپ قالدىڭ؟ مەن جارنانى تىللىغىنىم بىلەن ھەرگىز ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق. ئۇنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالغىلى بولسۇن؟

— مەن ئۇنتۇمىدىم، لېكىن ئۇ ئۇنتۇپ قالدى، كاسىما، — دېدى تارنا ئۆلۈغ - كىچىك تىنىپ.

# 32

ئىككى كۈندىن كېيىن سەككىزىنچى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى كەلدى. بۇ كۈننى بىنادىكىلەرلا ئەمەس، پىيادىلەر يولىدا ئولتۇرىدىغانلارمۇ تەبرىكلەشتى. ھەممىسىلا خۇشال ئىدى.

ئۇلارنى سەككىزىنچى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنىدىن كېيىن كەمبەغەللەرنىڭ كۈنى ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، دەپ ئويلاپ خۇشال بولۇۋاتىدۇ دەمسىز، ياق، ئۇلار ئاخىر چەت ئەللىكلەرنىڭ قۇللۇق - ئاسارىتىدىن قۇتۇلغانلىقى ئۈچۈن خۇشال ئىدى. چۈنكى، ئىنسان، مەيلى ئۇ كوچىدا ياتىدىغان بولسىمۇ، شۇ نەرسىنى ئىنكار قىلمايدۇكى، ئادەمدە تەندىن باشقا روھ دېگەن نەرسىمۇ بولىدۇ. تەن ئاچلىقتىن قۇتۇلۇشقا موھتاج بولسا، روھ قۇللۇقتىن قۇتۇلۇشقا موھتاج.

ئىنساننىڭ ياشىشى ئۈچۈن پەقەت بولكىلا بولسا بولمايدۇ، پەقەت ئەركىنلىكلا بولسا يەنە بولمايدۇ، ئىككىلىسى تەڭ بولۇشى كېرەك. بولكا ئەركىنلىككە كۈچ بېرىدىغان نەرسە، ئەركىنلىك شۇنىڭ كۈچى بىلەن ئاندىن ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ ئىككىسى بولغاندىلا، تەنمۇ، روھمۇ يايرايدۇ.

يولدا ياتىدىغان ئادەملەر ئەزەلدىن سەھەر تۇرىدۇ، لېكىن بۈگۈن بىنادىكىلەرمۇ سەھەر تۇرۇشتى. ئۇلار ئۆيلىرىنى چىرايلىق يىغىشتۇرۇپ بايراقچىلەرنى ئېسىشتى. خۇددى كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغىچە رەڭدار سايىۋەن تارتىۋەتكەن-

ىدەك، ھەممىلا يەر رەڭلىك بايراقچە، بولۇپمۇ ئۇچ خىل رەڭ-
لىك كىچىك بايراقچە بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى.

بۈگۈن تېرىمراج ئۆزىنىڭ بايرىقىنى ئېلىپ بوخچىسىغا
سېلىۋەتتى، كېيىم - كېچەكلىرىمۇ پاكىز ئىدى، بىر قولىدا
ئۇچ رەڭلىك بايراقنىڭ تازا يوغىنىدىن بىرى، يەنە بىر قولىدا
قەغەزدىن چوڭ قىلىپ ياسالغان كاناي. ئۇ كانايدا توۋلىۋىدى،
بىردەمدىلا نەچچە كوچىدىن يۈز نەچچە بالا ئەتراپىغا يىغىلدى.
ھەممىسىنىڭ قولىدا ياكى قەغەز كانايچە، ياكى ئۇچ رەڭلىك
بايراقچە بار ئىدى، ھېچبولمىغاندا مەيدىسىگە ئۇچ رەڭلىك
بايراقنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئىزناك تاقىۋالغانىدى.
ھەممىدىن ئالاھىدە يېرى، بۈگۈن بالىلارنىڭ ئۇستىۋاشلى-
رى بەك پاكىز ئىدى. بۇرۇن پاكىزلىق - پاكلىق ئۇلارنىڭ
قەلبىگىلا مەنسۇپ ئىدى، لېكىن تارنا ئۇلارنى سەككىزىنچى
ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى پاكىز، رەتلىك ھالدا دېڭىز بويىغا
دۆلەت بايرىقىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشكە ئاپىرىش ئۈچۈن، سەك-
كىزىنچى ئاينىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى ئۇلارنىڭ پاسكىنا كى-
يىملىرىنى ئۆز قولى بىلەن يۇغانىدى.

ھاۋا شۇقەدەر ئىللىق ۋە ئوچۇق ئىدى. دېڭىز دولقۇنلى-
رى ئاپئاق كۆپۈكلەرنى قىرغاققا ئېقىتىپ كېلىپ ئاجايىپ
پۇراق تارقىتاتتى. ئۇدۇلدىكى باندىرا پورتىدا يىراق ئەللەردىن
كەلگەن چىرايلىق پاراخوتلار تۇراتتى. ماتورلۇق قېيىقلار ئۇ-
ياق - بۇياققا ئۇزۇۋشۇپ يۈرەتتى. ئىككى ئەننا ئالىدىغان سايا-
ھەت كېمىسىگە چۈۋۈرلىشىپ بىرمۇنچە بالىلار چىقىۋالغان-
ىدى. چىرايلىق كىيىنىۋالغان ئاياللار، خورازدەك گىدىيىۋالغان

ئەرلەر كېمە ھەيدەيتتى.

ئىشقۋاز يىگىتلەر كېتىۋاتقاچ، بويىنىغا يىپەك شارپا يۆگە-ۋالغان قىزلارغا كۆز تاشلاپ قوياتتى. بەزىلىرى باتارېيىلىك رادىئونى كۆتۈرۈۋېلىپ ئاياللارنىڭ قېشىدىن خىرامان ئۆتەت-تى. رادىئونىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ مېكىياندەك ئىختىيارسىز يۆ-گۈرۈپ كېلىشكەن ئاياللار، قانداقلارچە ئۇلارغا قاراپ سالغان-لىقىنىمۇ سەزمەي قېلىشاتتى.

بۇ يەرگە ساقچى، ھەربىي، ژاندارمىلارمۇ كەلدى.

قارىغاندا سەككىزىنچى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنىنى تەب-رىكلىگىنى بولسا كېرەك، سېمىز، باي سوپەت بىر ئەرباب نۇتۇق سۆزلىدى.

بۇ يەردە مېۋە سۇيى، تاتلىق - پاتلىق ھەم شار ساتىدىغانلا-رمۇ بار ئىدى، ئېشەكنىڭ بېشىغا يالىڭاچ ئادەمنىڭ ھەيكىلى-نى قوندۇرۇپ سېتىۋاتقانلارمۇ بار ئىدى، يۈرۈۋاتقان ئاشىق-مەشۇقلارمۇ، يېڭى توي قىلغان قىز - يىگىتلەرمۇ بار ئىدى، يانچۇقچىلارمۇ، بۇلاڭچىلارمۇ، مۇشتلاشچىلارمۇ بار ئىدى.

ئىشقىلىپ، ھەممىلا ئادەم بار، بىرلا يېرى، بۈگۈن ھەم-مىسىلا خۇشال، ھەممىسىلا بىر - بىرى بىلەن ئەپ - ئىناق. ۋاھالەنكى، بۇ شادلىقنىڭ ئۆمرى بىر كۈنلا!

دۆلەت بايرىقىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ بولغاندىن كېيىن تارنا گەنكاتېرنىڭ ياردىمى بىلەن مەكتىپىدە كۆڭۈل ئېچىش ئۇيۇش-تۇردى. بۇنىڭغا بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىمۇ تەكلىپ قىلىن-دى. بالىلار ناخشا، ئۇسسۇل، كىچىك دراما، قونچاق ئويۇنى دېگەندەك ئۆزى تەييارلىغان نومۇرلىرىنى ئورۇنداپ قىزغىن ئالقىشلارغا سازاۋەر بولدى.

www.uyghurkitap.com

پىيادىلەر يولىدا ياتىدىغان ئادەملەر ئۆز باللىرىغا تۈنجى قېتىم يېڭى بىر نەزەر بىلەن قارىدى. بۇ نەزەردە كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىد ۋە تەلپۈنۈش بار ئىدى.

گۈگۈم چۈشكىلى تۇرغاندا تارنا بىلەن كاسىما چىراغ سەيلىسى قىلغىلى بازارغا چىقىشتى. بۈگۈن بۇ ئىككىسى ئوخشاش رەڭلىك سارى كىيىپ، ئوخشاش گۈل تاقىۋېلىشقا-نىدى. ئۇلار قوللىرىنى تۇتۇشۇپ بازارغا ماڭغان چاغدا، كا-سىمانىڭ ئانىسى ئېرىگە قىزىنى ئىما قىلىپ:

— پاھ، تونۇغۇسىز چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ، — دېدى.

ئېرى غەزەپ بىلەن بېشىنى بۇراپ چەتكە قارىۋالدى. ئۇ كاسىما بىلەن تارنانىڭ بىللە يۈرۈشىنى خالىمايتتى. كاسىمانى بۇزۇپ، ئۆزىنى مۇشۇ يامان كۆنگە قويغان تارنا، دەپ ئويلايت-تى. ئۇنىڭچە، كوچا قىزلىرى ھەرگىز بىنادىكىلەرنىڭ قىزلى-رىنى دورىماسلىقى، ئۆزىنى بىلىپ، قۇيرۇقىنى قىسىپ يۈرۈ-شى لازىم ئىدى.

كاسىما كامىنىنى رەت قىلغاچقا، كامىن كاسىمانىڭ دادى-سىنىڭ ھاراق ساتىدىغان تىجارىتىنى توختىتىپ قويغانىدى. بۇنىڭغا كاسىمانىڭ دادىسىنىڭ ناھايىتى قورساق كۆپۈكى بار ئىدى. شۇڭا، ھازىر خاپىلىق بىلەن ئۆچلۈك بىرلىشىپ كەت-تى. ئۇ ئاغزىدا چايناۋاتقان تاماكا يۇرىقى ئارىلاش سىپارىنى بىر بۇلۇڭغا چىرتىندە تۈكۈرۈۋېتىپ قايناپ كەتتى:

— دادىسىنىڭ ئاش يەۋاتقان تاۋىقىنى چاقىدىغان بالىنى كۆرگەنمىدىڭ سەن! كۆرمىگەن بولساڭ كۆرۈپ قوي! ئۇ نەس كېپەندار مېنىڭ قىزىم شۇ!

— ھەي، نېمانداق نومۇس قىلمايدىغان نېمە سەن، بايرام-

نىڭمۇ يۈز ـ خاتىرىسىنى قىلماي، ئەجەب تىللايسىنا ئۇنى؟ كۆزۈمگە تولا سەت كۆرۈنمەي، يوقال! بولمىسا، ھېلى ئاغ-زىڭنى يىرتىۋېتىمەن.

كاسىمانىڭ دادىسى بېشىنى سىلىپ ماڭغىلى تۇرۇۋىدى، خوتۇنى ئۇنى ۋارقىراپ توختىتىۋېلىپ:

— ساڭا شۇ ھاراق سېتىشتىن بۆلەك ئوقەت يولى يوقمۇ؟ — دېدى، — سەنمۇ ئادەم بولغاندىكىن، ئەگرى يولدا ماڭماي، تۈز يول بىلەن پۇل تېپىپ باقساڭ بولمامدۇ!؟

كاسىمانىڭ ئانىسى بىرەر تاشنى ئېلىپ ئېرىنىڭ بېشىغا ئاتماقچى بولۇۋىدى، لېكىن يولدىن تاش تاپالمىدى. شۇڭا، يۈزىگە چاڭگال سېلىش ئۈچۈن يۈگۈردى. ئېرى قورققىنىدىن پاتىڭنى ئىككى قوللاپ تۇتقىنىچە بەدەر قاچتى.

## 33

نارمان تېغىنىڭ پەلەمپەي شەكىللىك تۇمشۇقى دېڭىزغىچە سوزۇلغانىدى. تارنا بىلەن كاسىما تاغنىڭ ئۈستىدە قۇياش-نىڭ پېتىشىنى تاماشا قىلىۋاتاتتى. قىپقىزىل بولۇپ كەتكەن يۇمۇلاق قۇياش دېڭىزغا ئاستا ـ ئاستا چۆككىلى تۇرۇۋىدى، تارنا نېمە ئۈچۈندۇر، تۇيۇقسىز ۋارقىراپ كەتتى:

— ۋاي، بولۇڭلار، قۇياشنى قۇتۇلدۇرۇڭلار! قۇياش چۆ-كۈپ كېتىۋاتىدۇ!

لېكىن، ھەش ـ پەش دېگۈچە دېڭىز قانغا بويالغاندەك قىزىرىپ كەتتى. غەرب ئاسمىنىدىكى بۇلۇتلار سىياھ تۆكۈل-گەندەك قارىغا بويالدى. دېڭىز سەتھىسىدە كەچلىك شامالنىڭ

مىسكىن ئىسقىرتىشى باشلاندى. تارنا قۇياشنى ئۇنتۇدى، قەلبىنى ئۇشتۇمتۇت مىسكىنلىك چۇلغىۋالدى. ئۇ چەكسىز دىڭىزغا قارىدى، ئۇنىڭغا قۇياش ئولتۇرغان جايدا ئۆزىنىڭ يۇرتى، ماكانى زاھىر بولغاندەك تۇيۇلدى. ئەنە، ئالتۇن شەپەققە چۈمكەلگەن تاغ، يۇرتىنىڭ تېغى! ئەنە، ئۆيى، گۆھەردەك نۇر چېچىپ، ئۇنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ تۇرغان ئۆيى! ئەنە، ئاپىسى ئىشىك تۈۋىدە چىراغنى تۇتۇپ ئۇنىڭ يولىغا قاراپ تۇرىدۇ. ئىنىسى يىراق يەردىن قوللىرىنى كېرىپ، ئانا سۈتى پۇراپ تۇرغان تىللىرى بىلەن ۋارقىرايدۇ: «قايتىپ كەل، تارنا!... قايتىپ كەل، ئاچا! بىزنى تاشلاپ نەلەرگە كەتتىڭ سەن؟»

تارنا جۇغىدە بولۇپ خىيالدىن ئېسىگە كەلدى ۋە يۇرىكىنى تۇتتى. ئۇھ... بۇ ئاقمايدىغان ئىشلارنى ئەجەب ئويلاپ كەتتى ئۇ! توۋا، چەكسىز ئاسمانغا قارىسىلا، نېمىشقا كۆز ئالدىغا ئاسمىنى كەڭرى يېزىسى كېلىۋالىدىغاندۇ؟ نېمىشقا ئۇنىڭ ئۆيى كۆز ئالدىغا كۈن نۇرىغا چۆمگەن ھالدا كېلىدىغاندۇ؟ نېمىشقا دولقۇنلارنى كۆرسىلا، كۆڭلى يىراقلارغا قانات قاقىدىغاندۇ؟ نېمىشقا؟...

تارنا بۇرۇلۇپ كاسىماغا قارىدى. كاسىمامۇ دېڭىزغا مەپتۇنلۇق بىلەن قاراپ تۇراتتى، كۆزلىرىدە ياش ئوينايتتى.

— سەنمۇ بىرنېمە كۆردۈڭمۇ؟ — تارنا قولى بىلەن دېڭىزنى كۆرسىتىپ دېدى، — ئاۋۇ يەردىن!

كاسىما كۆزىدىكى ياشنى ئېرتىۋېتىپ، زورىغا كۈلۈمسىرەپ دېدى:

— ھەئە. يەتتە رەڭلىك يولنى كۆردۈم.

— ئۇ يولدا كىچىك بىر ئۆي بارمىكەن؟



www.uyghurkitap.com

— ھەئە.

— ئۆينىڭ ئالدىدا ئىرىك جارنا ساقلاپ تۇرۇپتىمۇ؟

— ۋىيەي! — كاسىما شەلپەردەك قىزىرىپ، تارنانى قۇچاقلاپ، بېشىنى ئۇنىڭ گەجگىسىگە قويۇۋالدى، — تۇۋا، قانداق بىلىۋالدىڭ؟

— تۇۋا، مەنمۇ ئايال كىشى ئەمەسمۇ؟ — دېدى تارنا، — ئايال كىشى دېگەننىڭ ئارزۇ - ئارمىنى ئوخشاش بولىدۇ. مەنمۇ بىر كۈنى شۇنداق خىيال قىلغان، لېكىن ئۇ چاغدا. . . — تارنانىڭ ئاۋازى سەل بوغۇلۇپ چىقتى، — ئۇ چاغدا راجۇ بىلەن ئىككىمىز بىللە ئىدۇق.

توي قىلغۇچىلارنىڭ تاماشا قىلىشى ئۇچۇن دېڭىز بويىغا ياسالغان ئۇزۇن تۇغان، يىراقتىن سوزۇلۇپ ياتقان شەلپەردەك كۆزگە تاشلىناتتى. ئۇ يەردە چىرايلىق، پۈزۈر كىيىنىۋالغان نەچچە يۈز جۈپ يېڭى توي قىلغان قىز - يىگىتلەر ئەتراپقا قاراپ - قاراپ تويمايتتى. تۇغان يېنىدىكى تاش يولدا ھەر خىل گۈل، بايراقچىلەر بىلەن بېزەلگەن يالتىراق پىكاپلار ئاستا كېتىۋاتاتتى.

تارنا بىلەن كاسىما تاش يولدىن ئۆتۈپ چېركاۋ دەرۋازىسى كوچىسىغا ماڭدى. ئۇ يەردە نۇرغۇن چوڭ مېھمانخانىلار، ماگىزىنلار بار ئىدى. دۇكانلارنىڭ ئادەم بويىدىن ئېگىز دېرىزىلىرىگە چىرايلىق كىيىملەر كىيدۈرۈلگەن پلاستىك مودېللار قويۇلغانىدى. سىپارى ساتىدىغانلار كۈمۈش تەخسىلەرگە زەر رەڭ، كۈمۈش رەڭ ياپراقچىلارغا ئورالغان سىپارىلارنى تىزىۋاتاتتى. يەسمەن گۈلى ساتىدىغان قىزلار كۆزلىرىگە قېنىق سۈرمە تارتىۋالغان بولۇپ، قاپقارا قاش - كىرپىكلىرى

بىلەن خېرىدارلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇراتتى، سىزىۋقىراق ئەرلەر كېلىپ قالسا، ئۇلارغا بىر دەستە ئەمەس، بىرنەچچە دەستە گۈلنى زورلاپ بىراقلا سېتىۋالاتتى.

تارنا بىلەن كاسىما مېڭىپ، قانداقلارچە مۆھتار تۇرلۇك ماللار شىركىتىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قې-لىشتى. مۆھتارنىڭ بۇ يەتتە قەۋەتلىك ماگىزىنىنىڭ تۆۋىدە بىرمۇنچە ئادەم ئاسمانغا قاراپ تۇراتتى. بۇ بىنانىڭ ئەڭ ئۈس-تىدە بىر گۈمبەز بولۇپ، ئەتراپى بامبۇك ۋە ئېلېكتر سىملى-رى بىلەن قورشالغان، ئۈستىدە سان ـ ساناقسىز لامپۇچكىلار بار ئىدى.

كىشىلەرنىڭ «قاراڭلار، قاراڭلار!» دەپ ۋارقىراشقىنىد-نى ئاڭلاپ، تارنا بىلەن كاسىمامۇ بېشىنى كۆتۈردى.

بىر ئادەم ئېگىز بىنانىڭ يۇقىرىسىدىكى گۈمبەزگە ھەدەپ يامىشىۋاتاتتى. خەقلەر يىراقتىن قارىغاندا خۇددى ياغاچ ئويۇن-چۇقتا ئوخشايدىغان ئۇ ئادەمنى كۆرسىتىشىپ غۇلغۇلا قىلى-شىپ كەتتى:

— ئۇ كىمدۇ؟

— نېمە قىلىۋاتىدۇ ئۇ؟

— ئۆلگىلىۋاتىدۇ، — تارنانىڭ يېنىدىن تونۇش بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. تارنا بۇرۇلۇپ قاراپ مۆھتاربەگنى كۆردى. ئۇ ھەدەپ سېسىق گەپ قىلىۋەردى، — بۇ يالاڭتۆشلەر پۇل ئۈ-چۈن نېمە ئىشلارنى قىلمايدۇ؟ ئاشۇ گۈمبەزدىكى توك يولىغا بىر قاغا كىرىپ قېلىپ چىراغلارنى يانماس قىلىپ قويۇپتۇ. چىراغلار توك يولىنى ئوڭشىغاندا ئاندىن يانىدۇ. ئاۋۇ ئادەم ئاشۇنى ئوڭشايمەن، دەپ، جېنىنى تىكىپ چىقىپ كېتىۋاتىد-



www.uyghurkitap.com

ىدۇ.

— توكچىما ئۇ ئادەم؟ — تارنا مۆھتاردىن سورىدى.

— ۋۇي، ياق، تارنا، — مۆھتار تارنانى كۆرۈپ ناھايىتى ھاياجانلىنىپ سۆزلىدى، — بىر سەھەرلىق. ھازىرلا تېخى ماگىزىندا ئىدى، مەن ئۇنىڭغا سىمنى قانداق ئۇلايدىغانلىقىنى دەپ بېرىۋاتاتتىم. . . لېكىن، ئۇ بەك ئالدىراپ كەتتى، گېپىمنى چالا - پۇچۇق ئاڭلاپلا، يېزامغا قايتىدىغان ھەم ئىككى ئۆكۈز سېتىۋالىدىغان پۇل بەرسىڭىزلا بولدى، دەپ ئۇستىگە چىقىپ كەتتى.

— ئىككى ئۆكۈز؟ — تارنانىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى، گېپىنىڭ ئاخىرىنىمۇ دېيەلمىدى، يۇقىرىغىمۇ قارىيالمىدى، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. تۇيۇقسىز، كاسىما ئۇنىڭ قولىنى تارتىپ پىچىرلىدى:

— راجۇ ئىكەن، راجۇ!

— ۋاي، ئۇ چۈشۈپ كەتتى. . . چۈشۈپ كەتتى! — ئادەملەر چۇرقىرىشىپ كەتتى.

ئۇستىگە يامىشىۋاتقان ئادەم گۈمبەز ئەتراپىدىكى بامبۇك تارىشىدىن پۇتى تېيىلىپ كېتىپ، سىيرىلغىنىچە ئاخىرقى بىر تارىشىغا ئېسىلىۋالغانىدى. پۇتى مۇئەللەقتە ساڭگىلاپ تۇراتتى. شۇنىڭدىن نەچچە يۈز ئىنگلىز چىسى پەستە پىيادىلەر يولى بار ئىدى.

— ئاناڭنى، ماڭا ئۆلۈپ بېرىدىغان بولدى، — دەپ يەنە سېسىق گەپ قىلغىنىچە تۇردى مۆھتار، — پۇل ئۇچۇن جېنىدىن كېچىدىغان نېمىكەن. بىزنىڭ توكچى قورقۇپ چىقمىغان يەرگە، بۇ ئەخمەق چىقىمەن، دەپ تۇرۇۋالدى ئەمەسمۇ. تېخى،

ئۆلسەممۇ، تىرىك قالسامىمۇ، ئىككى ئۆكۈزنىڭ پۇلىنى بېرد-
ىسىز، دەيدۇ. ئەسلى ئۆزىمۇ ئۆكۈزدەك دۆت نېمىكەن.
ھا. . . ھا! — مۇھتاژ قاقاقلاپ كۈلدى.

راجۇ ئېگىز بوشلۇقتا تارىشىغا ئېسىلغىنىچە سەل پۇلاڭ-
لاپ تۇرۇپ، خۇددى دارۋازدەك چاققانلىق بىلەن بىرلا موللاق
ئېتىپ ئۈستىدىكى تارىشىغا دەسسەپ ئۆرە بولۇۋالدى. بۇ
چاغدىمۇ ئۇنىڭ گۇمبەز بىلەن بولغان ئارىلىقى خېلى بار ئى-
دى.

— راجۇ، بولدى، چىقما! — تارنا پەستە تۇرۇپ شۇنداق
ۋارقىرىدىكى، ئەتراپتىكىلەر ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قاراپ
قېلىشتى. مۇھتارمۇ ھەيران بولدى:

— سىز ئۇنى تونۇمسىز، تارنا؟ مەن سىزنى بومبايدا
ھېچقانداق ئەر كىشىنى تونۇمايدۇ ھەم تونۇشنى خالىمايدۇ،
دەپ ئويلاپتىكەنمەن.

— راجۇ. . . راجۇ. . . — تارنا شەھەردە ئەمەس، جاڭگال-
دا تۇرۇۋاتقاندەك توۋلاۋەردى، لېكىن راجۇ بەك ئېگىزدە بول-
غاچقا، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالمىدى.

تارنا مۇھتاردىن سورىدى:

— گۇمبەزگە قانداق چىققىلى بولىدۇ؟

— سارالڭ بولماڭ! — دېدى مۇھتار تارنانىڭ قولىغا
ئېسىلىپ، — يەتتىنچى قەۋەتكىچە لىفت بىلەن چىققىلى بولى-
دۇ، لېكىن گۇمبەزگە كىرىش ئۈچۈن چوقۇم بامبۇك تارىشا
يېپىشتۇرۇلغان يەردە ماڭماي بولمايدۇ. بامبۇك تارىشىلار چىرىپ
كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىدە مېڭىش ئۆلۈش بىلەن باراۋەر. تونۇك-
نى ھۇددىگە ئالغان لەنتىمۇ ئەسلى ئالدامچىكەن. . . تونۇگۈن

بىرى شۇ يەرگە چىقىمەن، دەپ چۈشۈپ كەتتى. ھېلىقى لەنتى ئالدامچىمۇ قاچتى!

— مۇشۇنداق ئەھۋالدا، سىز ئۇنى ئاشۇ يەرگە چىقار-دىڭىزمۇ؟ — تارنا غەزەپ بىلەن ھومىيىپ سورىدى.

— قانداق قىلىمەن ئەمىسە؟ بۈگۈن سەككىزىنچى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى. مېنىڭ ماگىزىنىم قاپقاراڭغۇ تۇرۇشى كېرەكما؟ بۈگۈن مېنىڭ بۇ تۇرلۇك ماللار شىركىتىمنى قاد-چىلىك ئادەم كۆرگىلى كېلىدۇ، بىلەمسىز؟!

— بۇ گەپچە، ئۇنى ئۆلسۇن دەپسىز- دە!؟ گۇمبەزدە بولمىغىنى بىلەن ئۆيىڭىزدىغۇ چىراغ بار بولغىيتى؟ شۇ يەت-مەمتى سىزگە؟

— ئۇنى مەجبۇرلىمىدىم! — دېدى مۆھتار ئۆزىنى ئاق-لاپ، — ئۇمۇ مەندىن بىرنېمە ئۈندۈرۈۋالماقچى. بۇ دۇنيادا ھەممە ئادەمنىڭ باھاسى بولىدۇ. ئۇمۇ ئۆزىگە چۈشلۇق باھانى قويدى، مەن قوشۇلدۇم. بۈگۈن بىنايىمنىڭ چىراغلىرىنى كۆ-رىمىز، دەپ كەلگەن ئادەملەرنى نائۈمىد قايتۇرسام بولماس، ھەرقانچە بولسىمۇ؟

## 34

تارنا مۆھتاردىن شارتتىدە قولىنى تارتىپ تۇرلۇك ماللار شىركىتىنىڭ بىناسى تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى.

— ۋاي، تارنا، تارنا، نەگە؟ — دەپ ۋارقىرىغىنىچە مۆھ-تار بىلەن كاسىما ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى.

لېكىن، تارنا ئۇلار كېلىپ بولغۇچە لىفتنى ئېتىپ، كۆ-

www.uyghurkitap.com

نۇپكىنى بىسىپ يەتتىنچى قەۋەتكە كۆتۈرۈلدى ۋە يەتتىنچى قەۋەتكە چىقىپلا پەلەمپەي تەرەپكە يۈگۈردى، «راجۇ! راجۇ! » دەپ توۋلىغىنىچە، قىيا ئوچۇق بالكون ئىشىككە كېلىپ توختاپ قالدى. بالكوننىڭ بىر تەرىپىدە ئىچىگە نۇرغۇن تۈك كۆنۈپكىلىرى ئورنىتىلغان ياغاچ ئىشكاپ ئىشىكلىرى ئوچۇق هالدا تۇراتتى. بالكوننىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى تامنىڭ سىرتىدا بىر تال ئارغامچا ئېسىقلىق تۇراتتى. تارنا بېشىنى بالكوندىن سىرتقا چىقىرىپ قاراپ راجۇنىڭ مۇشۇ ئارغامچا بىلەن گۇم-بەز تەرەپكە ئۆتكەنلىكىنى پەرەز قىلدى. راجۇ ئەمدى گۇم-بەزنىڭ يېرىمىغىچە ياماشقان بولۇپ، تۈك يولىنى قالايمىقانلا-شتۇرۇۋەتكەن قاغا ھېلىمۇ گۇمبەزنىڭ ئۈستىدىكى ئېلېكتر سىملىرىنىڭ ئىچىدە ياتاتتى. تارنا كۆزىنى يۇقىرىدىن ئېلىپ پەسكە قارىۋىدى، بېشى پىررىدە قايدى. ئۇ بالكوننىڭ شادى-سىنى مەھكەم تۇتۇپ كۆزىنى يۇمدى ۋە چوڭ - چوڭ نەپەس ئالدى، ئۆزىنى سەل تىنچلاندۇرۇۋالغاندىن كېيىن يەنە بالكون-دىن بېشىنى چىقىرىپ يۇقىرىغا قاراپ:

— راجۇ! راجۇ! چىقما! — دەپ ۋارقىرىدى.

يۇقىرىغا يامىشىۋاتقان راجۇ تۇيۇقسىز توختاپ قولى بىلەن گەۋدىسىنى شۇنداق تىرىۋىدى، دەسسەپ تۇرغان بامبۇك تارى-شىسىدىن يەنە بىرى سۇنۇپ كېتىپ، تېيىلغىنىچە، كاپپىدە يەنە بىر بامبۇكقا ئېسىلىۋالدى. سۇنغان تارىشا تېيىلىپ - تېيىلىپ، نەچچە يۈز ئىنگلىز چىسى تۆۋەندىكى يەرگە چۈ-شۈپ كەتتى. پەستىكى ئادەملەر تەرەپ- تەرەپكە قاچتى. ئۇلار يۇقىرىدىن خۇددى ھەرىكەتچان ئويۇنچۇقلاردەك كۆرۈنەتتى.

راجۇ پەسكە قاراپ بالكوندا تۇرغان تارنانى كۆردى.

— گېپىمنى ئاڭلا، راجۇ! ئۈستىگە چىقما. . . ئۆزۈڭنى

خاراب قىلما! مېنىمۇ خاراب قىلما!

راجۇ كۈلدى ۋە تارناغا قاراپ:

— ئەمىسە دېگىن، مېنى كەچۈرەمسەن؟ — دېدى.

— ماقۇل، ماقۇل، كەچۈرەي! — دېدى تارنا يىغلاپ.

— ئەمدى سەندىن خاپا بولمايمەن، دېگىن!

— ئەمدى سەندىن خاپا بولمايمەن.

— سېنى سۆيىمەن، دېگىن.

— سېنى... سېنى... ماڭەۋاي... ئۇيالماي قانداق ئۇ گەپنى قىلىمەن؟

— ئەمىسە دېمىسەڭ، مەن چىقىۋېرىمەن، — راجۇ قولىنى يۇقىرىدىكى بامبۇكقا ئۇزاتتى.

— ۋاي... ياق... — تارنا جىددىيلىشىپ كەتتى، — ماقۇل، ماقۇل، مەن دەي، سېنى... سېنى... سېنى سۆيىمەن! — شۇنداق دەپ بولۇپ، ئۇ يەنە دەرھال، — ئەجەب قېلىنكەنسەن! — دېدى - دە، قوللىرى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋالدى.

— ئەمدى مەن چوقۇم ئۇستىگە چىقىشىم كېرەك، چۈنكى سەن مېنى سۆيىدىغان بولدۇڭ، — دېدى راجۇ تويۇقسىز ئاجايىپ خۇشاللىق بىلەن قەتئىي ئاھاڭدا.

— ياق، چىقما، ھەرگىز چىقما! ماڭا ئۆكۈز كېرەك ئەمەس، سېنىڭ جېنىڭ كېرەك، راجۇ. مەن ئۇچۇن سەن تىرىك تۇرۇپ بەرمىسەڭ بولمايدۇ! سەنسىز ماڭا بۇ دۇنيا ھارام! نېمىشقا گېپىمنى ئاڭلىمايسەن؟

— بۇ ئىشقا تەۋەككۇل قىلىپ سايتىمەن، ئاخىرىغا چىدىقارمىسام بولمايدۇ. قارىغاندا ئىككى ئۆكۈزگە ئىگە بوپتىمەن.

— مەن ئۇچۇن بولسىمۇ، ئېھتىيات قىل! خۇدا ھەققى، جېنىڭغا ھېزى بول، تېخى تۇنۇگۇنلا بىرى ئۇ يەردىن.

تۇيۇقسىز، بامبۇك تارىشىنىڭ يەنە بىرى سۇنۇپ يەرگە چۇشۇپ كېتىۋىدى، تارنا ۋارقىراپ سالدى.

بۇ ۋارقىراش بېسىلىپ بولغۇچە، راجۇ بىرلا ئىرغىپ گۇمبەزنىڭ ئۇستىگە چىقىپ بولغانىدى. تارنانىڭ يۇرىكى گۇپۇلدەپ سوقۇپ كەتتى، تېخى باياملا راجۇ ئېسىلىپ قالغان، تارنا كۆزىنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ئۇنىڭ ئۇستىگە چىقىپ بولغىنىنى قارىماي قالغانىدى!

پەستىكى ئادەملەرنىڭ ئالقىش سادالىرى خۇددى دېڭىز شاۋقۇنىدەك ئاڭلاندى.

راجۇ سەل توختاپ ئۆزىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ھېلىقى ئۆلۈك قاغىنى توك سىملىرىنىڭ ئۇستىدىن ياغاچ بىلەن ئېلىپ تاشلىۋەتتى، ئاندىن توكچىنىڭ دەپ بەرگىنى بويىچە ئىككى تال سىمنىڭ ئۇچىنى بىر - بىرىگە ئۇلىۋېتىپ، پەسكە ئاستا چۇشۇشكە باشلىدى. بىرىنچى بامبۇكنى دەسسەپ، ئىككىنچى بامبۇكقا ئۆتتى. ئۇچىنچى بامبۇك يوق ئىدى. ئۇ پۇتۇن ئېسىنى يىغىپ تۇرۇپ تۆتىنچى بامبۇكقا سەكرىدى. بۇ ئاخىرقىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئېغىرلىقى ۋە سەكرىشىدىن بۇ بامبۇك لىڭشىپ، ھېلىلا سۇنۇپ كېتىدىغاندەك غىرىسلاپ كەتتى.

تۇيۇقسىز، راجۇ بامبۇكنى قويۇۋېتىپ بىرلا سەكرەپ تامدىكى تۆمۈر ئىلگەككە ئېسىلىۋالدى. شۇ تاپتا، ئۇ تارنانىڭ ئالدىدىكى سالاسۇنىنىڭ ئالدىدا سائەت مايانىكىدەك پۇلاڭشىپ تۇراتتى.

تارنا كاپلا قىلىپ ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى كۆچەپ تارتىپ بالكوننىڭ ئىچىگە ئەكىرىۋالدى. راجۇ ئار-غامچىنى ئاستا قويۇۋەتتى.

تارنا ئۇنى ئۇزۇنغىچە قۇچاقلاپ تۇردى، كۆزلەر يۇمۇق، چىرايلار تاتارغان، چاچلار قالايمىقان. . . شۇ تاپتا بىر - بىرى-گە قوشۇلۇپ كەتكەن ئىككى يۈرەك مۇھەببەت دېڭىزىدا ئې-گىز - پەس بولماقتا ئىدى. بۇ هاياتلىق يۈكسەكلىكىدىكى مۇھەببەت گۈمبىزىدە لەرزىگە كەلگەن ئىككى تەننىڭ، ئىككى جاننىڭ، ئىككى روھنىڭ ئۇچراشقان يېرى ئىدى. بۇ يەردە سۆيگۈنىڭ ئۇزۇك رىشتىسى ئاخىر ئۇلاندى.

تۆۋەندە قالغان مىڭلىغان ئادەم خۇشال قىقاس - چۇقان سېلىشۋاتاتتى. راجۇ كۆزىنى ئېچىپ:
— ئاۋۇ توك چاتقۇچنى بېسىۋېتەيلى، — دېدى.
— قايسىنى؟
— ئەڭ ئۈستىدىكىنى، ماۋۇنى. . . — راجۇ بىر قولىدا تارنانى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، يەنە بىر قولىدا ئەڭ ئۈستىدىكىنى باستى - دە، خۇشاللىق بىلەن، — مانا قارا، ياندى! — دەپ توۋلىدى.
راجۇ بىلەن تارنا ئىككىسى بالكوندىن سىرتقا قارىدى.
گۈمبەزدىكى ھەممە چىراغ ياندى، يەنە بىنانىڭ تېمىدىكى چىراغلارمۇ يېنىپ كەتكەنىدى. تاملار، دېرىزىلەر، ئەگمە ئىشىكلەر، بالكونلار، گۈمبەز، مۇنار، ئىشقىلىپ ھېچ يەر قاراڭغۇ ئەمەس، مۇھتارنىڭ تۇرلۇك ماللار ماگىزىنىدىن دېڭىز ساھىلى مېھمانخانىسىغىچە بولغان ھەممىلا يەر ئېلېكتر چىرى-

غىنىڭ يورۇقىدا كۈندۈزدەك يورۇپ كەتكەندى.

تارنانىڭ كۆزلىرىدە ئالتۇندەك نۇرلار يالتىرىدى، چىرايىدىمۇ ئاجايىپ بىر جۇشقۇنلۇق ئوينايتتى. ئۇ كۈلۈمسىرىگىنىچە راجۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ دېدى:

— يۈر، پەسكە چۈشەيلى!

ئۇ ئىككىسى لىفت بىلەن پەسكە چۈشكەندە نەچچە يۈزلىگەن ئادەم راجۇنى ئورىۋالدى ۋە ئۇنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈردى، ئۇنىڭ شەرىپىگە غەلىبە ناخشىسىنى ۋە شۇئارلارنى توۋلاشتى.

ئۇ بۈگۈنكى كېچىنىڭ قەھرىمانى، چۈنكى ئۇ يورۇقلۇق ئېلىپ كەلگەن، ھاياتىنىڭ خەتەرگە ئۇچرىشىدىن قورقماي ئېگىز گۈمبەزگە چىقىپ كىشىلەر ئۈچۈن يورۇقلۇق ئېلىپ كەلگەن. بۈگۈن كىشىلەر يورۇقلۇققا موھتاج. ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى تولىمۇ قاراڭغۇلۇق بېسىپ كەتكەن، شۇڭا ئۇلار بۈگۈن چوقۇم يورۇقلۇققا ئېرىشمىسە بولمايتتى.

# 35

بەستىلىك بىر يىگىت راجۇنى دولىسىغا مىندۈرۈۋالغانىدى. ئۇ ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئويناقشىپ تازا بىر مېڭىۋېتىپ راجۇنى يەرگە تاشلىۋەتتى. راجۇ ئۇنىڭغا قاراپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇتتۇرا بويلۇق، بەردەم بۇ يىگىت مۇھەممەدەپ ئىدى.

— مۇھەممەدەپ! — راجۇ ھاياجانلىنىپ ۋارقىرىغىنىچە ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلدى ۋە تارناغا، — قارا، تارنا، بىزنىڭ

مۇھەممەت! — دېدى.

تارنامۇ خۇشال كېلىپ مۇھەممەتتىن سورىدى:

— ھېلىقى بەختىيارچۇ؟ ئۇ قېنى؟

— ئەنە يېنىڭىزدا تۇرمامدۇ؟!

بەختىيارنى كۆرۈپ راجۇ بىلەن تارنا ئۇنى ئورىۋالدى.

— بومبايغا كېلىپ قاپسىلەرغۇ؟ — سورىدى تارنا.

— بىز بۇ يەرگە، — دېدى بەختىيار، — خوجايىنىنىڭ مېلىنى ئىندورغا توشۇش ئۈچۈن كەلگەن. مۇھەممەت ئەتە سەككىزىنچى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى ئىكەن، بومباينىڭ تاماشىسىنى كۆرۈۋېتىپ كېتەيلى، دېگەنىدى، شۇڭا قالغان.

— سىلەر ھازىر قەيەرگە بارىسىلەر؟ — سورىدى راجۇ.

— بۇ يەردىن ئىندورغا، ئىندوردىن دېھلىغا، دېھلىدىن ئامەردېرغا... ئاندىن ئامەردېردىن پاتانكوتقا بارىمىز، — دېدى بەختىيار.

— پاتانكوتتىن بىرەر يەرگە بارغۇڭلار يوقمۇ؟ — سورىدى مۇھەممەت خۇشال ھالدا راجۇ بىلەن تارناغا تىكىلىپ.

— بارىمىزمۇ؟ — راجۇ بىلەن تارنا بىر - بىرىگە قارىشىپ تەڭلا سورىدى، كۆزلىرىدە شادلىق ئۇچقۇنى چاقنايتتى.

— ماشىناڭلار قەيەردە؟ — تارنانىڭ ئاۋازى تىترىدى.

— ئەنە، بىنانىڭ قېشىدا تۇرمامدۇ!

راجۇ تارنانىڭ قولىنى تۇتۇپ:

— ئېيتقىنا، خانىشىم، كېتەمدۇق؟... ئاتا - ئاناڭغا، ئۇرۇق- تۇغقانلىرىڭغا قارشىلىق كۆرسەتكۈدەك جۈرئىتىڭ بولسا، كېتەيلى. مېنىڭمۇ ئىككى ئۆكۈزۈم بار بولدى مانا، — دېدى - دە، ئۇنىڭغا مۇھتاربەگ بەرگەن پۇلنى كۆر-

سىتتىپ قويدى. تارىنا ئويلانمايلا ئۇنىڭغا كەسكىن قاراپ ئۇ-نىڭ قولىنى چىڭ سىقىمدىدى ـ دە، دېدى:

— يوق، كەتتۇق!

ئۇ ئىككى قەدەم مېڭىپلا توختاپ كاسىماغا قارىدى ـ دە، قولىنى راجۇنىڭ قولىدىن بوشىتىپ، يۈگۈرۈپ بارغىنىچە كا-سىمانىڭ بوينىغا ئېسىلىپ، ئۆكسۈپ تۇرۇپ:

— مەكتىپىمگە قىيالمايۋاتىمەن، — دېدى.

كاسىما كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، مەڭزىنى تارىنانىڭ مەڭزىگە يېقىپ:

— مەكتىپىڭگە مەن بار، — دېدى، — گەنكاتېر تاغام بىلەن ئىككىمىز باشقۇرىمىز. . . سەن كېتىۋەر، بېرىپ يېزاڭ ئۈچۈن خىزمەت قىل، بۇ كوچىمىز ئۈچۈن مەن خىزمەت قىلاي. ماڭ، تارىنا. . . ۋاقىتنى ئۆتكۈزمە. . . لېكىن، چوقۇم خەت ياز، جۇمۇ!

تارىنا كاسىما بىلەن خوشلىشىپ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا مۆھتار ئالدىنى توسۇۋالدى:

— كەتمەڭ، تارىنا. . . مەن. . . مەن بۇ ماگىزىنىمنى سىز-نىڭ نامىڭىز بىلەن ئاتايمەن.

— ھە، يەنىچۇ؟ — تارىنا ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ سورىدى.

— سىزگە توقۇمىچىلىق فابرىكامنى بېرىمەن.

— يەنىچۇ؟ — تارىنا قولىنى قارسىلدىتىپ سورىدى.

— يەنە نېمە كېرەك؟. . . دەڭە، ئۆزىڭىز دەڭ. . . سىز-گە نېمە كېرەك؟. . . ئۆزىڭىزنىڭ باھايىڭىزنى دەڭە، مەن بېرەي مانا!

تارنا مۆھتارنىڭ دۆتلۈكىدىن كۈلگۈسى كېلىپ مۇنداق دېدى:

— مۆھتار بېگىم، سىز نېمانچە دۆت. توۋا، بۈگۈنكى ئىشتىنمۇ تەجرىبە ـ ساۋاق ئالمىدىڭىزمۇ؟

— راجۇ ھەقىقەتەن باتۇركەن، لېكىن ئۇمۇ ئۆزىنىڭ باھاسىغا چۇشلۇق پۇل ئالدىغۇ.

— ئىنسان باتۇرلۇقىنى پۇل ئۇچۇن قىلمايدۇ، بىزنىڭ يۇرتنىڭ قائىدىسى شۇنداق... راجۇنىڭ ئېرىشكەن پۇلى ئۆزىنى سېتىپ تاپقان پۇل ئەمەس، بەلكى سىزنى ئۇتۇپ تاپقان پۇل... ئۇ ئۇتتى، سىز ئۇتتۇردىڭىز... سىزنىڭ ھەممە نېمىڭىز بار... بىنايىڭىز، زاۋۇتىڭىز، بانكىڭىز، ماگىزىنىڭىز... لېكىن، بۇلارنىڭ ھەممىسىگە يورۇقلۇق بولمىسا بولمايدۇ. سىزنى يورۇقلۇققا ئاشۇ چىۋەر، ئەمگەكچان قوللار ئېرىشتۇردى.

تارنا راجۇ بىلەن بىللە ماشىنىغا چىقتى. مۆھتار پەستە ئۇمىدسىزلەنگەن ھالدا ۋارقىرىدى:

— ئۇنداق قىلماڭ... ئۇنداق قىلماڭ!... قېنى، باھايىڭىزنى ئېيتىڭ! مەن ئەزەلدىن ئادەم سودىسى قىلىۋاتىمەن، مەن ئۇنىڭ ئېپىنى بىلىمەن، ئۇنداق قىلماي باھايىڭىزنى ئېيتىڭ!

مۇھەددەپ ماشىنىسىنى ئوت ئالدۇردى. تارنا كۈلۈپ ۋارقىرىدى:

— بېگىم، مېنىڭ باھايىم ئىككى ئۆكۈز ۋە بىر جۈپ ئەمگەكچان قول!

ماشىنا بىنانىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ يەنە بىر كوچىغا چىقتى.

www.uyghurkitap.com

مۆھتار ئاستا كېتىۋاتقان ماشىنىنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ:

— تارنا! . . . تارنا! . . . — دەپ ۋارقىرايتتى. تۇيۇقسىز، ئۇ بىرەيلەنگە سوقۇلۇپ يىقىلىپ چۈشتى. كاسسىما ئۇنى يۆلەپ كىيىملىرىنى قېقىشقا باشلىدى. شۇ ئارىدا ماشىنىنا دوقمۇشتىن قايرىلىپ كۆزدىن يوقالدى.

ماشىنىغا دۆۋە مال بېسىلغان. راجۇ بىلەن تارنا بىر-بىرىگە يۆلىنىپ، مېھىر بىلەن قارىشىپ ئولتۇراتتى. سۈپسۈزۈك ئاسماندا بىرە- بىرە ماموق بۇلۇتلار ئۈزۈشۈپ يۈرەتتى. ياپيېشىل يوپۇرماقلار ئۇلارنىڭ بېشىغا تېگىپ - تېگىپ قوياتتى. ئۇلار بومبايغا كەلگەندە يوپۇرماق چىقمىغان دەرەخلەردە، مانا ئەمدى مېۋىلەر ساڭگىلاپ تۇراتتى.

مانا، ئۇلار ئۇزۇن يۇرتىغا كېتىۋاتىدۇ، كەلگەن يولى بىلەن كېتىۋاتىدۇ. بۇ سايلار، تۈزلەڭلىكلەر، جىلغىلار، ئوتلاقلار رەڭدار لىنتىدەك سوزۇلۇپ ياتقان يول، پەرىزاتنىڭ كۆڭلىدەك تۈز يول، پالۋاننىڭ قەددىدەك رۇس يول! ئۇلار مۇشۇنداق مۇقەددەس يولدا كېتىۋاتىدۇ.

راجۇ نېينىنى چالدى.

مۇھەددەپنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان بەختىيار ياڭراق ئاۋازى بىلەن ناخشىنى باشلىدى:

غۇنچىلىرىڭ پورەكلەپ
ئېچىلدى، قىزچاق.
ساڭا ئوبدان جور - ھەمراھ
تېپىلدى، قىزچاق.

ئايغا يۈلتۈز جور بولار
مەڭگۈگە، قىزچاق.
ئاشىق - مەشۇق ئايرىلماس
ئەبەدكە، قىزچاق!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com
[General Information]
书名=流浪恋人　维吾尔文
SS号=40296206